جمعية خدمة المحتوى الإسلامي باللغات

جمعية الدعوة وتوعية الجاليات بالربوة

موسوعة الأحاديث النبوية
HadeethEnc.com

# ھەدىس شەرىپ
# ئېنسىكلوپېدىيەسىدىن تاللانما

المنتقى من موسوعة الأحاديث النبوية

أيغوري

ئۇيغۇرچە




HadeethEnc.com

# المنتقى

من

# موسوعة الأحاديث النبوية

اللغة الأيغورية

## إعداد القسم العلمي

جمعية خدمة المحتوى
الإسلامي باللغات

جمعية الدعوة
وتوعية الجاليات بالربوة

ⓗ جمعية خدمة المحتوى الإسلامي باللغات ، ١٤٤٦هـ

جمعية خدمة المحتوى الإسلامي باللغات
المنتقى من موسوعة الأحاديث النبوية - أيغوري. / جمعية خدمة المحتوى الإسلامي باللغات - ط١. .- الرياض ، ١٤٤٦هـ
٤١٧ ص ؛ ..سم

رقم الإيداع: ١٤٤٦/١٦٥١٢
ردمك: ٨-٩٧-٨٥٢٤-٦٠٣-٩٧٨

شركاء التنفيذ :

دار الإسلام — بيان الإسلام — رواد التراجم — المحتوى الإسلامي

يتاح طباعة هذا الإصدار ونشره بأي وسيلة مع الالتزام بالإشارة إلى المصدر وعدم التغيير في النص

Tel : +966 50 244 7000
info@islamiccontent.org
Riyadh 13245-2836
www.islamiccontent.org

**.ناھايىتى شەپقەتلىك دائىمى  مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

## كىرىش سۆز

**بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن.**

مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى تەلىم ئالغاندىن كېيىن ئوقۇش، پىكىر قىلىش ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش قاتارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەڭ زۆرۈر بولغان كاتتا ئىشلارنىڭ بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەھمىيەت بېرىشتۇر.پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:»**ئى ئىنسانلار !مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار ئەبەدىي ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم«**].ئىمام مالىك رىۋايىتى.[ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: »**پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار«**].سۈرە ھەشىر 7-ئايەت.[شۇنىڭ ئۈچۈن رەبۋە رايۇنلۇق دەۋەت تەشۋىقات جەمئىيتى ئىسلامى مەزمۇنلارنى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ، ھەدىس شىرىپ ئېنسكلوپېدىيەسىنى ھازىرلاپ نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلدى.

**بۇ ھەدىس ئېنسكلوپېدىيەسى مۇسۇلمانىنىڭ دىنى ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان تاللانغان ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئۇ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى روشەن بايان قىلىنىپ، ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلدى ۋە بەزى پايدىلىرى بايان قىلىنىدى .كىتاپ بۇ ماۋزۇ بىلەن ،چىقىرىلدى»:ھەدىس شىرىپ ئېنسكلوپېدىيەسىدىن تاللانما«تەرجىمە خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغانلار بۇ ھەدىسلەرنى ھازىر دۇنيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەر قايسى تىللاردا يەتكۈزۈشنى ۋە پايدىسىنىڭ ئومۇمى بولىشىنى مەقسەت قىلىدۇ.**

**ئاللاھ تائالادىن بىزنىڭ قىلغان مۇشۇ خىزمەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى، بۇ خىزمەتنى خالىس ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلىشنى ، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش، تەرييارلاش ۋە نەشىر قىلىش جەريانىدا ماددىي ۋە مەنەۋىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەجرى ئەزىم ئاتا قىلىشنى سورايمىز.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.**

(1) – عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّةِ، وَإِنَّمَا لِامْرِئٍ مَا نَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ وَرَسُولِهِ، فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ وَرَسُولِهِ، وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أَوِ امْرَأَةٍ يَتَزَوَّجُهَا، فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ».

وفي لفظ للبخاري: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى». [صحيح] - [متفق عليه]

(1) – ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر، ئىنسان نىيمىنى نىيەت قىلسا شۇ بولىدۇ، بىر كىشى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى دەپ ھىجرەت قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن بولىدۇ. بىر كىشى مال-دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىرەر گۈزەل ئايال بىلەن توي قىلىش مەقسىتىدە ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسە ئۈچۈن بولىدۇ« .بۇخارىينىڭ لەپزىدە: »ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ«. دەپ كەلگەن. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر ئەمەلنىڭ نىيەتكە كۆرە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئىبادەت، مۇئامىلات قاتارلىق ھەممە ئەمەللەردە شۇنداق بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلى بىلەن بىرەر مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلىگە ساۋاپ بېرىلمەيدۇ لېكىن ئۇ كىشى مەقسەت قىلغان مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلسا، گەرچە قىلغان ئەمىلى يېمەك-ئېچمەككە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىشلاردىن بولسىمۇ نىيىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ئەجىر-ساۋاپقا نائىل بولىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نىيەتنىڭ كۆرۈنۈشتە ئەمەل بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بايان قىلىپ بەردى، ۋە يەنە: بىر كىشى ئۆز ۋەتىنىنى تەرك قىلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى شەرئەتتە قوبۇل قىلىنىدىغان ھىجرەت بولۇپ، نىيىتىدىكى سەمىمىيەتكە كۆرە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ. بىر كىشى دۇنيا مەنپەئەتىنى مەقسەت قىلىپ مال-دۇنيا، يۈز-ئابرۇي، تىجارەت ياكى توي قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەتلەر بىلەن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ

كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ھىجرىتىدىن پەقەت مەقسەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ئۇ كىشىنىڭ ئەجىر-ساۋاپتىن نەسىۋىسى بولمايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئىخلاسمەن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئەمەللەردىن پەقەت ئۆزىنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.
2. ئىنسان ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلغان ئەمەللەرنى ئۆرپ-ئادەت چۈشەنچىسى بىلەن قىلسا، ئۇ ئىشنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلمىغۇچە مەزكۇر ئەمەلگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

(4560)

(2) – عَنْ عَائِشَةَ رضي الله عنها قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «**مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ فِيهِ فَهُوَ رَدٌّ**» متفق عليه.

ولمسلم: «**مَنْ عَمِلَ عَمَلًا لَيْسَ عَلَيْهِ أَمْرُنَا فَهُوَ رَدٌّ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(2) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدە يوق بولغان بىر ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ**«. بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: «**كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغان بىر ئىشنى قىلسا ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ**»دەپ كەلگەن.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىندا بولمىغان يېڭى بىر ئىشنى دىندا پەيدا قىلغان ياكى قۇرئان-ھەدىستىن دەلىل بولمىغان بىر ئىشنى دىندىن دەپ قىلغان كىشىنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۆز ساھىبىغا قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىبادەتنىڭ قۇرۇلمىسى كىتاب-سۈننەتتە كەلگەن دەلىلگە كۆرە بولىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت، خۇراپات ۋە يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان يول بويىچە ئىبادەت قىلمايمىز بەلكى شەرىئەت يولغا قويغان دەلىل بويىچە ئىبادەت قىلىمىز.

2. دىن دېگەن كۆز قاراش ۋە چىرايلىق كۆرۈش بىلەن بولمايدۇ، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ.

3. بۇ ھەدىس دىنىنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

4. بىدئەت دېگەن: ئەقىدە، سۆز-ھەرىكەتلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارنىڭ دەۋرىدە بولمىغان، كېيىن دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان بارلىق نەرسىلەردۇر.

5. بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ ئاساسىدىن بىر ئاساستۇر، بۇ ئەمەللەر ئۆلچەمگە ئوخشاشتۇر، ھەرقانداق ئەمەل بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنمىسا ئۇنى قىلغان كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلمەيدۇ. ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولمايدىكەن ئۇ ئىش قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرىلىدۇ.

6. يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار؛ دىنى ئىبادەتلەردىن بولسا چەكلىنىدۇ ئەمما دۇنيا ئىشلىرىدىن بولسا چەكلەنمەيدۇ.

(4792)

(3) – عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: بَيْنَمَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ يَوْمٍ إِذْ طَلَعَ عَلَيْنَا رَجُلٌ شَدِيدُ بَيَاضِ الثِّيَابِ، شَدِيدُ سَوَادِ الشَّعَرِ، لَا يُرَى عَلَيْهِ أَثَرُ السَّفَرِ، وَلَا يَعْرِفُهُ مِنَّا أَحَدٌ، حَتَّى جَلَسَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَأَسْنَدَ رُكْبَتَيْهِ إِلَى رُكْبَتَيْهِ، وَوَضَعَ كَفَّيْهِ عَلَى فَخِذَيْهِ، وَقَالَ: يَا مُحَمَّدُ، أَخْبِرْنِي عَنِ الْإِسْلَامِ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «الْإِسْلَامُ أَنْ تَشْهَدَ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، وَتُقِيمَ الصَّلَاةَ، وَتُؤْتِيَ الزَّكَاةَ، وَتَصُومَ رَمَضَانَ، وَتَحُجَّ الْبَيْتَ إِنِ اسْتَطَعْتَ إِلَيْهِ سَبِيلًا» قَالَ: صَدَقْتَ، قَالَ: فَعَجِبْنَا لَهُ، يَسْأَلُهُ وَيُصَدِّقُهُ، قَالَ: فَأَخْبِرْنِي عَنِ الْإِيمَانِ، قَالَ: «أَنْ تُؤْمِنَ بِاللهِ، وَمَلَائِكَتِهِ، وَكُتُبِهِ، وَرُسُلِهِ، وَالْيَوْمِ الْآخِرِ، وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ» قَالَ: صَدَقْتَ، قَالَ: فَأَخْبِرْنِي عَنِ الْإِحْسَانِ، قَالَ: «أَنْ تَعْبُدَ اللهَ كَأَنَّكَ تَرَاهُ، فَإِنْ لَمْ تَكُنْ تَرَاهُ فَإِنَّهُ يَرَاكَ» قَالَ: فَأَخْبِرْنِي عَنِ السَّاعَةِ، قَالَ: «مَا الْمَسْؤُولُ عَنْهَا بِأَعْلَمَ مِنَ السَّائِلِ» قَالَ: فَأَخْبِرْنِي عَنْ أَمَارَتِهَا، قَالَ: «أَنْ تَلِدَ الْأَمَةُ رَبَّتَهَا، وَأَنْ تَرَى الْحُفَاةَ الْعُرَاةَ الْعَالَةَ رِعَاءَ الشَّاءِ يَتَطَاوَلُونَ فِي الْبُنْيَانِ» قَالَ: ثُمَّ انْطَلَقَ، فَلَبِثْتُ مَلِيًّا ثُمَّ قَالَ لِي: «يَا عُمَرُ، أَتَدْرِي مَنِ السَّائِلُ؟» قُلْتُ: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: «فَإِنَّهُ جِبْرِيلُ، أَتَاكُمْ يُعَلِّمُكُمْ دِينَكُمْ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(3) – ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز ئاپپاق كىيىم كەيگەن، چاچ-ساقاللىرى قاپقارا، سەپەرنىڭ ئەسىرىمۇ يوق، ئارىمىزدىن ھېچ بىر كىشى تونۇمايدىغان بىر كىشى كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا يىقىن قىلىپ، ئىككى قولىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دىدى: ئى مۇھەممەد !ماڭا ئىسلام توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام : »**ئىسلام دىگەن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى بەرپا قىلىشىڭ، زاكاتنى ئادا قىلىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتىشىڭ ۋە يول چىقىملىرىغا قادىر بولالىساڭ ھەج-تاۋاپ قىلىشىڭدىدى**«، ئۇ كىشى: راست ئېيتتىڭ دىدى .ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز ئۇ كىشىنىڭ سوئالنى ئۆزى سوراپ ۋە ئۆزىنىڭ تەستىق قىلغانلىقىدىن ھەيران قالدۇق، دىدى .ئۇ كىشى: ماڭا ئىمان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى ،پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: »**ئىمان دىگەن: سىنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە بارلىق كىتابلىرىغا، بارلىق ئەلچى-پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر دىدى**«، ئۇ كىشى: راست ،ئېيتتىڭ دىدى .ئۇ كىشى: ماڭا ئېھسان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: »**گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ دىمەكتۇر**« دىدى .ئۇ كىشى: ماڭا قىيامەت توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: »**قىيامەت توغرىسىدا سوئال سورالغۇچى قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇچىدىن بەكرەك بىلگۈچى ئەمەس دىدى**« .ئۇكىشى: ئۇنداقتا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ،**قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن: دىدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغىدۇ، يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ**» **كەمبەغەللەرنىڭ ئىگىز بىنالارنى سىلىشى قاتارلىقلاردۇر، دىدى**« .ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئۇ كىشى كەتتى، مەن ئازراق تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ماڭا: »**ئى ئۆمەر !سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ،بىلەمسەن؟ دىدى**«، مەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر دىدىم پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: »**ھەقىقەتەن ئۇ جىبرائىل ئەلەيھسسالام بولۇپ، سىلەرگە سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ئۈگىتىش ئۈچۈن كەلدى دىدى**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا]

[(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلار بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ سۈرىتىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ :جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن :ئۇنىڭ كىيىملىرى ئاپپاق، چاچ-ساقاللىرى قاپقارا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېرىپ-چارچاش، چاڭ-توزاڭ، كىيىملىرى كىر ۋە چاچلىرى چۇۋۇق دېگەندەك سەپەردىن كەلگەنلىك ئالامەتلىرىمۇ يوق ئىدى، سورۇندىكىلەرنىڭ ھېچ بىرى ئۇنى تونۇمايتتى، ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىلىپ، ئوقۇغۇچى ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ،ئولتۇرۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام توغرىسىدا سوئال سورىدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :ئىسلام ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىش، بەش ۋاقىت نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، زاكاتنى ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، قادىر بولغان كىشى ھەج قىلىش قاتارلىق ئاساسلاردىن ،جاۋاپ بەردى

سوئال سورىغۇچى :راست ئېيتتىڭ دېدى، ساھابىلار ئۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ،بىلمىگەنلىكتىن سوراپ، جاۋاپ بەرسە بىلىدىغاندەك تەستىق قىلغانلىقىدىن ھەيران قالدى

ئاندىن ئۇ كىشى ئىمان توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :ئىمان ئۆز ئىچىگە ئالغان :ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلىقىغا، ئۇنىڭ بارلىق ئىسىم-سۈپەتلىرىگە، يارىتىش ۋە ئىبادەت قىلىشتىكى يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ نۇردىن ياراتقان، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمايدىغان، بۇيرىقىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان ئېسىل بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، ئاللاھ تائالا ئۆز ھوزۇرىدىن پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلىرىغا ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەر-پەيغەمبەرلەرگە يەنى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، بۇنىڭ جۈملىسىدىن :ئۆلگەندىن كىيىن قەبرىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار، بەرزەخ ھاياتى، ئىنسانىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشى، قىلغان ئەمەللىرىگە كۆرە ھېساب ئېلىنىشى، ئىنسانىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ جەننەتتە ياكى دوزاختا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلىم ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە نەرسىلەرنى بىكىتكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىرنى يازغانلىقىغا ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ خالىشى، تەقدىر قىلغان ۋە ياراتقىنى بويىنچە ،بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر .ئاندىن ئۇ كىشى ئېھسان توغرىسىدا سورىدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ» :ئېھسان دېگەن گويا كى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرىدىغان دەرىجىگە يەتمىسەڭمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن، ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىرىنچى دەرىجىلىك

ئالى مەرتىۋە كۆرۈش بۇ ئەڭ يۇقىرىسى .ئىككىنچى دەرىجىلىك ئالى مەرتىۋە كۆزۈتۈش (ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش).

ئاندىن ئۇ كىشى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئىلمىنى بىلىش بولسا ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان مەخلۇقاتلاردىن ھېچ بىرى بىلمەيدىغان ھەتتا سوئال سورىغۇچىمۇ ۋە سورالغۇچىمۇ بىلمەيدىغان ئىلىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئاندىن ئۇ كىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دېدەكلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ياكى ئەۋلادلارنىڭ ئانىلىرىنى قاقشىتىپ ئۇلارغا خۇددى دېدەكلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، ئاخىر زاماندا قوي باقىدىغان پادىچى، كەمبەغەللەرگە دۇنيانىڭ كەڭرى بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئالى قەسىر ۋە ئېگىز بىنالارنى سېلىپ پەخىرلىنىدىغانلىقى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوئال سورىغۇچىنىڭ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى، ساھابىلارغا بۇ دىننى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ساھابىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قوپىدىغانلىقىدۇر.

2. سوئال سورىغۇچىغا مۇلايىم بولۇش ۋە يېقىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ ئەيمەنمەي دادىل سوئال سورىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش.

3. جىبرائىل ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش مۇئەللىم بىلەن بولغان ئەدەپ -ئەخلاقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغانلىقىدۇر.

4. ئىسلامنىڭ ئاساسى بەش، ئىماننىڭ ئاساسى ئالتىدۇر.

5. ئىسلام بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا كەلسە ئىسلامدىن سىرتقى ئەمەللەر مەقسەت قىلىنىدۇ، ئىماندىن مەنىۋىي ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

6. دىنىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش، بىرىنچى مەرتىۋە: ئىسلام ئىككىنچى مەرتىۋە: ئىمان، ئۈچىنچى مەرتىۋە: ئېھسان بولۇپ ئۇ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە ھېسابلىنىدۇ.

7. ئەسلىدە سوئال سورىغۇچى سورىغان نەرسىنى بىلمەسلىك سەۋەبى سوئال سوراشقا تۆرتكە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلار جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالنى ئۆزى سوراپ ئۆزى تەستىقلىغانلىقىدىن ھەيران قالدى.

8. ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم بولغاندىن باشلاش، چۈنكى ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشتە ئىككى شاھادەت كەلىمىسى بىلەن باشلىدى، ئىماننى چۈشەندۈرۈشتە ئاللاھقا ئىشىنىشتىن باشلىدى.

9. باشقىلارنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزى بىلگەن نەرسىنى بىلىم ئىگىلىرىدىن سوراشنىڭ مۇھىملىقى.

10. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاللاھ ئۆزىگە خاس قىلىپ تاللىغان.

(4563)

(4) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عُمَر رضي الله عنهما قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «**بُنِيَ الْإِسْلَامُ عَلَى خَمْسٍ: شَهَادَةِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، وَإِقَامِ الصَّلَاةِ، وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ، وَحَجِّ الْبَيْتِ، وَصَوْمِ رَمَضَانَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(4) – ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »**ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى بەرپا قىلىش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ بەش ئاساسنى بەش تۈرۈكنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇستەھكەم بىر بىناغا ئوخشاتتى، ئىسلامنىڭ قالغان ئەمەللىرىنى بىنانى تولۇقلايدىغان باشقا تولۇقلىمىلارغا ئوخشاتتى. بۇ ئاساسلارنىڭ بىرىنچىسى: ئىككى شاھادەت كەلىمىسى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، بۇ ئىككىسى بىر ئاساس بولۇپ، بىرى يەنە بىرىدىن

ئايرىلمايدۇ، ئىنسان بۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى؛ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ئىبادەتكە يالغۇز بىر ئاللاھنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىنچە ئەمەل قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىگە ئىشىنىپ ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ تۇرۇپ دەيدۇ .ئىككىنچى ئاساس :نامازنى بەرپا قىلىش؛ ئۇ بولسىمۇ بىر كېچە-كۈندۈزدە پەرز قىلىنغان :بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ نامازنى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىشتۇر .ئۈچىنچى ئاساس :مالدىن پەرز قىلىنغان زاكاتنى ئايرىش، ئۇ ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپ، ھەر قانداق مالنىڭ مىقدارى شەرىئەتتە بېكىتكەن مىقدارغا يەتسە ئۇنىڭدىن بەلگىلەنگەن مىقدارنى زاكاتقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىشتۇر .تۆتىنچى ئاساس :ھەج قىلىش، ئۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەككىدە تۇرۇپ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىشتۇر .بەشىنچى ئاساس: رامىزان روزىسى تۇتۇش، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش مەقسىتى بىلەن ئەتىتىگەندە تاڭ يورىغاندىن باشلاپ، كەچتە كۈن پاتقۇچە يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىككى شاھادەت كەلىمىسى بىر-بىرىنى لازىم تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى دېمىسە توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى كەلىمە بىر ئاساس قىلىندى.
2. ئىككى شاھادەت كەلىمىسى دىنىنىڭ ئاساسىدۇر، بۇ ئىككى كەلىمىنى دېمىگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(65000)

(5) – عَنْ مُعَاذٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، قَالَ: كُنْتُ رِدْفَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى حِمَارٍ يُقَالُ لَهُ عُفَيْرٌ، فَقَالَ: «يَا مُعَاذُ، هَلْ تَدْرِي حَقَّ اللَّهِ عَلَى عِبَادِهِ، وَمَا حَقُّ العِبَادِ عَلَى اللَّهِ؟»، قُلْتُ: اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: «فَإِنَّ حَقَّ اللَّهِ عَلَى العِبَادِ أَنْ يَعْبُدُوهُ وَلاَ يُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا، وَحَقَّ العِبَادِ عَلَى اللَّهِ أَنْ لاَ يُعَذِّبَ مَنْ لاَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا»، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ أَفَلاَ أُبَشِّرُ بِهِ النَّاسَ؟ قَالَ: «لاَ تُبَشِّرْهُمْ، فَيَتَّكِلُوا».

[صحيح] - [متفق عليه]

(5) – مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە "ئۇفەير" دېيىلىدىغان ئېشەككە مىنگەشتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »ئى مۇئاز! ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟« دېدى، مەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى: ئۇلار ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىش، بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى: ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى ئازابلىماسلىقتۇر« دېدى، مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بېرەيمۇ؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »ئۇلارغا ھازىر خۇشخەۋەر بەرمىگىن، ئۇلار بۇ سۆزگە تايىنىۋالىدۇ« دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغان ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بولسا: ئۇلارنىڭ يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمىگەن تەۋھىد ئەھلى بولغان كىشىنى ئازابلىماسلىقتۇر. ئاندىن مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ» :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !كىشىلەرنىڭ خۇرسەن بولۇشى ۋە بۇ ئارتۇقچىلىق بىلەن خوشال بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرەيمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزگە تايىنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھازىرچە خۇشخەۋەر بېرىشتىن توستى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە ۋاجىپ قىلغان ھەقلىرىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ: يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكتۇر.
2. ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن بولغان پەزىلەت ۋە نېمەت بىلەن ئۆزىگە ۋاجىپ قىلغان بەندىلەرنىڭ ھەققىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ: ئۇلارنى ئازابلىماسلىق ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.
3. بۇ ھەدىستە: ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن تەۋھىد ئەھلىگە كاتتا بىشارەت بار، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى جەننەتكە كىرىشتۇر.
4. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلىمنى يوشۇرغانلىقنىڭ گۇناھىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى سۆزلەپ بەردى.
5. بۇ ھەدىستە: بەزى ھەدىسلەرنى بەزى كىشىلەرنىڭ يېنىدا سۆزلىمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇش بار، چۈنكى بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن كىشىلەر: بۇ سۆزنىڭ ئاستىدا ئەمەل يوق ۋە شەرئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىمۇ يوق دەپ چۈشۈنۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ.
6. تەۋھىد ئەھلىنىڭ ئاسىيلىرى ئاللاھنىڭ خالىشى ئاستىدا بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بارىدىغان ئورنى جەننەت بولىدۇ.

(65007)

(6) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمُعَاذٌ رَدِيفُهُ عَلَى الرَّحْلِ قَالَ: «**يَا مُعَاذُ بْنَ جَبَلٍ**»، قَالَ: لَبَّيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ وَسَعْدَيْكَ، قَالَ: «**يَا مُعَاذُ**»، قَالَ: لَبَّيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ وَسَعْدَيْكَ، ثَلَاثًا، قَالَ: «**مَا مِنْ أَحَدٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ صِدْقًا مِنْ قَلْبِهِ إِلَّا حَرَّمَهُ اللهُ عَلَى النَّارِ**»، قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَفَلَا أُخْبِرُ بِهِ النَّاسَ فَيَسْتَبْشِرُوا؟ قَالَ: «**إِذًا يَتَّكِلُوا**». وَأَخْبَرَ بِهَا مُعَاذٌ عِنْدَ مَوْتِهِ تَأَثُّمًا. [صحيح] - [متفق عليه]

(6) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر ئۇلاغقا مىنگەشتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»**ئى مۇئاز بىن جەبەل**«**!** دېدى، مۇئاز :خوش ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !خىزمەتلىرىڭگە ھازىرمەن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام» :ئى مۇئاز بىن جەبەل «!دېدى، مۇئاز :خوش ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !خىزمەتلىرىڭگە ھازىرمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ مۇنداق دېدى:»**ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخقا سالمايدۇ**« مۇئاز :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !بۇ سۆزنى كىشىلەرگە، خەۋەر قىلىپ خۇش بىشارەت بىرەيمۇ؟ دېگەن ئىدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:»**ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار بۇ سۆزگە تايىنىۋالىدۇ ھازىر خەۋەر بەرمىگىن**« دېدى .مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولىدىغان ۋاقىتتا ئىلىمنى يوشۇرغاننىڭ گۇناھى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى بايان قىلىپ بەرگەن. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق[ [(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

مۇئاز بىن جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئۇلاغدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ :ئى مۇئاز؟ دەپ تكرار ئۈچ قېتىم چاقىردى، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت دەيدىغان سۆزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

ئۈچ قېتىملىق چاقىرىقنىڭ ھەممىسىگە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خوش ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !خىزمەتلىرىڭگە ھازىرمەن، سىلىگە جاۋاپ بېرىش بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن دەپ جاۋاپ بەردى،

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ چىن دىلىدىن سەمىمىلىك بىلەن

گۇۋاھلىق بېرىپ شۇ ھالەتتە ۋاپات بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخقا كىرگۈزمەيدۇ دېدى.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى خۇرسەن قىلىش ۋە ئۇلارغا بۇ ياخشىلىقتىن خوش بىشارەت بېرىشنى سورىغاندا،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزگە تايىنىۋېلىپ، ئەمەلنى ئاز قىلىشىدىن ئەنسىرەپ خەۋەر بەرگىلى رۇخسەت قىلمىدى.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ھەدىسنى سۆزلىمىدى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئىلىمنى يوشۇرغانىنىڭ جىنايىتىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۇلاغقا ئۆزى مىنىپ كەينىگە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىنگەشتۈرگەنلىكى بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك پېئىل ۋە كەمتەرلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم بېرىش ئۇسۇلى، دەيدىغان سۆزگە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققەت قىلىشى ئۈچۈن چاقىرىقنى تەكرار قىلغانلىقى.
3. ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرىدىن، بۇ سۆزنى دېگۈچى شەك قىلماستىن، يالغان سۆزلىمەستىن ئىشەنچ قىلىپ سەمىيملىك بىلەن چىن دىلىدىن دېيىشى كېرەك.
4. تەۋھىد ئەھلى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالمايدۇ، بەزى بىر گۇناھلىرى سەۋەبىدىن جەھەننەمگە كىرسىمۇ پاك بولغاندىن كېيىن چىقىدۇ.
5. چىن دىلىدىن دېگەن كىشى ئۈچۈن ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنىڭ پەزىلىتى.
6. بەزى ئەھۋاللاردا كىلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەزى ھەدىسلەرنى سۆزلىمەسلىك توغرا بولىدۇ.

(10098)

(7) – عن طارق بن أشيم الأشجعي رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «**مَنْ قَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَكَفَرَ بِمَا يُعْبَدُ مِنْ دُونِ اللهِ حَرُمَ مَالُهُ وَدَمُهُ، وَحِسَابُهُ عَلَى اللهِ**».
[صحيح] - [رواه مسلم]

(7) – تارىق بىن ئەشيەم ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «**كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىدە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ مىلى، قېنى ھارام بولىدۇ، )يەنى قوغدىلىنىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقا بولىدۇ**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىمكى تىلى بىلەن گۇۋاھلىق ئىبىتىپ: «**ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېسە**» يەنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى مەئبۇد ،بەرھەق يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلسا ئىسلام دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلاردىن ئادا-جۇدا بولسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇ كىشىنىڭ جېنى ۋە ملى ھارام بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ سىرتقى ئەملىگە قارايمىز، ئىسلام قانۇنىدىكى ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش ۋە مېلىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدىكى قانۇنغا خىلاپ بولغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلمىغانلا بولسا، ئۇ كىشىنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلىش توغرا بولمايدۇ.
ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ھېسابىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ، ئەگەر سەمىمى بولسا ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدۇ، ئەگەر ساختىلىق قىلغان بولسا ئۇنىڭغا كۆرە جازا بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدىغان سۆزنى قىلىش ئىسلامغا كىرىشتىكى شەرتتۇر.
2. ،ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: بۇت ھەيكەل، قەبرە قاتارلىق ئاللاھنىڭ غەيرىدە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانى ئىبادەتتە يەككە-يېگانە دەپ ئىتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

3. كىمكى تەۋھىدتە تەۋرەنمەي تۇرۇپ شەرئەت بۇيرۇغان زاھىرى ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلىدىكەن، ئۇ كىشىدىن بۇنىڭ ئەكسى كۆرۈلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چېقىلىش توغرا بولمايدۇ.

4. مۇسۇلمانىنىڭ جېنى، مېلى ۋە يۈز ئابرۇيىغا ھەقسىزلىك قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

5. دۇنيادا ھۆكۈم سىرتقى ئەمەللەرگە قارىتا بولىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا نىيەت-مەقسەتكە ئاساسەن بولىدۇ.

(6765)

(8) – عَنْ جَابِرٍ رضي الله عنه قَالَ: أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَجُلٌ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، مَا الْمُوجِبَتَانِ؟ فَقَالَ: **«مَنْ مَاتَ لَا يُشْرِكُ بِاللهِ شَيْئًا دَخَلَ الْجَنَّةَ، وَمَنْ مَاتَ يُشْرِكُ بِاللهِ شَيْئًا دَخَلَ النَّارَ»** [صحيح] - [رواه مسلم]

(8) – جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كىشىلەرنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىشىنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەت قايسى؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىردى، ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ۋاپات بولغان كىشى دوزاخقا كىردى»** دېدى. [سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: جەننەتكە كىرىشنى ۋە دوزاخقا كىرىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى خىسلەتنى سورىدى؟. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جەننەتنى ۋاجىپ قىلىدىغان خىسلەت؛ ئىنسان يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولۇش دەپ جاۋاپ بەردى. دوزاخنى ۋاجىپ قىلىدىغان خىسلەت بولسا: ئىنسان ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھقا ئىلاھلىقتا، رەبلىكتە ياكى ئىسىم-سۈپەتتە بىر نەرسىنى باراۋەر قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تەۋھىدنىڭ پەزىلىتى :ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي مۇئمىن ھالەتتە ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.
2. شېرىكنىڭ خەتىرى :ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلگەن كىشى دوزاخقا كىرىدۇ.
3. تەۋھىد ئەھلىنىڭ ئاسىيلىرى ئاللاھنىڭ خالىشى ئاستىدا بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خالىسا ئازاپلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بارىدىغان ئورنى جەننەت بولىدۇ.

(65008)

(9) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ مَسْعُودٍ رضي الله عنه قال: قَالَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم كَلِمَةً وَقُلْتُ أُخْرَى، قَالَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ مَاتَ وَهُوَ يَدْعُو مِنْ دُونِ اللهِ نِدًّا دَخَلَ النَّارَ» وَقُلْتُ أَنَا: مَنْ مَاتَ وَهُوَ لَا يَدْعُو لِلهِ نِدًّا دَخَلَ الْجَنَّةَ. [صحيح] - [متفق عليه]

(9) – :ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر سۆزنى دېدى مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر سۆزنى دېدىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام »:كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە تېۋىنغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى دوزاخقا كىرىدۇ دېدى، مەن :كىمكى ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ دېدىم [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىمكى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا، ياردەم تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قىلىدىكەن )يەنى شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدىكەن(، ئۇ كىشى دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ دەپ خەۋەر بەردى .ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا زىيادە قىلىپ :كىمكى ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ۋاپات بولسا ئۇ كىشىنىڭ ئاخىرقى بارىدىغان ئورنى جەننەت بولىدۇ دېدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. دۇئا ئىبادەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىنمايدۇ.
2. تەۋھىد ئارتۇقچىلىقىدىن: تەۋھىد ئېتىقادى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى بەزى خاتالىقلىرى ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت ئازاپلانسىمۇ ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىدۇ.
3. شېرىكنىڭ خەتىرى: شېرىك ئېتىقادىتا ئۆلگەن كىشى دوزاخقا كىرىدۇ.

(3419)

(10) – عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِمُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، حِينَ بَعَثَهُ إِلَى الْيَمَنِ: «إِنَّكَ سَتَأْتِي قَوْمًا أَهْلَ كِتَابٍ، فَإِذَا جِئْتَهُمْ فَادْعُهُمْ إِلَى أَنْ يَشْهَدُوا أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لَكَ بِذَلِكَ، فَأَخْبِرْهُمْ أَنَّ اللهَ قَدْ فَرَضَ عَلَيْهِمْ خَمْسَ صَلَوَاتٍ فِي كُلِّ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لَكَ بِذَلِكَ، فَأَخْبِرْهُمْ أَنَّ اللهَ قَدْ فَرَضَ عَلَيْهِمْ صَدَقَةً تُؤْخَذُ مِنْ أَغْنِيَائِهِمْ فَتُرَدُّ عَلَى فُقَرَائِهِمْ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لَكَ بِذَلِكَ، فَإِيَّاكَ وَكَرَائِمَ أَمْوَالِهِمْ، وَاتَّقِ دَعْوَةَ الْمَظْلُومِ، فَإِنَّهُ لَيْسَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ اللهِ حِجَابٌ». [صحيح] - [متفق عليه]

(10) – ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىن جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ئەھلى كىتاپتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىڭدا ئۇلارنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئادا قىلىشقا بۇيرىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا سەدىقىنى پەرز قىلغانلىقىنى، سەدىقە ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پەقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدا ساڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئېسىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ساقلانغىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورققىن، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەردە يوقتۇر». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىن جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يەمەندە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابقا دۇچ كېلىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار بولۇشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغاندا ئاۋۋال ئەڭ مۇھىم بولغاندىن باشلاش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇلارنى ئاۋۋال ئەقىدىنى توغرىلاپ ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ كەلىمە بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا بويسۇنسا، ئۇلارنى نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ،

چۈنكى ناماز بولسا تەۋھىددىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار نامازنى ئادا قىلسا، ئۇلارنىڭ بايلىرىنى ماللىرىنىڭ زاكىتىنى كەمبەغەللىرىگە بېرىشكە بۇيرىدى، شۇنداقلا زاكاتنى ئالغاندا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى زاكاتتا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئوتتۇرۇ ھاللىرىنى ئالسا ۋاجىپ ئادا تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەددۇئاسىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن زۇلۇمدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىدى، چۈنكى مەزلۇمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئاللاھنى ئىبادەتتە بىر بىلىش، ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشنى تەرك قىلىشتۇر.
2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشىنىش، ئۇنى تەستىقلاش، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلارغا ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر.
3. بىلگەن كىشىگە سۆز قىلىش دېگەن، شۈبھىلىك ياكى نادان كىشىگە سۆز قىلغانغا ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى **«سەن ئەھلى كىتاپتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن دەپ»** ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.
4. مۇسۇلمان شەك قىلغۇچىلارنىڭ شۈبھىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىنى بىلىدىغان بولۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئىلىم ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنىدۇ.
5. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ دىنىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى، ئۇلار دۇنيادا ئىسلام دىنىغا كىرمىگۈچە قەدەر قىيامەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

(3390)

(11) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّهُ قَالَ: قِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ، مَنْ أَسْعَدُ النَّاسِ بِشَفَاعَتِكَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**لَقَدْ ظَنَنْتُ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ أَنْ لَا يَسْأَلَنِي عَنْ هَذَا الْحَدِيثِ أَحَدٌ أَوَّلُ مِنْكَ؛ لِمَا رَأَيْتُ مِنْ حِرْصِكَ عَلَى الْحَدِيثِ، أَسْعَدُ النَّاسِ بِشَفَاعَتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ، مَنْ قَالَ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ خَالِصًا مِنْ قَلْبِهِ أَوْ نَفْسِهِ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(11) – ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قىيامەت كۈنىدە سىلىنىڭ شاپائەتلىرى بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان كىشى كىم؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «**ئى ئەبۇ ھۆرەيرە! سەندىن ئىلگىرى بۇ توغرىدا ھېچ كىشى بىر نەرسە سورىمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، سېنىڭ ھەدىسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىڭنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ئېيتىپ بېرەي: قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان كىشى چىن قەلبىدىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىدۇر**» دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[بۇخارى "سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان كىشىنىڭ: «**چىن قەلبىدىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقان**» يەنى پەقەت ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوقتۇر دېگەن، شېرىكتىن ۋە رىيادىن سالامەت قالغان كىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاخىرەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بولغان شاپائەتنى ئىسپاتلاش، چۈنكى ئۇ شاپائەت پەقەتلا ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان مۇۋەھھىدلەرگىلا بولىدۇ.
2. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىشى بولسا ئۇ ئاللاھنى بىر دېگۈچى مۇۋەھھىدلەردىن دوزاخقا ھەقلىق بولغان كىشىنىڭ دوزاخقا كىرمەسلىكى ياكى دوزاخقا كىرىپ بولغان كىشىنىڭ دوزاختىن چىقىشى ئۈچۈن ۋاستە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.
3. ئاللاھ ئۈچۈن بولغان خالىس تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقى.

4. تەۋھىد كەلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولسا ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ۋە تەقەززاسى بويۇنچە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

5. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىمغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

(3414)

(12) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**الْإِيمَانُ بِضْعٌ وَسَبْعُونَ -أَوْ بِضْعٌ وَسِتُّونَ- شُعْبَةً، فَأَفْضَلُهَا قَوْلُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَدْنَاهَا إِمَاطَةُ الْأَذَى عَنِ الطَّرِيقِ، وَالْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الْإِيمَانِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(12) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ئىمان يەتمىش نەچچە ياكى ئاتمىش نەچچە شاخچىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى :ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېگەن سۆزدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىسى :يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغان ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ نۇرغۇن شاخچا ۋە كۆپ خىسلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمەللەرنى، سۆزلەرنى ۋە ئېتىقادلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.
ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئەۋزەل بولغىنى :»**ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېگەن سۆزدۇر**« ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ تەقەززاسى بويىنچە ئەمەل قىلىشتۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بارلىق ئىبادەتلەرگە ھەقلىق بولغان يەككە-يېگانە بىر ئىلاھتۇر.
ئىماننىڭ ئەڭ ئاددىسى :يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئېلىۋېتىشتۇر.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايانىڭ ئىماننىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى، چۈنكى ھايا دېگەن ئىنساننى گۈزەل ئىشلارنى قىلىشقا ۋە قەبىھ ئىشلارنى تەرك قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئىماننىڭ دەرىجىلىرى پەرقلىق بولۇپ بەزىسى بەزىسىدىن ئەۋزەل بولىدۇ.
2. ئىمان دېگەن؛ سۆز، ئەمەل ۋە ئېتىقادتىن ئىبارەتتۇر.
3. ئاللاھ تائالادىن ھەقىقى ھايا قىلىش دېگەن :ئاللاھ چەكلىگەن ئىشىدا سېنى كۆرمەسلىك ۋە بۇيرىغان ئىشىدا سېنى يوقۇتۇپ قويماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.
4. سانىنى زىكىر قىلىش ئۇنىڭدىلا توختاشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئىماننىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەمەللەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئەرەپلەر بىر نەرسىلەر ئۈچۈن سانىنى زىكىر قىلىدۇ لېكىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغىنىنى رەت قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ.

(6468)

(13) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ مَسْعُودٍ رضي الله عنه قال: سَأَلْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَيُّ الذَّنْبِ أَعْظَمُ عِنْدَ اللهِ؟ قَالَ: «أَنْ تَجْعَلَ لِلهِ نِدًّا وَهُوَ خَلَقَكَ» قُلْتُ: إِنَّ ذَلِكَ لَعَظِيمٌ، قُلْتُ: ثُمَّ أَيُّ؟ قَالَ: «وَأَنْ تَقْتُلَ وَلَدَكَ؛ تَخَافُ أَنْ يَطْعَمَ مَعَكَ» قُلْتُ: ثُمَّ أَيُّ؟ قَالَ: «أَنْ تُزَانِيَ حَلِيلَةَ جَارِكَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(13) – ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قايسى گۇناھ كاتتا ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنى ياراتقان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ دېدى»، بۇ ھەقىقەتەن كاتتا گۇناھ، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پېقىرلىقتىن قورقۇپ، بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىرگە يېمەك يېيىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ» دېدى، مەن: ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟ دېدىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ» دېدى. [سەھىھ (بەش] [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۇناھنىڭ كاتتىسىدىن سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: گۇناھنىڭ ئەڭ كاتتىسى چوڭ شېرىكتۇر، ئۇ بولسىمۇ: ئاللاھقا ئىلاھلىقىدا، پەرۋەردىگارلىقىدا، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە شېرىك قىلىش، باراۋەر قىلىش ۋە ئوخشىشىنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنى سادىر قىلغۇچى تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلمايدىغان چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر ساھىبى تەۋبە قىلماي شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى پېقىرچىلىقتىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە شېرىك بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلتۈرىۋېتىشىدۇر، بىر جاننى ئۆلتۈرۈش ھارام بولۇپ، تۇغقاندارچىلىقى بولغان كىشىنى ئۆلتۈرىۋېتىشنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك قاتىلنىڭ مەقسىدى ئۆلتۈرۈلگۈچىنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىققا شېرىك بولۇشىدىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈش بولسا بۇنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ ئېغىردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان ئۆزىنىڭ خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتۇر، خوشنىسىنىڭ ئايالىنى گوللاپ ئازدۇرۇپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشتۇر. ھەرقانداق يات ئايال بىلەن زىنا قىلىش ھارام بولسىمۇ لېكىن شەرىئەت ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغان، ياخشى ئۆتۈشكە تەۋسىيە قىلغان خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ جىنايىتى ھەممىدىن ئېغىر بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ياخشى ئەمەللەر پەزىلەتتە پەرقلىق بولغانغا ئوخشاش گۇناھمۇ كاتتىلىقتا پەرقلىق بولىدۇ.
2. گۇناھنىڭ ئەڭ كاتتىسى :ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن نامراتلىقتىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن خوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىش قاتارلىقلار.
3. رىزىق ئاللاھنىڭ قولىدا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارغا رىزىق بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى.
4. خوشنىنىڭ ھەققى كاتتىدۇر، خوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ جىنايىتى باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ جىنايىتىدىن بۈيۈكتۈر.
5. ھەممىنى ياراتقۇچى، ھېچ قانداق شېرىكى يوق، يالغۇز ئاللاھ ئىبادەتكە لايىقتۇر.

(5359)

(14) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **«قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: أَنَا أَغْنَى الشُّرَكَاءِ عَنِ الشِّرْكِ، مَنْ عَمِلَ عَمَلًا أَشْرَكَ فِيهِ مَعِي غَيْرِي تَرَكْتُهُ وَشِرْكَهُ».**

[صحيح] - [رواه مسلم]

(14) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكىدىن بىھاجەتمەن، كىمكى قىلغان ئەمىلىدە ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنى ۋە ئەمىلىنى شېرىكىگە تاشلاپ قويىمەن**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا)

[(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ھەقىقەتەن ئاللاھ شېرىكلەرنىڭ شېرىكلىكىدىن بىھاجەتتۇر، ئاللاھ ھەرقانداق نەرسىدىن بىھاجەتتۇر. ئىنسان تائەت-ئەمەللەرنى قىلىپ ئۇنى ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇ ئەمەلنى تاشلىۋېتىدۇ، ئۇ كىشىدىن قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنى ساھىبىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ئەمەلنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەمەللەردىن پەقەت ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىنغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. شېرىك ۋە ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك، چۈنكى شېرىك دېگەن ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنى چەكلەپ قويىدۇ.
2. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكى، كاتتىلىقىنى ھېس قىلىش بولسا ئەمەلنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

(3342)

(15) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «كُلُّ أُمَّتِي يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ إِلَّا مَنْ أَبَى»، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَمَنْ يَأْبَى؟ قَالَ: «مَنْ أَطَاعَنِي دَخَلَ الْجَنَّةَ، وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ أَبَى». [صحيح] - [رواه البخاري]

(15) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، پەقەت باش تارتقانلار بۇنىڭ سىرتىدا دېدى، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كىم باش تارتىدۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىشتىن باش تارتىدۇ**« دېدى [سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ ھەممىسىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، پەقەت باش تارتقانلارنىڭ كىرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.
ساھابىلار ـ ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كىم باش تارتىدۇ؟ دېدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ: »**كىمكى ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشسىدىكەن، ئىتائەت قىلىدىكەن جەننەتكە كىردى، كىمكى ئاسىيلىق**

**قىلىدىكەن، شەرىئەتنىڭ پرىنسىپىغا بويسۇنمايدىكەن، ناچار ئەمەللىرى بىلەن جەننەتكە كىرىشتىن باش تارتتى دېدى».**

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش بولسا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتۇر، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىش ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتۇر.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش جەننەتنى ۋاجىپ قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىش دوزاخنى ۋاجىپ قىلىدۇ.
3. مۇشۇ ئۈممەتتىن ھەققە ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىدىن بىشارەتتۇر.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە بەك كۆيۈنەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىسمەن ئىدى.

(4947)

(16) – عَن عُمَرَ بنِ الخَطَّابِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال: سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «**لَا تُطْرُونِي كَمَا أَطْرَتِ النَّصَارَى ابْنَ مَرْيَمَ؛ فَإِنَّمَا أَنَا عَبْدُهُ، فَقُولُوا: عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(16) – ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «**خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆككە كۆتۈرگەندەك مېنى كۆككە كۆتۈرمەڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئۆزىنى ماختىغاندا ياكى سۈپەتلىگەندە خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى ئۇچۇرغاندەك، بەك ئۇچۇرۇپ شەرئى بەلگىلىمىدىن ھالقىپ، چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ياكى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان سۈپەت ۋە ئىش-

ھەربىكەتلەر بىلەن سۆيەتلەشتىن ياكى غەيىپنى بىلدۇ ياكى دۇئادا ئاللاھ بىلەن بىرگە ھاجەت سورىلىدۇ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى دېيىشكە بۇيرىدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئۇلۇغلاش ۋە ماختاشتا شەرئى بەلگىلىمىدىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى بۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدۇ.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان ئىش مۇشۇ ئۈممەتتە يۈز بەردى، بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا چەكتىن ئاشۇرىۋەتتى، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى توغرىسىدا چەكتىن ئاشۇرىۋەتتى، يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر ئەۋلىيالار توغرىسىدا چەكتىن ئېشىپ شېرىككە چۈشۈپ قالدى.
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ قۇلى دەپ سۈپەتلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، رەببىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان ھېچ قانداق بىر ئىشنى ئۆزىگە سەرپ قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ سۈپەتلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.

(3406)

(17) – عن أنس رضي الله عنه قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم: «**لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِنْ وَالِدِهِ وَوَلَدِهِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(17) – ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ**«. سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

### شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈسىنى ئۆزىنىڭ ئانىسى، ئاتىسى، ئوغلى، قىزى ۋە بارلىق ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈنىڭ ئۈستىگە قويمىسا، ئۇنىڭ كامىل مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ .بۇ سۆيگۈ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشنى تەرك قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈنى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ سۆيگۈسىدىن ئۈستۈن بىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.
2. :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇكەممەل سۆيگۈنىڭ ئالامەتلىرىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ھىمايە قىلىش، بۇ يولدا ئۆزىنىڭ مېلىنى ۋە جېنىنى پىدا قىلىش.
3. ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈ ئۇنىڭ بۇيرىغان ئىشلىرىغا ئىتائەت قىلىش بىلدۈرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلاش، چەكلىگەن ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يىراق بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بىدئەتنى تەرك قىلىش قاتارلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ.
4. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ھەققىدىن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكتۇر، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بولسا، بىزنىڭ ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەت تېپىشىمىز، دوزاختىن قۇتۇلۇشىمىز ۋە جەننەت بىلەن ئۇتۇق قازىنىشىمىزنىڭ سەۋەبكارىدۇر.

(5953)

(18) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**بَلِّغُوا عَنِّي وَلَوْ آيَةً، وَحَدِّثُوا عَنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ وَلَا حَرَجَ، وَمَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ**».

[صحيح] - [رواه البخاري]

(18) – ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار، بەنى ئىسرائىل ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، كىمكى ماڭا قەستەن يالغاننى توقۇيدىكەن دوزاختىن ئورنىنى تەييارلاپ قويسۇن**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ) [(بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئاز بولسىمۇ بىر ئايەت ياكى بىر ھەدىس بولسىمۇ قۇرئان-ھەدىسنىڭ ئىلمىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىيدۇ، بۇنىڭ شەرتى :ئۇ كىشى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ياكى چاقىرغان نەرسىنى بىلگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ .ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ شەرىئىتىمىزغا زىت بولمىغان ھالەتتىكى بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە يالغاننى توقۇشتىن ئاگاھلاندۇردى، كىمكى ئۆزىگە قەستەن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇ كىشى ئۆزى ئۈچۈن دوزاختىن ئورۇن ھازىرلىسۇن دېدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يەتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۇرۇش، ئىنسان ئاز بولسىمۇ ئۆزى بىلگەن ياكى چۈشەنگەن، ياد قىلغان بىلىملەر بولسا يەتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.
2. ئاللاھنىڭ ئىبادىتىنى مۇكەممەل قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى توغرا شەكىلدە يەتكۈزۈش ئۈچۈن شەرئى بىلىم ئېلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان قاتتىق ئازابقا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ھەدىسنى يەتكۈزۈش ۋە تارقىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈش ۋاجىپ بولىدۇ.

4. ئىنسان راستچىل بولۇش، بولۇپمۇ ھەدىسكە ئالاقىدار سۆزلەرنى قىلغاندا ئېھتىيات قىلىش، شۇنداقلا؛ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يەتكۈزۈشتە يالغانغا چۈشۈپ قىلىشتىن ئاگاھ بولۇش كېرەك.

(3686)

(19) – عن المقدام بن معدِيْكَرِب رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أَلَا هَلْ عَسَى رَجُلٌ يَبْلُغُهُ الْحَدِيثُ عَنِّي وَهُوَ مُتَّكِئٌ عَلَى أَرِيكَتِهِ فَيَقُولُ: بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ كِتَابُ اللهِ، فَمَا وَجَدْنَا فِيهِ حَلَالًا اسْتَحْلَلْنَاهُ، وَمَا وَجَدْنَا فِيهِ حَرَامًا حَرَّمْنَاهُ، وَإِنَّ مَا حَرَّمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَمَا حَرَّمَ اللهُ». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه]

(19) – مىقدام بىن مەدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دىققەت قىلىڭلار! بىر ئادەمگە مەن بايان قىلغان بىر ھەدىس يەتسە، ئۇ كىشى ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى بار، دەيدۇ، بىز ئاللاھنىڭ كىتابىدا ھالال دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەرنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ھارام دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھارام قىلغان نەرسىلەرمۇ ھۆكۈمدە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاشتۇر». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىنلاشقان ۋاقىتلاردا بىر تۈركۈم كىشىلەر سورۇن تۈزەپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىس يەتسە، ئۇ ئادەم: بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئايرىيدىغانغا قۇرئان كەرىم كۇپايە قىلىدۇ، قۇرئان كەرىمدە ھالال دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىمىز، ھارام دەپ بېكىتىلگەن نەرسىلەردىن يىراق بولىمىز دەيدۇ، دەپ خەۋەر بەردى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىدە چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ھۆكۈمدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رەببىنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزگۈچىدۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى خۇددى قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىش كېرەك.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىش ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتۇر.
3. سۈننەتنى رەت قىلغان ياكى ئىنكار قىلغان كىشىگە سۈننەتنىڭ دىندا ھۆججەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەر بىلەن رەددىيە بېرىش كېرەك.
4. سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈپ، قۇرئانلا كۇپايە قىلىدۇ دېگەن كىشى ئەمەلىيەتتە قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھەممىسىدىن يۈز ئۆرىگۈچىدۇر، ئۇ ئادەم قۇرئانغا ئەگىشىمىز دېگەن دەۋاسىدا يالغانچىدۇر.
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەنلىكى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر، ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك بولدى.

(65005)

(20) – عن عائشة أم المؤمنين وعبد الله بن عباس رضي الله عنهما قالا: لَمَّا نَزَلَ بِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ طَفِقَ يَطْرَحُ خَمِيصَةً لَهُ عَلَى وَجْهِهِ، فَإِذَا اغْتَمَّ بِهَا كَشَفَهَا عَنْ وَجْهِهِ، فَقَالَ وَهُوَ كَذَلِكَ: «لَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى اليَهُودِ وَالنَّصَارَى، اتَّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ» يُحَذِّرُ مَا صَنَعُوا. [صحيح] - [متفق عليه]

(20) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە بىر پارچە رەختنى يېپىپ قويدى، نەپەس ئېلىش قىيىن بولغاندا ئۇنىڭ يۈزىدىن رەختنى ئېلىۋەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھالەتتە تۇرۇپ : »ئاللاھ تائالا يەھۇدىي «ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئىبادەتخانا قىلىۋالدى دەپ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ساھابىلارنى ئاگاھلاندۇردى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغان)

[(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

ئائىشە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە شۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولىدىغان ۋاقىتتا سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە بىر پارچە رەخت يېپىپ قويۇلدى، سەكرات سەۋەبىدىن نەپەس ئېلىش قىيىن بولغاندا رەختنى ئېلىۋەتتى، مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: »ئاللاھ تائالا يەھۇدىي، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئۈستىگە ئىبادەتخانا ياسىغان«، ئەگەر بۇ ئىش خەتەرلىك بولمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى ھالەتتە بۇنى زىكىر قىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىپ سېلىشتىن چەكلىدى. چۈنكى ئۇ يەھۇدىي ناسارالارنىڭ قىلمىشىدۇر، شۇنداقلا ئۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان جاي قىلىۋېلىش چەكلەندى، چۈنكى ئۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ۋەسىلىدۇر.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋھىدكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن، قەبرىلەرنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق شېرىكنىڭ يېيىلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

3. بۇ ھەدىستە يەھۇدىي، ناسارالارغا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش قەبرىستانلىقتا ناماز ئادا قىلىدىغان ئىبادەتخانىلارنى ياسىغان كىشىلەرگە لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

4. ،قەبرىستانلىقتا ئىبادەتخانا سېلىش بولسا يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ قىلمىشى بولۇپ ھەدىستە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قىلىشتىن چەكلىگەن.

5. گەرچە قەبرىستانلىقتا مەسچىت ياسىمىسۇ ئەمما قەبرنىڭ يېنىنى ياكى قەبرنىڭ تەرپىنى ناماز ئادا قىلىدىغان جاي قىلىشتىن چەكلىگەن.

(3330)

(21) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم: «اللهُمَّ لَا تَجْعَلْ قَبْرِي وَثَنًا، لَعَنَ اللهُ قَوْمًا اتَّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ». [صحيح] - [رواه أحمد]

(21) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئى ئاللاھ !مېنىڭ قەبرەمنى كىشىلەر چوقۇنىدىغان مەئبەد قىلمىسلا، پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەتخانىغا ئايلاندۇرىۋالغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلدى«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رەببىگە دۇئا قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى كىشىلەر چوقۇنىدىغان، ئۇلۇغلايدىغان، ھۆرمەت-تەزىم قىلىپ باش ئۇرىدىغان ھەيكەلگە ئوخشاش قىلىپ قويماسلىقنى سورىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىسىنى چوقۇنىدىغان ئورۇن قىلىۋالغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىغانلىقى ۋە قوغلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى، چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى چوقۇنىدىغان ئورۇن قىلىۋېلىش، قەبرىگە چوقۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ قەبرىسى توغرىسىدا شەرئى بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كېتىپ ئۇنى ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلاردىن ھەزەر قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.
2. قەبرىنىڭ ساھىبى ھەرقانچە ئۇلۇغ، كاتتا كىشى بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا قەبرىنى ئۇلۇغلاشنى مەقسەت قىلىپ ئىبادەت قىلىش توغرا بولمايدۇ.
3. قەبرىستانلىقتا مەسچىت بىنا قىلىش ھارام بولىدۇ.
4. قەبرىستانلىقتا گەرچە مەسچىت بىنا قىلىنمىغان بولسىمۇ قەبرىنىڭ يېنىدا ناماز ئادا قىلىش ھارام بولىدۇ، لېكىن نامىزى ئوقۇلمىغان مېيىتقا جىنازە نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ.

(3336)

(22) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لَا تَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ قُبُورًا، وَلَا تَجْعَلُوا قَبْرِي عِيدًا، وَصَلُّوا عَلَيَّ؛ فَإِنَّ صَلَاتَكُمْ تَبْلُغُنِي حَيْثُ كُنْتُمْ». [حسن] - [رواه أبو داود]

(22) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار، مېنىڭ قەبرەمنى تەكرار تاۋاپ قىلىدىغان جاي قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر قەيەردە بولساڭلار سىلەرنىڭ يوللىغان دۇرۇت-سالامىڭلار ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ**». [ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان])

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيلەرنى نامازدىن خالى قىلىپ، ھېچ قاچان ناماز ئادا قىلىنمايدىغان قەبرىستانلىقتا ئوخشاش قىلىۋېلىشتىن چەكلىگەن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى تەكرار زىيارەت قىلىشتىن، قەبرىسىنىڭ يېنىدا مەلۇم ۋاقىتنى بېكىتىپ توپلىشىۋېلىشتىن چەكلىدى، چۈنكى ئۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ئىشتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنى زېمىننىڭ قايسى يېرىدە بولسا ئۆزىگە دۇرۇت-سالام يوللاشقا بۇيرىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يوللىغان دۇرۇت-سالاملىرى ئۇلار يىراقتا بولسۇن

ياكى يىقىندا بولسۇن ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىدۇ، دائىم ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىشكە  ھاجەت بولمايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئۆيلەرنى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن بوش قويۇپ قويۇشتىن چەكلىگەن.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىشتىن چەكلەش، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە دۇرۇت-سالام يوللاشقا بۇيرىدى، قەيەردىن يوللىسا ئۆزىگە يېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەقىقەتەن بۇ تۆردىكى سەپەرلەر مەسچىتنى زىيارەت قىلىش ۋە ناماز ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تەكرار زىيارەت قىلىدىغان ئورۇن قىلىۋېلىشنىڭ، ئۇنى مەخسۇس يول بىلەن، مەخسۇس بىر زاماندا تەكرار زىيارەت قىلىدىغان ئورۇن قىلىۋېلىش ھارام قىلىندى، شۇنىڭدەك ھەر قانداق قەبرىنى مۇشۇ شەكىلدە زىيارەت قىلىشمۇ ھارام قىلىندى.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئىززەت-ھۆرمىتى، ھەر قانداق ئورۇن ۋە ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈش.

5. قەبرىستاندا ناماز قىلىشتىن ساھابىلارنىڭ ھەممىسى چەكلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەرنى ناماز ئوقۇلمايدىغان قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىپ قويۇشتىن چەكلىدى.

(3350)

(23) – عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ المؤمنين رضي الله عنها: أَنَّ أُمَّ سَلَمَةَ ذَكَرَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَنِيسَةً رَأَتْهَا بِأَرْضِ الْحَبَشَةِ، يُقَالُ لَهَا مَارِيَةُ، فَذَكَرَتْ لَهُ مَا رَأَتْ فِيهَا مِنَ الصُّوَرِ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**أُولَئِكَ قَوْمٌ إِذَا مَاتَ فِيهِمُ الْعَبْدُ الصَّالِحُ، أَوِ الرَّجُلُ الصَّالِحُ، بَنَوْا عَلَى قَبْرِهِ مَسْجِدًا، وَصَوَّرُوا فِيهِ تِلْكَ الصُّوَرَ، أُولَئِكَ شِرَارُ الْخَلْقِ عِنْدَ اللهِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(23) – مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :ئۇممۇ سەلەمە ھەبەشىستاندا كۆرگەن مارىيە ئىسىملىك بىر چېركاۋنى تىلغا ئېلىپ ئۇ چېركاۋدا ئۆزى ،كۆرگەن سۈرەتلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەسۋىرلەپ بېرىۋىدى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم »:ئۇلار ئۆز ئىچىدە بىر سالىھ بەندە ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قەبرىسىگە مەسچىت بىنا قىلىپ ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىلەر كۆرگەن ئاشۇ سۈرەتلەردەك مەسچىتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدۇر [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە ھەبەشىستاندا كۆرگەن مارىيە ئىسىملىك بىر چېركاۋنى تىلغا ئېلىپ ئۇ چېركاۋدا كۆرگەن نەقىش، سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەسۋىرلەپ بەردى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۈرەت قويۇشتىكى سەۋەپلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى :»**سەن ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياخشى كىشىدىن بىرسى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە مەسچىت بىنا قىلىپ ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى ۋە ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى تىكلەيتتى**« .بۇنداق قىلغۇچى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ناچىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، چۈنكى ئۇنىڭ قىلمىشى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. قەبرىستانلىقتا ياكى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە مەسچىت بىنا قىلىش ياكى ۋاپات بولغانلارنى مەسچىتكە دەپنە قىلىشنى چەكلەش بولسا، شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھارام قىلىندى.

2. قەبرىستانلىقتا ياكى قەبرلەرنىڭ ئۈستىگە مەسچىت بىنا قىلىش ۋە ئۇ يەرگە سۈرەت تىكلەش بولسا يەھۇدى، ناسارالارنىڭ قىلمىشىدۇر، بۇنداق ئىشنى قىلغان كىشى ئۇلارغا ئوخشۇالغان بولىدۇ.

3. جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى ياساش هارامدۇر.

4. قەبرگە مەسچىت بىنا قىلغان، ئۇنىڭدا سۈرەتلەرنى ئويدۇرغان كىشى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ناچىرىدۇر.

5. شەرىئەت تەۋھىدنى مۇكەممەل ھىمايە قىلىدۇ، شىرىككە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ۋاستىلارنى چەكلەيدۇ.

6. ياخشى كىشىلەر توغرىسىدا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش چەكلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ شىرىككە چۈشۈپ قىلىشقا سەۋەپ بولىدۇ.

(10887)

(24) – عن جندب رضي الله عنه قال: سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَبْلَ أَنْ يَمُوتَ بِخَمْسٍ وَهُوَ يَقُولُ «**إِنِّي أَبْرَأُ إِلَى اللهِ أَنْ يَكُونَ لِي مِنْكُمْ خَلِيلٌ فَإِنَّ اللهَ تَعَالَى قَدِ اتَّخَذَنِي خَلِيلًا كَمَا اتَّخَذَ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلًا، وَلَوْ كُنْتُ مُتَّخِذًا مِنْ أُمَّتِي خَلِيلًا لَاتَّخَذْتُ أَبَا بَكْرٍ خَلِيلًا! أَلَا وَإِنَّ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ كَانُوا يَتَّخِذُونَ قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ وَصَالِحِيهِمْ مَسَاجِدَ، أَلَا فَلَا تَتَّخِذُوا الْقُبُورَ مَسَاجِدَ! إِنِّي أَنْهَاكُمْ عَنْ ذَلِكَ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(24) – جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشتىن بەش كۈن ئىلگىرى مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»**مەن سىلەردىن بىرىڭلار بىلەن دوست بولغانلىقىم توغرىسىدا ئاللاھقا ئۆزۈمنى پاكلايمەن،-يەنى مەن سىلەردىن بىرىڭلارنى دوست تۇتمىدىم- ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مېنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك، دوست تۇتتى، ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن بىرىنى دوست تۇتماقچى بولغان بولسام ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دوست تۇتاتتىم. دىققەت قىلىڭلار! سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەتگاھ قىلىۋالدى. دىققەت قىلىڭلار! سىلەر قەبرىستانلىقنى ئىبادەتگاھ قىلىۋالماڭلار، مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن چەكلەيمەن**«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئورنىنى بايان قىلىپ ياخشى كۆرۈشتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېرىشكەندەك ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا دوستى بولۇشنى رەت قىلدى، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتى، ئۇلۇغلىقى ۋە ئاللاھنى ھەقىقى تونۇشقا توشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىگە ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ سۆيگۈسى ،سىغمايدۇ .ئەگەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا دوستى بولغان بولسا ئىدى ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستى بولاتتى .ئۇنىڭدىن كېيىن سۆيگۈ-مۇھەببەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇردى، خۇددى يەھۇدىي-ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ قەبرىسى توغرىسىدا ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھنى قويۇپ قەبرە ساھىبىغا ئىبادەت قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ قەبرىسگە گۈمبەز قاتۇرۇپ

قەبرىستانلىقنى مەسچىت ۋە مەئبەد قىلىۋالغانلىقدىن ئىبارەت شېرىك ئىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۈممىتىنى ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىشتىن چەكلىدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ساھابىلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىز باسار بولۇشتا كىشىلەرنىڭ ئارىسدا ئەڭ سالاھىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.
2. قەبرىستانلىققا مەسچىت ياساش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ مۇنكەر ئىشلىرىدىندۇر.
3. قەبرىستانلىقنى، ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئادا قىلىدىغان ئىبادەت ئورنى قىلىۋېلىشتىن، ئۇ يەرگە مەسچىت ياساش ياكى گۈمبەز ياساشتىن چەكلەش بولسا، شېرىككە چۈشۈپ قىلىشنىڭ سەۋەپلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.
4. سالىھ كىشىلەر توغرىسىدا چەكتىن ئېشىپ كېتىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدۇ.
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان ئىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بەش كۈن بۇرۇن بۇنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

(3347)

(25) – عن أبي الهيَّاج الأسدي قال: قَالَ لِي عَلِيُّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ: أَلَا أَبْعَثُكَ عَلَى مَا بَعَثَنِي عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؟ أَنْ لَا تَدَعَ تِمْثَالًا إِلَّا طَمَسْتَهُ، وَلَا قَبْرًا مُشْرِفًا إِلَّا سَوَّيْتَهُ. [صحيح] - [رواه مسلم]

(25) – ئەبى ھەيياج ئەسەدىي مۇنداق دەيدۇ: ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ ماڭا: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مېنى ئەۋەتكەن بىر ئىشقا سېنى ئەۋەتەيمۇ؟ ھەرقانداق ھەيكەل بولسا قويماي يېقىتقىن، ھەرقانداق ئېگىز قەبرىنى تۈزلىۋەتكىن دېدى».**

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ھەر قانداق بۇت-ھەيكەل يەنى روھ مۇجەسسەملەشكەن بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن ھېچ بىرىنى قالدۇرماي يوق قىلىش ۋە ئىزىنى قويماسلىققا بۇيرۇپ باشقا جايلارغا ئەۋەتەتتى.

ئېگىز قاتۇرۇلغان قەبرىلەر بولسا ئۇنى تۈزلىۋېتىشكە، ئۈستىدە گۈمبەز بولسا ئۆرۈۋېتىشكە زېمىندىن بىر غېرىچتىن ئارتۇق بولغاننى تۈزلىۋېتىشكە بۇيرىتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. روھ مۇجەسسەملەشكەن سۈرەتلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇ شۇ دەۋرىدە شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلاردىن ئىدى.
2. مۇنكەر ئىشنى ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتى بولغان ۋە ھوقۇقى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىشى يولغا قويۇلغان.
3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەتنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۈرەت، ھەيكەل، قەبرىنىڭ ئۈستىگە قاتۇرۇلغان گۈمبەز قاتارلىق نەرسىلەرنى يوق قىلغان ئىدى.

(5934)

(26) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسعودٍ رضي الله عنه عن رَسولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم قال: «الطِّيَرَةُ شِرْكٌ، الطِّيَرَةُ شِرْكٌ، الطِّيَرَةُ شِرْكٌ، -ثلاثًا-»، وَمَا مِنَّا إِلَّا، وَلَكِنَّ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ يُذْهِبُهُ بِالتَّوَكُّلِ.
[صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وأحمد]

(26) – ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»«شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر«، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇم پال ئالمايدىغان بىرسى يوق ئىدى، لېكىن ئاللاھ تائالا شۇم پال ئېلىشنى تەۋەككۇل بىلەن كەتكۈزىۋېتىدۇ».  [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

**شەرھىسى:**

،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننى، كۆزى كۆرگەن ياكى قۇلىقى ئاڭلىغان، ئۇچارلىقتىن ھايۋانلاردىن، تۆرلۈك ئەيپلەرگە دۇچار بولغان مېيىپلەردىن، تۆرلۈك سانلاردىن ياكى كۈنلەردىن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەردىن شۇم پال ئېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى .ھەدىستە تەير« ئۇچارلىقتىن دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى، چۈنكى ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىش جاھىلىيەت» دەۋرىدە ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولغان .ئىشنىڭ ئەسلى :ئۇلار سەپەرگە چىقماقچى ياكى تىجارەت قىلماقچى ھەتتا توي قىلماقچى بولسىمۇ بىر قۇشنى قويۇۋېتەتتى، ئەگەر قۇش ئوڭ تەرەپتىن ئۇچسا ئۇلار بۇنىڭدىن ياخشىلىق دەپ پال ئېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئەگەر قۇش سول تەرەپتىن ئۇچسا ئۇلار بۇنىڭدىن شۇم پال ئېلىپ)يەنى بۇ ئىشتا ياخشىلىق يوق دەيتتى (قىلماقچى بولغان ئىشىدىن قول ئۈزەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ھەقىقەتەن شۇم پال ئېلىش شېرىك، چۈنكى ھەر قانداق ياخشىلىقنى ئاللاھ كەلتۈرىدۇ، ھەر قانداق يامانلىقنىمۇ ھېچ شېرىكى يوق بىر ئاللاھ دەپئى قىلىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانىنىڭ كۆڭلىگە شۇم پالدىن بىر نەرسە كىلىپ قالىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى، لېكىن ئىنسان شۇم پالنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەپلەرنى قىلىش بىلەن يوق قىلىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. قۇشلارنىڭ ئۇچىشىدىن شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا، ئىنساننىڭ دىلى ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئالاقىدار بولۇپ قالىدۇ.

2. مۇھىم مەسىلىلەرنى دىلغا ئورنىتىش ۋە ئېسىدە تۇتۇش ئۈچۈن تەكرار دېيىش مۇھىمدۇر.

3. ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىشنى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش كەتكۈزىۋېتىدۇ.

4. ھەدىس يالغۇز بىر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا، قەلبنى پەقەت ئاللاھقا ئالاقىدار قىلىشقا بۇيرىيدۇ.

(3383)

(27) – عن عمران بن حصين رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**لَيْسَ مِنَّا مَنْ تَطَيَّرَ أَوْ تُطُيِّرَ لَهُ، أَوْ تَكَهَّنَ أَوْ تُكُهِّنَ لَهُ، أَوْ سَحَرَ أَوْ سُحِرَ لَهُ، وَمَنْ عَقَدَ عُقْدَةً، وَمَنْ أَتَى كَاهِنًا فَصَدَّقَهُ بِمَا يَقُولُ فَقَدْ كَفَرَ بِمَا أُنْزِلَ عَلَى مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ**». [حسن] - [رواه البزار]

(27) – ئىمران بىن ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا كۆرە ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى بېكىتكەن، رەمبال-پالچىلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىشەنگەن، سېھىر قىلغان ياكى قىلدۇرغان، بىر نەرسىلەرنى چىگىپ ئۇنىڭغا سېھىر قىلغان، رەمبال-پالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھاجىتىنى سوراپ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەق دىنغا ئىنكار قىلغان بولىدى**». ھەسەن(ھەدىسنى)

[(سەھىھ قىلىدىغان تەقەت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)-[بەززار"مۇسنەد بەززار" ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى ئەمەللىرىنى قىلغانلىرىنى «**ئۇلار بىزدىن ئەمەس**» دېگەن سۆز ئارقىلىق جازاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇ ئىشلاردىن:

بىرىنچى: «**كىمكى قۇش ئۇچۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار قۇش ئۇچۇرسا**» دېگەن سۆزدىن بولغان مەقسەت: جاھىلىيەت دەۋرىدە سەپەر، تىجارەت ۋە باشقا ئىشلارنى باشلايدىغان ۋاقىتتا، قۇشنى قويۇپ بېرەتتى، ئەگەر قۇش ئوڭ تەرەپكە ئۇچسا بۇنىڭدىن ياخشىلىق بولىدۇ دەپ ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئەگەر قۇش سول تەرەپكە ئۇچسا، بۇنىڭدىن شۇم پال ئېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كېچەتتى .بۇ تۆردىكى ئىشلارنى ئۆزى قىلسىمۇ

ياكى باشقىلارغا قىلدۇرسىمۇ توغرا بولمايدۇ .كۆزى كۆرگەن ۋە قۇلىقى ئاڭلىغان ھەر قانداق قۇش، ھايۋان، بالا-قازاغا ئۇچرىغان، سان-سىپىر، كۈنلەر ۋە ئايلار قاتارلىق نەرسىلەردىن شۇم پال ئېلىش بۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىككىنچىسى :رەمبال-پالچىلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىشەنگەن :يەنى ئاسترونۇمىيە ئىلمى ۋە باشقا ۋاستىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەيىپنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ياكى غەيىپنى بىلىمەن دەيدىغان رەمبال-پالچىلارنىڭ يېنىغا بارغان ۋە ئۇلارنىڭ غەيىپنى بىلىمەن دېگەن سۆزىگە كۆرە، ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنگەن كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەق دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى :سېھىر قىلغان ياكى قىلدۇرغان :يەنى بىر ئىنسانغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى سېھىرگەرلىك قىلغان ياكى باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن سېھىرگەرلىك قىلدۇرغان، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن چىگىك چىگىپ ئۇنىڭغا ھارام-شېرىك ئارىلاشقان بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ سۈپ-كۆش قىلىپ سېھىر قىلغان كىشى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەقدىرىگە ئىشىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى، قۇشلاردىن، ئۇلارنىڭ سايراشلىرى ۋە ئۇچۇشلىرىدىن شۇم پال ئېلىش، سېھىرگەرلىك قىلىش، رامباللىق قىلىش ياكى شۇنداق كىشىلەردىن بىرنەرسە سوراش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. غەيىپنى بىلىمەن دېگەنلىك ئاللاھنى بىر بىلىشتىن ئىبارەت بولغان ھەقىقى تەۋھىدكە زىت بولغان شېرىك ئىشتۇر.

3. ،رامبال-پالچىلارنىڭ يېنىغا بېرىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى شۇنداقلا ئالقانغا قاراپ بىر نەرسە ئوقۇش، پىيالە ياكى ئاپتۇۋا چوگۈلتىش، ئاسمان ئوربىتلىرى ۋە ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ ھۆكۈم قىلىش )گەرچە بىلىپ بىقىشنى مەقسەت قىلىسىمۇ (قاتارلىق ئىشلار ھارامدۇر.

(5981)

(28) – عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**لَا عَدْوَى، وَلَا طِيَرَةَ، وَيُعْجِبُنِي الْفَأْلُ**» قَالَ قِيلَ: وَمَا الْفَأْلُ؟ قَالَ: «**الْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(28) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**كېسەلدىن يۇقۇملۇنۇش، ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىش ،يوقتۇر، ماڭا خۇش پال يارايدۇ، دېدى. ساھابىلەر: خۇش پال دېگەن نېمە؟ دېگەندە ،رەسۇلۇللاھ: چىرايلىق سۆز، دېگەن**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [(بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەلنىڭ ئالالھنىڭ تەقدىرىسىز يۇقىدىغانلىقى ۋە بىر-بىرىگە يۆتكىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولغان جاھىلىيەت ئېتىقادىنىڭ توغرا ئەمەس، باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ .ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىش توغرا بولمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ كۆزى كۆرگەن ياكى قۇلىقى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئۇچارلىق ياكى ھايۋان ياكى مېيىپلەر ياكى ساناق سانلار ياكى كۈنلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەردىن شۇم پال ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر .ھەدىستە تەير «ئۇچارلىقتىن دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى، چۈنكى ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىش جاھىلىيەت» دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولغان .ئىشنىڭ ئەسلى :ئۇلار سەپەرگە چىقماقچى ياكى تىجارەت قىلماقچى ھەتتا توي قىلماقچى بولسىمۇ بىر قۇشنى قويۇۋېتەتتى، ئەگەر قۇش ئوڭ تەرەپتىن ئۇچسا ئۇلار بۇنىڭدىن ياخشىلىق دەپ پال ئېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئەگەر قۇش سول تەرەپتىن ئۇچسا ئۇلار بۇنىڭدىن شۇم پال ئېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن قول ئۈزەتتى .ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ياخشى پالدىن خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى، ئۇ بولسىمۇ :ئىنسانغا ئۇنى سۆيۈندۈرىدىغان ۋە خۇرسەن قىلىدىغان ياخشى سۆزلەرنى قىلىش بولۇپ، بۇ سۆز ئىنساننى رەببى ھەققىدە .ياخشى گۇماندا بولىدىغان قىلىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش كېرەك، ھەر قانداق ياخشىلىق ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدۇ ۋە .ھەر قانداق يامانلىقنى پەقەت ئاللاھ دەپئى قىلىدۇ
2. قۇشلارنىڭ ئاۋازى ۋە ئۆزىدىن شۇم پال ئېلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا كۆرە قىلىدىغان ئىشتىن ،قول ئۈزۈش چەكلىنىدۇ

3. خۇش پائال دېگەن چەكلەنگەن شۇم پال ئىلىشنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالاغا ياخشى قاراشتا بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

4. ھەممە ئىش يەككە-يېگانە، ھېچ شېرىكى يوق بىر ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

(3422)

(29) – عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الجُهَنِيِّ رضي الله عنه أَنَّهُ قَالَ: صَلَّى لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَاةَ الصُّبْحِ بِالْحُدَيْبِيَةِ عَلَى إِثْرِ سَمَاءٍ كَانَتْ مِنَ اللَّيْلَةِ، فَلَمَّا انْصَرَفَ أَقْبَلَ عَلَى النَّاسِ، فَقَالَ: «**هَلْ تَدْرُونَ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمْ؟**» قَالُوا: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: «**أَصْبَحَ مِنْ عِبَادِي مُؤْمِنٌ بِي وَكَافِرٌ، فَأَمَّا مَنْ قَالَ: مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللهِ وَرَحْمَتِهِ، فَذَلِكَ مُؤْمِنٌ بِي وَكَافِرٌ بِالْكَوْكَبِ، وَأَمَّا مَنْ قَالَ: بِنَوْءِ كَذَا وَكَذَا، فَذَلِكَ كَافِرٌ بِي وَمُؤْمِنٌ بِالْكَوْكَبِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(29) – زەيد بىن خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە يامغۇر ياققان كېچىسى ئەتىسىگەندە بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە يۈزلىنىپ مۇنداق دېدى:»**رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟**«دېدى، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:»**بەندىلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئىشىنىپ ۋە ماڭا كاپىر بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدى، ئەمما ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن يامغۇرغا ئېرىشتۇق دېگەنلەر ماڭا ئىشەندى ۋە يۇلتۇزلارغا كاپىر بولدى، ئەمما پالانى يۇلتۇز پالانى جايغا كەلگەندە يامغۇر ياغدۇ دېگەنلەر ماڭا كاپىر بولدى ۋە يۇلتۇزغا ئىشەندى**«دېدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە يېقىن بولغان جايدىكى ھۇدەيبىيە دېگەن جايدا كېچىدە يامغۇر ياققاندىن كېيىن ئەتىسىگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازنى ئادا قىلىپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە يۈزلىنىپ ئۇلاردىن سورىدى»: رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟«دەپ سورىدى. ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا يامغۇر ياغقاندا ئىنسانلارنىڭ ئىككى تۈرگە

ئايرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ؛ بىر قىسمى مۇئمىن، يەنە بىر قىسمى كاپىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى .ئەمما :ئالللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن يامغۇرغا ئېرىشتۇق دەپ يامغۇرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئالللاھ تائالاغا نىسبەت بەرگەنلەر ئالللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە يۇلتۇزلارنى ئالللاھنىڭ ئىشلىرىغا شىرىك قىلمىغانلاردۇر .ئەمما :پالانى يۇلتۇز پالانى جايغا كەلگەندە يامغۇرغا ئېرىشىمىز دېگەنلەر ئالللاھ تائالاغا كاپىر بولغۇچى ۋە يۇلتۇزلارغا ئىشەنگۈچىدۇر، يامغۇرنىڭ يېغىشىنى يۇلتۇزلارغا نىسبەت بېرىش بولسا كىچىك شېرىكتۇر .ئالللاھ بىلەن قەسەمكى، ئالللاھ تائالا شەرىئەتتىمۇ ۋە تەقدىردىمۇ يۇلتۇزنى يامغۇرنىڭ يېغىشىغا سەۋەب قىلمىدى .ئەمما يامغۇرنىڭ يېغىشىنى ۋە زېمىندا يۈز بەرگەن باشقا ھادىسىلەرنى يۇلتۇزلارنىڭ ئۇيۇقتا ھەرىكەتلىنىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشىگە نىسبەت بېرىپ، يۇلتۇزنى بۇنىڭ ھەقىقى قىلغۇچىسى دەپ ئېتىقاد قىلسا ، ئۇ كىشى ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدىغان ھەقىقى كاپىر بولىدۇ.

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. يامغۇر ياققاندىن كېيىن :ئالللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن يامغۇرغا ئېرىشتۇق دېيىش ياخشى كۆرۈلىدۇ.
2. كىمكى يامغۇرنىڭ يېغىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نېمەتلەرنى پەيدا قىلىش ۋە يارىتىشنى يۇلتۇزلارغا نىسبەت بېرىدىكەن، ئۇ ئادەم ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدىغان ھەقىقى كاپىر بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا يۇلتۇز سەۋەبچى بولدى دەپ سەۋەبنى يۇلتۇزغا نىسبەت بەرسە، بۇ ساھىبىنى ئىسلامدىن چىقىشىغا سەۋەب بولمايدۇ .چۈنكى يۇلتۇز شەرىئەتتىمۇ ۋە ئەقلىدىمۇ يامغۇرنىڭ يېغىشىغا سەۋەب بولمايدۇ.
3. ھەقىقەتەن نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلسا كۇپۇرغا سەۋەب بولىدۇ، شۈكۈر ئېيتسا ئىمانغا سەۋەب بولىدۇ.
4. شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى چەكلەش ئۈچۈن گەرچە ۋاقىت مەقسەت قىلىنسىمۇ "پالانى تۈردىكى يۇلتۇز بىلەن يامغۇرغا ئېرىشتۇق "دېيىش چەكلىنىدۇ.
5. نېمەتنى جەلىپ قىلىش ۋە ئازابنى يوق قىلىشتا دىلنىڭ ئالللاھغا تەئەللۇق بولىشى ۋاجىب بولىدۇ.

(65010)

(30) – عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ الْجُهَنِيِّ رضي الله عنه: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَقْبَلَ إِلَيْهِ رَهْطٌ، فَبَايَعَ تِسْعَةً وَأَمْسَكَ عَنْ وَاحِدٍ، فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، بَايَعْتَ تِسْعَةً وَتَرَكْتَ هَذَا؟ قَالَ: «**إِنَّ عَلَيْهِ تَمِيمَةً**»، فَأَدْخَلَ يَدَهُ فَقَطَعَهَا، فَبَايَعَهُ، وَقَالَ: «**مَنْ عَلَّقَ تَمِيمَةً فَقَدْ أَشْرَكَ**». [حسن] - [رواه أحمد]

(30) – ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئەل جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر توپ كىشىلەر كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن توققۇز كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما ئونىنچى كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇلار :ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى !توققۇز كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدىڭلا، بۇ كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدىڭلا؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:»**ئۇ كىشى بويىنىغا تۇمار ئېسىۋاپتۇ**« ،دېدى، ئۇ كىشى قولىنى بويىنىغا كىرگۈزۈپ تۇمارنى ئۈزۈپ ئېلىۋەتتى شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭمۇ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:»**كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ**«. [ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)-[ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

ئون كىشىلىك بىر جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن توققۇز كىشىدىن ئىسلامغا ۋە ھەققە ئەگىشىش توغرىسىدا بەيئەت ئالدى، ئونىنچى كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئۇنىڭ بويىندا تۇمار بار ئىكەن دېدى، تۇمار دېگەن :كۆز تېگىش ۋە زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان تېرىدىن قاپلانغان ياكى يىپكە تېزىلغان كۆز مۇنچاق دېگەندەك نەرسىلەر .ئۇ كىشى قولىنى بويىنىغا كىرگۈزۈپ تۇمارنى ئۈزۈپ ئېلىۋەتتى، شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭمۇ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە تۇمار ئېسىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بىرىپ مۇنداق دېدى :»**كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ**«.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە تايىنىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ مەقسىتىنى بۇزۇش بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

2. تۇمارنى ئەزىيەتتىن يىراق قىلىدۇ، كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئېسىش كىچىك شېرىك بولىدۇ .ئەمما ئەگەر تۇمارنىڭ ئۆزى مەنپەئەت بېرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئېسىش بولسا چوڭ شېرىكتۇر.

(6762)

(31) – عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «إِنَّ الرُّقَى والتَّمائِمَ والتِّوَلَةَ شِرْكٌ». [صحيح] - [رواه أبو داود وابن ماجه وأحمد]

(31) – ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: »**توغرا بولمىغان رۇقىيە ئوقۇش كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمار ئېسىش ۋە ئەر-ئاياللىنى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن تۇمار پۈتۈش شېرىك ھېسابلىنىدۇ**«. [بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ(سەھىھ بولىدۇ-[])]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەزى ئىشلارنى قىلىشنىڭ شېرىكتىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ ئىشلاردىن:

بىرىنچىسى :رۇقىيە، بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ شىپالىق تەلەپ قىلغاندا ئېيتىدىغان شېرىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (سۆزلىرىدۇر.)

ئىككىنچى :كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بالىلارنىڭ، چارۋىلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان مۇنچاققا ئوخشاش نەرسىلەر.

ئۈچىنچى :ئەر-ئاياللىنى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن ياسالغان تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر.

بۇ ئىشلار شېرىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى ئۇ بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى سەۋەپ قىلىشتۇر، ئۇ دەلىللەر بىلەن بېكىتىلگەن شەرئىي سەۋەپ ئەمەس، ياكى تەجرىبە بىلەن بېكىتىلگەن ھېسسى سەۋەپمۇ ئەمەس .شەرئىي سەۋەپ بولسا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلار، ھېسسى سەۋەپ بولسا تەجرىبىلەر بىلەن ئىسپاتلانغان دورىلار بىلەن داۋالىنىش قاتارلىقلار .بۇ ھەقىقەتەن پايدا ۋە زىيان ئاللاھنىڭ قولىدا، بۇنىڭ ھەممىسى سەۋەپ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تەۋھىد ۋە ئەقىدىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قاراشلاردىن ساقلاش.

2. شېرىك سۆزلەر بولغان رۇقىيەلەرنى، تۇمار ۋە پۈتۈكلەرنى ئىشلىتىش هارام بولىدۇ.

3. ئىنسانىنىڭ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنى سەۋەپ دەپ ئېتىقاد قىلىشى كىچىك شېرىكتۇر، چۈنكى ئۇ سەۋەپ بولمىغان نەرسىنى سەۋەپ قىلىشتۇر. ئەمما ئۇنى ئۆز زاتىدا پايدا-زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش بولسا ئۇ شېرىكتۇر.

4. شېرىك ۋە هارام بولغان سەۋەپلەرنى قىلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

5. شەرىئەتتە يولغا قويۇلمىغان رۇقىيە ئوقۇشنىڭ هارامدۇر.

6. قەلبنىڭ يالغۇز بىر ئاللاھقا ئالاقىدار بولىشى، يېتىدىغان بارلىق پايدا-زىيانلارنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى بولمىغان يالغۇز بىر ئاللاھدىن بولىدىغانلىقى، ياخشىلىقمۇ پەقەت ئاللاھدىن بولىدىغانلىقى، يامانلىقنىمۇ پەقەت ئاللاھ بىلەن مۇداپىئە قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

7. شەرىئەتتە دۇرۇس بولغان رۇقىيە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

8. 1- سەۋەپىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەنپەئەتى بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش.

9. 2- سەۋەپىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى ۋە باشقا يوللۇق دۇئالار بىلەن بولىدىغانلىقى.

10. 3- چۈشىنىدىغان تىل بىلەن بولىشى، چېگىك، ئۇقۇمسىز نەرسىلەردىن بولماسلىقى كېرەك.

(5273)

(32) – عن بعض أزواج النبي صلى الله عليه وسلم عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ أَتَى عَرَّافًا فَسَأَلَهُ عَنْ شَيْءٍ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةٌ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً». [صحيح] - [رواه مسلم]

(32) – پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ بەزى ئايالللىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامدىن بايان قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن :»**كىمكى رەمبال-پالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ**«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام رەمبال-پالچى، يۇلتۇزغا قاراپ خەۋەر بېرىدىغان مۇنەججىم قاتارلىقلارنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى ئۇلار غەيىپنى بىلىدىغاندەك بىر ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ، ھەتتا ئۇلاردىن پەقەت غەيبى ئىشلارنى سوراشنىڭ ئۆزىمۇ توغرا بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قىرىق كۈنلۈك نامازنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قىلىدۇ .بۇ، ئۇ كىشىنىڭ سادىر قىلغان چوڭ خاتالىقى ۋە گۇناھىنىڭ جازاسىدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. رەمبال-پالچىلىق قىلىشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر نەرسە سوراشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.
2. بەزى ۋاقىتتا ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقىغا ئاساسەن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالىدۇ.
3. ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ قاتارىغا :ئالقانغا قاراپ بىر نەرسە ئوقۇش، پىيالە ياكى ئاپتۇۋا چۆگۈلتىش، ئاسمان ئوربىتلىرى ۋە ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ كىرىدۇ( .گەرچە ئۇنى بىلىپ بېقىشنى مەقسەت قىلىسىمۇ )چۈنكى شۇنىڭ ھەممىسى رەمبال-پالچىلىق ۋە غەيىپنى بىلىمەن دېگەننى دەۋا قىلىشتۇر.
4. ئەگەر رەمبال-پالچىنىڭ يېنىغا بارغاننىڭ جازاسى بۇنداق ئېغىر بولسا، ئۇنى !!قىلغۇچىنىڭ جازاسى قانداق بولار؟.
5. قىرىق كۈنلۈك نامىزى ئادا بولىدۇ، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، لېكىن ئۇ نامازلارغا ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

(5986)

(33) – عن ابْنِ عُمَرَ رضي الله عنهما أنه سَمِعَ رَجُلًا يَقُولُ: لَا وَالْكَعْبَةِ، فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ: لَا يُحْلَفُ بِغَيْرِ اللَّهِ، فَإِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «**مَنْ حَلَفَ بِغَيْرِ اللهِ فَقَدْ كَفَرَ أَوْ أَشْرَكَ**». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وأحمد]

(33) – "!ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ" :ياق، كەبە بىلەن قەسەم دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىگە :»**ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلمىغىن، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ» :كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى كاپىر بولدى ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى، چۈنكى قەسەم دېگەن قەسەم قىلىنىغان نەرسىنى ئۇلۇغلاشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇلۇغلۇق يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر، قەسەم پەقەت ئاللاھ بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ ،ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن بولىدۇ .يۇقىرىدا بايان قىلىنىغان قەسەم كىچىك شېرىك ھېسابلىنىدۇ لېكىن ئەگەر قەسەم قىلغۇچى ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلىنىغان نەرسىنى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغاندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغلىۋەتسە، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ چوڭ شېرىكنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. قەسەم بىلەن ئۇلۇغلاش ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، قەسەم پەقەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن بولىدۇ.
2. ،ساھابىلارنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن چەكلەشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى بولۇپمۇ، ئىش شېرىككە ياكى كۇپۇرغا ئالاقىدار بولغاندا شۇنداق بولىدۇ.

(3359)

(34) – عن بريدة رضي الله عنه : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «من حَلَفَ بالأَمَانة فليس مِنَّا». [صحيح] - [رواه أبو داود وأحمد]

(34) – بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى :»كىمكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلسا، بىزدىن ئەمەس» سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە [رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

ھەدىسنىڭ مەنىسى :ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، چۈنكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلغانلىق بولۇپ، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش شېرىكتىن ئىبارەتتۇر .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە :»كىمكى ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ كىشى كاپىر بولىدى ياكى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدى« دېيىلگەن، بۇ يەردىكى شېرىكتىن كىچىك شېرىك مەقسەت قىلىنىدۇ، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش ئىنساننى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، لېكىن قەسەم قىلغۇچى قەسەم قىلىنغۇچى نەرسىنى ئۇلۇغلاپ ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئۇنى ئاللاھنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ دېگەندەك ،ئىتىقاد قىلسا، ئۇ چاغدا چوڭ شېرىك بولىدۇ، بۇ يەردە ئامانەتتىن :ئاللاھ تائالانىڭ ناماز روزا، ھەج قاتارلىق بەندىلەرگە پەرز قىلغان مۇھىم ئەمەللىرى مەقسەت قىلىنىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ئوقۇغان نامىزىمنىڭ ياكى تۇتقان روزامنىڭ ياكى قىلغان ھەججىمنىڭ ھەققى بىلەن دېسە، ياكى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بىر شەكىلدە :ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرى بىلەن قەسەم دېگەن بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن پەقەت ئاللاھ بىلەن ياكى ئۇنىڭ ،سۈپەتلىرىدىن بىرەر سۈپەت بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئامانەت ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئەمەس ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرىغان بۇيرۇقلىرىدىن ۋە بەندىلەرگە قىلغان پەرزلىرىدىن بىرىدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(8964)

(35) – عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ - صلى الله عليه وسلم -: «إنِّي والله -إنْ شاء الله- لا أَحلف على يمين، فأرى غيرها خيراً منها إلاَّ أَتيتُ الَّذِي هو خير، وتحلَّلْتُها». [صحيح] - [متفق عليه]

(35) – ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن :ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ،بىلەن »بىر ئىشقا «قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئىشنى خەيرلىك دەپ قارىسام قەسىمىمگە كەففارەت بېرىپ، ياخشى دەپ قارىغان شۇ ئىشنى قىلىمەن، دېدى سەھىھ(بەش [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل [قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ھەققىدە بايان قىلىپ، ئۇ زات كىلەچەكتىكى بىر نەرسە ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن بولسا، كېيىن باشقا ئىشنىڭ خەيرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇ ئىشنى قويۇپ، قەسىمىگە كاپپارەت بېرىپ، خەيرلىك دەپ قارىغان ئىشنى قىلاتتى

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(2961)

(36) – عَنْ حُذَيْفَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَا تَقُولُوا: مَا شَاءَ اللهُ وَشَاءَ فُلَانٌ، وَلَكِنْ قُولُوا: مَا شَاءَ اللهُ ثُمَّ شَاءَ فُلَانٌ». [صحيح بمجموع طرقه] - [ رواه أبو داود والنسائي في الكبرى وأحمد]

(36) – ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاللاھ تائالا ۋە پالانى خالىسا دېمەڭلار .لېكىن ئاللاھ تائالا خالىسا ئاندىن «پالانى خالىسا دەڭلار  []-[]

**شەرھىسى:**

«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان سۆز قىلغاندا :»ئاللاھ تائالا ۋە پالانى خالىسا دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىدى .ياكى ئاللاھ تائالا خالىسا ۋە پالانى :بۇنداق بولىشى :ئاللاھ تائالانىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسى مۇتلەق بولۇپ ئۇنىڭغا ھېچ كىم شېرىك ،بولالمايدۇ .كېيىنكى جۈملىنى باشتىكى جۈملىگە ئۇلاشتا»ۋاۋ« ھەرپىنى ئىشلەتكەندە كېيىنكى جۈملىدىكى بىر شەخسنى باشتىكى جۈملىدىكى ئاللاھ بىلەن شېرىك قىلىش ۋە ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنى باراۋەر قىلىشنى تەقەززا قىلىپ قويىدۇ .لېكىن ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭدىن كېيىن پالانى خالىسا دېسە بولىدۇ .بەندىنىڭ خالىشىنى ئاللاھنىڭ خالىشىغا ئەگەشتۈرۈشتە ۋاۋ «ھەرپىنى ئىشلەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا »سۈممە« ھەرپىنى ئىشلەتكەندە، ئۇ ئەگىشىپ» .كېلىش ۋە كېيىن كېلىشنى بىلدۈرىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ» دېگەن سۆزلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئاللاھ» تائالاغا »ۋاۋ «ھەرپى بىلەن ئۇلانغان سۆزلەرنى قىلىش ھارام بولىدۇ، چۈنكى .شېرىك بولىدىغان سۆز ۋە لەپزلەردۇر

2. ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭدىن كېيىن سەن خالىساڭ» دېگەن سۆز ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان» ئاللاھ تائالاغا ئۇلىغاندا چەكلىمە بولمىغان ھەرپلەر بىلەن ئۇلانغان سۆزلەرنى قىلىش .دۇرۇس بولىدۇ

3. ئاللاھ ئۈچۈن خالاشنى ئىسپاتلاش، بەندى ئۈچۈنمۇ خالاشنى ئىسپاتلاش .بەندىنىڭ .خالىشى ئاللاھنىڭ خالىشىغا كۆرە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ

4. .ۋاۋ «ھەرپى بىلەن ئاللاھنىڭ خالىشىغا مەخلۇقاتلارنى شېرىك قىلىش چەكلىنىدۇ»

5. ،ئەگەر بىر كىشى :بەندىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ خالىغىنىغا ئوخشاش خالىشى بولىدۇ دەپ مۇتلەقلىق ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتا باراۋەر قىلسا، ياكى بەندىنىڭمۇ مۇستەقىل خالىشى بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلسا بۇ چوڭ شېرىك بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن تۆۋەنرەكىنى ئېتىقاد قىلسا كىچىك شېرىك بولىدۇ.

(3352)

(37) – عَنْ مَحْمُودِ بْنِ لَبِيدٍ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**إِنَّ أَخْوَفَ مَا أَخَافُ عَلَيْكُمُ الشِّرْكُ الْأَصْغَرُ**» قَالُوا: وَمَا الشِّرْكُ الْأَصْغَرُ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: «**الرِّيَاءُ، يَقُولُ اللهُ عز وجل لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِذَا جُزِيَ النَّاسُ بِأَعْمَالِهِمْ: اذْهَبُوا إِلَى الَّذِينَ كُنْتُمْ تُرَاؤُونَ فِي الدُّنْيَا، فَانْظُرُوا هَلْ تَجِدُونَ عِنْدَهُمْ جَزَاءً؟**». [حسن] - [رواه أحمد]

(37) – مەھمۇد بىن لەبىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن :»**مەن سىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەيدىغان نەرسەم كىچىك شېرىك**«، ساھابىلار :ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى !كىچىك شېرىك دىگەن نىمە؟دىيۇىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»**رىيا ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى قىلغان ئەمەللىرى بىلەن جازا-مۇكاپاتلىغاندا، :سىلەر دۇنيادا ماڭا شېرىك قىلغان شېرىكلىرىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇلاردىن بىرەر مۇكاپات تاپالامسىلەر قاراپ بېقىڭلار؟ دەيدۇ**«. ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە [(مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتى ئۈچۈن ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغان ئىشنىڭ كىچىك شېرىك ئىكەنلىكىنى، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر بىر-بىرىگە كۆز-كۆز قىلىپ قىلىدىغان رىيا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ .ئۇنىڭدىن كېيىن قىيامەت كۈنىدە رىيا قىلغۇچىلار ئۇچرايدىغان ئازاب-ئوقۇبەتتىن خەۋەر بېرىپ ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ:»**سىلەر دۇنيادا ئەمەللىنى كىمنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلغان بولساڭلار شۇنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ يېنىدا سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا بېرىدىغان ئەجىر-ساۋاپ بارمۇ؟ قاراپ بېقىڭلار**« دېيىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. .ئىش-ھەرىكەتنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش ۋە رىيادىن ھەزەر قىلىش ۋاجىپتۇر

2. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۇممىتىگە كۆيۈمچان ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىسمەن ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا بۇ توغرىدا نەسىھەت قىلاتتى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ياخشى-سالىھ كىشىلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان ساھابىلارغا خىتاپ قىلىپ بۇنداق ئەنسىرىگەن يەردە، ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەش تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

(3381)

(38) – عن أبي مَرْثَدٍ الغَنَوِيّ رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لَا تَجْلِسُوا عَلَى الْقُبُورِ، وَلَا تُصَلُّوا إِلَيْهَا». [صحيح] - [رواه مسلم]

(38) – ئەبى مەرسەد ئەلغەنەۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن: »قەبرىدە ئولتۇرماڭلار ۋە قەبرىستاندا ناماز ئوقۇماڭلار« . [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام[مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن چەكلىدى.
شۇنىڭدەك قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇشتىنمۇ چەكلىدى، يەنى ناماز ئوقۇغۇچى قىبلىگە قاراپ قەبرىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇشتىن چەكلەندى، چۈنكى ئۇ شېرىكنىڭ يوللىرىدىندۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام قەبرىستانلىقتا ياكى قەبرىلەر ئارىسىدا ياكى قەبرىگە يۈزلىنىپ ناماز ئادا قىلىشتىن چەكلىدى، لېكىن جىنازە نامىزى بولسا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان.

2. شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان يولنى ئېتىش ئۈچۈن قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇش چەكلەندى.

3. ئىسلام دىنى قەبرى توغرىسىدا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش ۋە ئېتىبارغا ئالماسلىقتىن چەكلىدى، چۈنكى ئىسلامدا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش ۋە ئېتىبارغا ئالماسلىق يوقتۇر.

4. مۇسۇلماننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن» :مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇش خۇددى ھايات ۋاقتىدا سۆڭىكىنى سۇندۇرغانغا ئوخشاشتۇر.

(10647)

(39) – عن أبي طلحة رضي الله عنه : أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**لا تدخل الملائكة بَيْتًا فيه كلب ولا صُورة**».

عن ابن عمر رضي الله عنهما ، قال: وعد رسول الله صلى الله عليه وسلم جبريل أن يَأتِيَهُ، فَرَاثَ عليه حتى اشْتَدَّ على رسول الله صلى الله عليه وسلم فخرج فَلَقِيَهُ جبريل فَشَكَا إليه، فقال: إنا لا نَدْخُل بَيْتًا فيه كلب ولا صُورة.

عن عائشة رضي الله عنها ، قالت: واعد رسول الله صلى الله عليه وسلم جبريل عليه السلام، في ساعة أن يأتيه، فجاءت تلك الساعة ولم يَأتِهِ! قالت: وكان بِيَدِه عصا، فَطَرَحَها من يَدِهِ وهو يقول: «**ما يُخْلِفُ الله وَعْدَهُ ولا رُسُلُهُ**» ثم التَفَتَ، فإذا جَرْوُ كلب تحت سريره. فقال: «**متى دخل هذا الكلب؟**» فقلت: والله ما دَرَيْتُ به، فأمر به فأخرج، فجاءه جبريل -عليه السلام- فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم : «**وعَدْتَني، فَجَلَسْتُ لك ولم تَأتِنِي**» فقال: مَنَعَنِي الكلب الذي كان في بيتك، إنا لا نَدْخُل بَيْتًا فيه كلب ولا صورة. [صحيح] - [حديث أبي طلحة متفق عليه. حديث ابن عمر رواه البخاري حديث عائشة رواه مسلم]

(39) – ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: »**پەرىشتىلەر ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ**« دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: جەبرائىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە قىلىپ كېچىكىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچى پۇشۇپ سىرىتقا چىققاندا، جەبرائىل ئۇنىڭغا ئۇچراشتى، جىبرائىلغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىكىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلغان ئىدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام: »**بىز ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز**« دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: جەبرائىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا كېلىشكە كېلىشىپ، ۋاقتى كەلگەندە جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كەلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ مەلائىكىلىرى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ**« دېگەن ھالدا قولىدىكى ھاسىنى تاشلاپ، ئۇياق-بۇياققا قارىسا، كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا بىر ئىتنىڭ كۈچۈكى تۇرۇپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**بۇ ئىت قاچان كىرىۋالدى؟**« دېدى، مەن: بىلمەيمەن دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇپ، ئۇنى چىقارغۇزىۋەتكەندىن كېيىن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**ۋەدە قىلغان ئىدىڭ، ساڭا قاراپ ئولتۇرسام كەلمىدىڭ**«، دېۋىدى، جەبرائىل: مېنى كىرىشتىن ئۆيۈڭدىكى ئىت توسۇپ قويدى بىز ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز، دېدى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس]

[(سەھىھ بولىدۇ- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

ھەدىسنىڭ مەنىسى: پەرىشتىلەر پاك، شەرەپلىك، ئىززەتلىك، تاللانغان مەخلۇقاتلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئىت، ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ سۈرىتى بار ئۆيگە كىرىشتىن چەكلىنىدۇ بۇنىڭدىن ئىت ۋە سۈرەتلەردىن ساقلاش ھارام بولىدىغانلىرى بارلىقى ئىپادىلىنىدۇ، ئەمما ئوۋ ئىتلىرى، زىرائەت ئىتلىرى، چارۋىغا قارايدىغان ئىتلار، شۇنىڭدەك ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان گىلەم، ياستۇق قاتارلىق نەرسىلەردىكى سۈرەت بولسا ھارام ئەمەس، پەرىشتىلەر ئۇ سەۋەپلىك كىرىشتىن چەكلەنمەيدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: كۆرپە-ياستۇقلاردىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سۈرەتلەر بولسا، كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇنى" توغرا دەپ قارايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇنداق جايلارغا پەرىشتىلەر كىرىشتىن چەكلەنمەيدۇ"، پەتىۋۇل بارى 10-توم 382-بەت، تەھپەتۇل ئەھۋەزى 8-توم 72-بەت ئوچۇق ئىشىك ئۇچرىشىشى، 85- قېتىملىق ئۇچرىشىش

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(40) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**لَا تَصْحَبُ الْمَلَائِكَةُ رُفْقَةً فِيهَا كَلْبٌ وَلَا جَرَسٌ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(40) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**پەرىشتىلەر ئىت ۋە قوڭغۇراق بار كارۋانغا ھەمراھ بولمايدۇ**« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، سەپەردە ئىتنى ھەمراھ قىلغان ۋە ئۇلاغنىڭ بويىنغا قۇڭغۇراق ئاسقان كارۋانغا پەرىشتىلەرنىڭ ھەمراھ بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىت بېقىش ۋە ئىتنى ھەمراھ قىلىۋېلىشتىن چەكلىدى، ئەمما ئوۋ ئىتى ۋە چارۋىلارنى ھىمايە قىلىدىغان، قورۇ-جاينى باقىدىغان ئىتلار بۇنىڭدىن ئىستىسنادۇر.
2. كارۋانلارغا ھەمراھ بولۇشتىن چەكلىنىدىغان پەرىشتىلەر بولسا رەھمەت پەرىشتىلىرىدۇر، ئەمما ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پەرىشتىلەر بولسا سەپەردىمۇ ۋە مۇقىم تۇرغاندىمۇ ئايرىلمايدۇ.
3. قوڭغۇراق ئېسىشتىن چەكلىدى، چۈنكى ئۇ شەيتاننىڭ چالغۇلىرىدىن بىرى ئىدى، بۇنىڭدا خىرىستىيانلارنىڭ چالىدىغان قوڭغۇراقلىرىغا ئوخشاپ قېلىش بار.
4. مۇسۇلمان كىشى پەرىشتىلەرنى يىراقلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ۋە ئىشلاردىن يىراق بولۇش كېرەك.

(8951)

(41) – عَن أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**يَأْتِي الشَّيْطَانُ أَحَدَكُمْ فَيَقُولُ: مَنْ خَلَقَ كَذَا؟ مَنْ خَلَقَ كَذَا؟ حَتَّى يَقُولَ: مَنْ خَلَقَ رَبَّكَ؟ فَإِذَا بَلَغَهُ فَلْيَسْتَعِذْ بِاللهِ وَلْيَنْتَهِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(41) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يېنىغا شەيتان كېلىپ :بۇنى كىم ياراتتى؟ بۇنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، مۇشۇ سۆزگە يەتكەندە، ئاللاھدىن پاناھلىق تەلەپ قىلسۇن ۋە تەپەككۇر قىلىشتىن توختىسۇن**«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ مۇئمىننى ۋەسۋەسە قىلىپ كۆڭلىگە تاشلايدىغان سوئاللىرىدىن قۇرتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى بايان قىلىپ بەردى .شەيتان :بۇنى كىم ياراتتى؟ بۇنى ،كىم ياراتتى؟ ئاسماننى كىم ياراتتى؟ زېمىننى كىم ياراتتى؟دەيدۇ .مۇئمىن دىنى تەرەپتىن ئەقلى تەرەپتىن ۋە تۇغما تەبىئەت تەرەپتىن :ئاللاھ ياراتتى دەپ جاۋاپ بېرىدۇ .لېكىن شەيتان ۋەسۋەسىدىن بۇ دەرىجىدە توختىمايدۇ بەلكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىپ :رەببىڭنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇئمىن بۇ ۋەسۋەسىنى تۈۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىلەن مۇداپىئە قىلىدۇ:

.ئاللاھقا بولغان ئىمان

.ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھلىق تىلەش

.ۋەسۋەسە بىلەن يۈرۈپ كەتمەي دەرھال توختاش

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ خەتىرىدىن ساقلىنىش، ئۇ توغرىدا پىكىر قىلماسلىق، ئۇنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش.
2. ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلگەن شەرىئەتكە زىت كېلىدىغان ھەر قانداق ۋەسۋەسە ئۇ شەيتاندىندۇر.
3. ئاللاھنىڭ زاتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشتىن چەكلەش، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ۋە ئالامەتلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا قىزىقتۇرۇش.

(65013)

(42) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**إِنَّ اللَّهَ قَالَ: مَنْ عَادَى لِي وَلِيًّا فَقَدْ آذَنْتُهُ بِالحَرْبِ، وَمَا تَقَرَّبَ إِلَيَّ عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحَبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ، وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بِالنَّوَافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ، فَإِذَا أَحْبَبْتُهُ: كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ، وَبَصَرَهُ الَّذِي يُبْصِرُ بِهِ، وَيَدَهُ الَّتِي يَبْطِشُ بِهَا، وَرِجْلَهُ الَّتِي يَمْشِي بِهَا، وَإِنْ سَأَلَنِي لَأُعْطِيَنَّهُ، وَلَئِنِ اسْتَعَاذَنِي لَأُعِيذَنَّهُ، وَمَا تَرَدَّدْتُ عَنْ شَيْءٍ أَنَا فَاعِلُهُ تَرَدُّدِي عَنْ نَفْسِ المُؤْمِنِ، يَكْرَهُ المَوْتَ وَأَنَا أَكْرَهُ مَسَاءَتَهُ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(42) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ: «**كىم مېنىڭ يېقىن بەندەمنى دۈشمەن تۇتسا مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن، بەندەم مەن پەرز قىلغان ئەمەل-ئىبادەتتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش بىلەن ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ، بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەت بىلەن يېقىنلىشىۋەرسە مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى بولىمەن، كۆرىدىغان كۆزى بولىمەن، تۇتىدىغان قولى بولىمەن ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن، ئەگەر مەندىن بىر نەرسە سورىسا ئۇنىڭغا بېرىمەن، مەندىن پاناھلىق سورىسا ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىمەن، ھېچ ئىشىمدا مۇئمىننىڭ جېنىنى ئالغاندا ئىككىلەنگەندەك ئىككىلەنمىدىم، ئۇ ئۆلۈمنى ئۆچ كۆرىدۇ، مەن رەنجىتىشنى خالىمايمەن**» دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ» :كىم مېنىڭ يېقىن بەندەمگە ئەزىيەت بەرسە، دۈشمەن تۇتسا، ئۆچ كۆرسە، مەنمۇ ئۇ كىشىنى ئۆچ كۆرىمەن، ئۇنى دۈشمەن تۇتىمەن ۋە ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن.

ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىسى دېگەن :تەقۋادار مۇئمىن كىشىدۇر، بەندە ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن ئاللاھقا بولغان يېقىنلىق نەسىبىسىنى ئالىدۇ .مۇسۇلمان ئۆز رەببىگە ئۇ پەرز قىلغان ئەمەل-ئىبادەتتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە تائەت-ئىبادەتلەرنى قىلىپ، چەكلەنگەن-ھارام ئىشلاردىن قول ئۈزۈشنى ۋاجىپ

قىلدى، مۇسۇلمان پەرز ئەمەللەر بىلەن بىرگە نەپلە ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق رەببىگە يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ .ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ كىشىنىڭ تۆت ئەزاسىنى توغرا يولدا قوللىنىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ:

ئۇنىڭ ئاڭلاش ئەزاسىنى توغرىلايدۇ، پەقەت ئاللاھ رازى بولىدىغان نەرسىنى ئاڭلايدۇ.

ئۇنىڭ كۆزىنى توغرىلايدۇ، ئۇ كىشى پەقەت ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان نەرسىگە قارايدۇ.

قولىنى توغرىلايدۇ، قولى بىلەن پەقەت ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىدۇ.

پۇتىنى توغرىلايدۇ، پۇتى بىلەن پەقەت ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە ياخشىلىق بولغان يوللاردا ماڭىدۇ.

مۇشۇنىڭ بىلەن ئاللاھدىن بىر نەرسە سورىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىدۇ، دۇئا قىلسا دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھتىن پاناھلىق تىلىسە، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىنى ئىزدەپ ئىلتىجا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى پاناھلىقىغا ئالىدۇ، ئەندىشە قىلغان ئىشلاردىن ھىمايە قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :ھېچ ئىشىمدا مۇئمىنگە رەھمەت قىلىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالغاندا ئىككىلەنگەندەك ئىككىلەنمىدىم، چۈنكى ئۇ ئۆلۈمدە دەرت-ئەلەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇئمىنىنىڭ دەرت تارتىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىدىن بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس قۇدسىي ياكى ھەدىس ئىلاھىي دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ھەدىسنىڭ لەپزى ۋە مەنىسى ئاللاھ تائالادىن، لېكىن بۇ تۆردىكى ھەدىس باشقا ھەدىسلەردىن پەرقلىق بولسىمۇ ئۇنىڭدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يوق، چۈنكى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ئىبادەت، تاھارەت بىلەن تۇتۇش شەرتتۇر .شۇنداقلا مۆجىزىلىك ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىز كېلىشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر يوق.

2. ئاللاھنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن چەكلەش، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشكە ، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

3. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆچ كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇلارنى دوست تۇتۇش ھارامدۇر.

4. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشمەستىن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ يېقىنلىرىدىن دەپ دەۋا قىلىش يالغانچىلىقتۇر.

5. ئاللاھ پەرز قىلغان ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ۋە چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىغا نائىل بولىدۇ.

6. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن: ئۇ كىشىنىڭ پەرزنى ئادا قىلىپ، ھارامنى تەرك قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەپلە ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشىدۇر.

7. بۇ ھەدىس ئاللاھنىڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ شان-شەرىپى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(6337)

(43) – عن العِرْباضِ بن ساريةَ رضي الله عنه قال: قام فينا رسول الله صلى الله عليه وسلم ذات يوم، فوَعَظَنا مَوعظةً بليغةً وَجِلتْ منها القلوبُ، وذَرَفتْ منها العيونُ، فقيل: يا رسول الله، وعظتَنَا موعظةَ مُودِّعٍ فاعهد إلينا بعهد. فقال: «عليكم بتقوى الله، والسمع والطاعة، وإن عبدًا حبشيًّا، وسترون من بعدي اختلافًا شديدًا، فعليكم بسنتي وسنة الخلفاء الراشدين المهديين، عَضُّوا عليها بالنواجِذ، وإياكم والأمور المحدثات، فإن كل بدعة ضلالة». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وأحمد]

(43) – ئىرباز بىن سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ بىزگە شۇنداق بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن دىللىرىمىز ئۆرتىنىپ، كۆزىمىزدىن ياشلار قۇيۇلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىزگە گويا خوشلىشىدىغاندەك بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىلا، بىزگە سىلىدىن كېيىن چىڭ ئېسىلىدىغان بىر ۋەسىيەتنى قىلسىلا دېيىلگەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاللاھقا تەقۋادار بولۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە بىر قارا قۇل باشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، مەن دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئاجايىپ ئىختىلاپلارنى كۆرىسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ سۈننىتىمگە، شۇنداقلا توغرا يول تۇتقۇچى ئىزباسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن بەك ھەزەر قىلىڭلار، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)-[]]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا شۇنداق بىر ۋەز-نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن دىللار ئۆرتىنىپ، كۆزلەردىن ياشلار قۇيۇلدى. ئۇلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز-نەسىھەتنى ناھايىتى بەك كۆچلۈك قىلغانلىقىنى كۆرگەندە بۇنى گويا خوشلىشىدىغاندەك بىر ۋەز-نەسىھەتكە ئوخشىتىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، چىڭ ئېسىلىدىغان بىر ۋەسىيەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، بۇ ۋاجىپلارنى ئادا قىلىش ۋە ھارام ئىشلارنى تەرك قىلىش بىلەن بولىدۇ» دېدى. سىلەرگە رەھبەر بولغانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىش، ئەگەر سىلەرگە بىر قارا قۇل يەنى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئاددى بىر كىشى-رەھبەر بولسا ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلسىمۇ پىتنە-پاسات پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرەپ

ئۇنىڭغا قارشى چىقماي، باش تارتماي ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەردىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر مەندىن كېيىن نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىختىلاپتىن چىقىشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن توغرا يول تۇتقان ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ىبن خەتتاب، ئوسمان ىبن ئەپپان، ئەلى ىبن ئەبۇ تالىپ )ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن (قاتارلىق ئىز باسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇلارنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىلىش، )يەنى سۈننەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشنى لازىم تۇتۇش .(دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى ۋە ھەر قانداق بىدئەتنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. سۈننەتكە ئەگىشىش ۋە سۈننەتتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى.

2. ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا ۋە دىللارنى يۇمشۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش.

3. ئۇنىڭدىن كېيىن توغرا يول تۇتقان ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ىبن خەتتاب، ئوسمان ىبن ئەپپان، ئەلى ىبن ئەبۇ تالىپ )ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن( قاتارلىق ئىز باسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش،

4. دىندا بىدئەت پەيدا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ھەر قانداق بىدئەتنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

5. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا مۇئمىنلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغانلارغا ئەگىشىش كېرەك.

6. ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھالەتلەردە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى.

7. ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ئىختىلاپ پەيدا بولغان ۋە يۈز بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەرنىڭ يولىغا قايتىش كېرەك.

(65057)

(44) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال: «مَنْ خَرَجَ مِنَ الطَّاعَةِ، وَفَارَقَ الْجَمَاعَةَ فَمَاتَ، مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيَّةً، وَمَنْ قَاتَلَ تَحْتَ رَايَةٍ عِمِّيَّةٍ، يَغْضَبُ لِعَصَبَةٍ، أَوْ يَدْعُو إِلَى عَصَبَةٍ، أَوْ يَنْصُرُ عَصَبَةً، فَقُتِلَ، فَقِتْلَةٌ جَاهِلِيَّةٌ، وَمَنْ خَرَجَ عَلَى أُمَّتِي، يَضْرِبُ بَرَّهَا وَفَاجِرَهَا، وَلَا يَتَحَاشَى مِنْ مُؤْمِنِهَا، وَلَا يَفِي لِذِي عَهْدٍ عَهْدَهُ، فَلَيْسَ مِنِّي وَلَسْتُ مِنْهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(44) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ، نىشانى ئېنىق ،بولمىغان بايراق ئاستىدا، تەرەپبازلىق ئۈچۈن قوزغىلىپ، تەرەپبازلىقتا چاقىرىپ تەرەپدارلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ .مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياخشى-،يامان ھەممىنى ئۆلتۈرگەن، ئۈممەتنىڭ مۇئمىنلىرىنى ھېچ ئەيمەنمەستىن ئۆلتۈرگەن ئارىدا كېلىشىم بولغان كىشىلەرنى ئەھدىگە ۋاپا قىلماي كېلىشىمنى بۇزۇپ ئۆلتۈرگەن كىشى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس .مەنمۇ ئۇكىشىگە شاپائەت قىلغۇچى ئەمەسمەن«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئىمامغا بەيئەت قىلىشقا بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمان جامائىتىدىن ئايرىلىپ، ئىمامغا ئىتائەت قىلماستىن شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، جاھىلىيەتتە بىرەر ئەمىرگە ئىتائەت قىلمىغان، مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قېتىلماستىن بەلكى تۈرلۈك پىرقە، جامائەت بولۇپ، بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.

،بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :باتىلدىن ھەقنىڭ كۆرۈنىشى ئېنىق بولمىغان - ئۇقۇمسىز بايراقا ئەگىشىپ دىن ئۈچۈن ياكى ھەققەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماستىن ئۆزىنىڭ مىللىتى، يۇرتى، قەبىلىسى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەنگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ) .يەنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشنى دىنى ئەقىدىگە باغلاپ چۈشۈنۈشنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ .تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈالالايمىز)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇممەتنىڭ ياخشىلىرى ۋە پاسىقلىرى دەپ ئايرىماستىن ھېچ پەرۋا قىلماستىن مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشىنىڭ ئازابىنىڭ دەھشەتلىكىدىن قورۇقماستىن، كاپىرلاردىن كېلىشىم تۈزگەنلەرنى ۋەدىگە ۋاپا قىلماستىن ياكى ئەمىرلەرگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماستىن ئەھدىنى بۇزۇپ ھەممىنى ئۆلتۈرگەن كىشى )ئۇنىڭ قىلمىشى چوڭ گۇناھدۇر (قاتتىق ئازابقا لايىق بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. .ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ
2. بۇ ھەدىستە ئىمامغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان، مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلغان كىشى ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار، ئەگەر ئۇ كىشى مۇشۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.
3. .ھەدىس تەرەپبازلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىشتىن چەكلەيدۇ
4. .ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ
5. ،ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش، جامائەتنى لازىم تۇتۇشتا كۆپ ياخشىلىق بار، تىنچلىق خاتىرجەملىك، ئەھۋاللارنىڭ ياخشى بولىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
6. .ھەدىس جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىۋېلىشتىن چەكلەيدۇ
7. .مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ

(58218)

(45) – عن مَعقِلِ بن يَسار المُزَنِيّ رضي الله عنه قال: إني سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «مَا مِنْ عَبْدٍ يَسْتَرْعِيهِ اللهُ رَعِيَّةً، يَمُوتُ يَوْمَ يَمُوتُ وَهُوَ غَاشٌّ لِرَعِيَّتِهِ، إِلَّا حَرَّمَ اللهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(45) – مەئقل بىن يەسار مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ قويسا، ئۇ كىشى ئۆلگەندە، ئۆزى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشىلەرگە ساختىپەزلىك قىلىپ ئۆلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

### شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىر كىشىنى ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە مەسئۇل قىلسا، مەيلى دۆلەت باشلىقى ياكى باشقا ئەمەلدارلاردىن بولسۇن ياكى ئائىلە باشلىقى ۋە باشقا ئىشلارغا مەسئۇل بولسۇن، ئۆزى ئىشلىرىغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ،ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمايدىكەن، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسەتمەي، ساختىپەزلىك قىلىدىكەن ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەق-ھوقۇقلىرىنى زايە قىلىۋېتىدىكەن، بۇنداق كىشىلەر قىيامەتتە دەرتلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھېساپ ئېلىش ۋە ئازابلاش توغرىسىدىكى ۋەدىسى پەقەت باش رەھبەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەسئۇللارغىلا خاس بولماستىن بەلكى ئاللاھ تائالا ھەر قانداق بىر ئىشقا ئىگە قىلغان ھەممە كىشىگە ئومۇم بولىدۇ.
2. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولغان كىشى، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىش، ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك.
3. مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى ياكى خۇسۇسى، چوڭ ياكى كىچىك ھەر قانداق ئىشلىرىغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بۈيۈكتۇر.

(5335)

(46) – عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ أُمِّ المُؤمنين رضي الله عنها: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: **«سَتَكُونُ أُمَرَاءُ فَتَعْرِفُونَ وَتُنْكِرُونَ، فَمَنْ عَرَفَ بَرِئَ، وَمَنْ أَنْكَرَ سَلِمَ، وَلَكِنْ مَنْ رَضِيَ وَتَابَعَ»** قَالُوا: أَفَلَا نُقَاتِلُهُمْ؟ قَالَ: **«لَا، مَا صَلَّوْا»**. [صحيح] - [رواه مسلم]

(46) – مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :**»يېقىنقى زاماندا سىلەرگە ئەمىر ۋە باشلىقلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىسىلەر، بەزى ئىشلىرىنى شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر، ئۇنىڭ چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ دىلى بىلەن بولسىمۇ ئۆچ كۆرسە، ئۆزىنى پاك تۇتقان بولىدۇ، ئىنكار قىلغان كىشى خاتالىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا رازى بولۇپ ،ئەگەشكەن كىشى ھالاك بولىدۇ«** ساھابىلار :ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىزمۇ؟ دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**»ياق، ئۇلار نامازنى ئادا قىلغان مۇددەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر«**دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يېقىندا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەمىر ۋە باشلىقلار توغرىسىدا خەۋەر بەردى، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېتىراپ قىلىمىز، بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىنكار قىلىمىز .شەرىئەتكە زىت بولغان ئىشنى باشقا تەرەپتىن ئىنكار قىلىشقا قادىر بولالماي دىلى بىلەن ئۆچ كۆرگەن كىشى گۇناھتىن ۋە نىپاقتىن پاك بولغان بولىدۇ .قولى بىلەن ياكى تىلى بىلەن ئىنكار قىلىشقا قادىر بولغان كىشى شۇ بويىۇنچە ئىنكار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۇناھ-مەسىيەتتىن ۋە ئۇ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ .لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشىغا رازى بولغان ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئۇلارغا ئوخشاش ھالاك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن :مۇشۇ سۈپەتتىكى ئەمىر ۋە رەھبەرلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلمىزمۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن چەكلەپ :**»ئۇلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلغان مۇددەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماڭلار«**دېدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنقى زاماندا يۈز بېرىدىغان غەيبى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن بويىچە مەيدانغا كېلىشى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر.
2. شەرىئەتكە زىت بولغان ئىشلارغا رازى بولۇش ۋە ئۇ ئىشلارغا ئىشتىراك قىلىپ بېرىپ قاتنىشىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.
3. ئەمىرلەر شەرىئەتكە زىت بولغان ئىشلارنى پەيدا قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش توغرا بولمايدۇ.
4. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان رەھبەرلەرگە قارشى چىقىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىق، بۇزۇقچىلىق، خاتىرجەمسىزلىك ناھەق قان تۆكۈلۈش قاتارلىق ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ، شەرىئەتكە زىت ئىشنى پەيدا قىلغان ئەمىر-رەھبەر ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەبرى قىلىش بولسا بۇزۇقچىلىق ۋە باشقا تەرەپلەردە ئۇلارغا قارشى چىققاندىن ياخشىراقتۇر.
5. نامازنىڭ ئىشى كاتتا ۋە ئۇلۇغ، ئۇ ئىسلام بىلەن كۇپرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان پەرقتۇر.

(3481)

(47) – عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**سَتَكُونُ أَثَرَةٌ وَأُمُورٌ تُنْكِرُونَهَا**» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللَّهِ فَمَا تَأْمُرُنَا؟ قَالَ: «**تُؤَدُّونَ الحَقَّ الَّذِي عَلَيْكُمْ، وَتَسْأَلُونَ اللَّهَ الَّذِي لَكُمْ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(47) – ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**يېقىندا تاللاش ۋە دىندا بولمىغان مۇنكەر ئىشلار بولىدۇ**»، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ ۋاقىتتا بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرىيلا؟ دېگەن ئىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار**». سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېقىندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا بەزى رەھبەرلەرنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا ئىشلىرىنى تاللايدىغانلىقى، مالنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنى ئۇ مالدىكى ھەققىدىن چەكلەپ قويىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى .ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىندا بولمىغان مۇنكەر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى .ساھابىلار :ئۇ ۋاقىتتا نېمە قىلىدىغانلىقىنى؟ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ مالنى يالغۇز ئىگەللىۋېلىشى سىلەرنى ئۈستۈڭلاردا ۋاجىپ بولغان ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن چەكلەپ قويمىسۇن، بەلكى سەۋىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىپ ئىشتا تالاش-تارتىش قىلماڭلار، ئاللاھتىن ئۆزۈڭلارنىڭ ھەققىنى ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشنى سوراڭلار، ئۇلارنىڭ يامانلىق ۋە زۇلۇم قىلىشىدىن ساقلىشىنى ئاللاھ تائالادىن سوراڭلار.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىس بولۇپ، ئىش ئۈممەتنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك يۈز بەردى.
2. مۇسىيبەتكە ئۇچرىغۇچىغا ئۇنىڭغا كېلىدىغان مۇسىيبەتتىن خەۋەر بېرىش دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىگە ئاشۇ مۇسىيبەت كەلسە، ئۇنىڭغا سەبرى قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ساۋاپ ئۈمىت قىلغۇچى بولۇشقا تەييارلىنىدۇ.
3. پىتنە ۋە ئىختىلاپتىن ساقلىنىشنىڭ يولى قۇرئان-ھەدىسكە چىڭ ئېسىلىشتۇر.

4. ياخشى ئىشلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ئەمىر-رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا، گەرچە ئۇلاردىن زۇلۇم كۆرسىمۇ ئۇلارغا قارشى چىقماسلىققا رىغبەرلەندۈرۈش.

5. پىتنە بولغان زاماندا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىپ، سۈننەتكە ئەگىشىش زۆرۈر بولىدۇ.

6. گەرچە ئىنسانغا زۇلۇم يەتسىمۇ ئۆز ئۈستىدىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك.

7. بۇ ھەدىس: ئىككى يامانلىقنىڭ تۆۋەنراقى ياكى ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلراقىنى تاللاش دېگەن قائىدىگە دەلىل بولىدۇ.

(3156)

(48) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بنِ عُمرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**كُلُّكُمْ رَاعٍ فَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، فَالأَمِيرُ الَّذِي عَلَى النَّاسِ رَاعٍ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْهُمْ، وَالرَّجُلُ رَاعٍ عَلَى أَهْلِ بَيْتِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْهُمْ، وَالمَرْأَةُ رَاعِيَةٌ عَلَى بَيْتِ بَعْلِهَا وَوَلَدِهِ وَهِيَ مَسْئُولَةٌ عَنْهُمْ، وَالعَبْدُ رَاعٍ عَلَى مَالِ سَيِّدِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْهُ، أَلاَ فَكُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(48) – ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئومۇمى ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى چوڭ مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە پەرزەنتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ ماللىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ .دىققەت قىلىڭلار!، ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ**.«

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتىكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكى ۋە ھەر بىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيتى بار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ .باش رەھبەر، ئىمام، يېتەكچى ئاللاھ تائالا مەسئۇل قىلغان دائىرىدە ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئاللاھنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، قارشى چىققۇچىلاردىن ھىمايە قىلىش، دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىش ۋە خەلقنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى زايە قىلىۋەتمەسلىك قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەر بار .ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىدە ئۇلارنىڭ كېرەكلىك ھازىرلىقلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىش، ئەدەپ-ئەخلاق، تەلىم-تەربىيە ئۆگىتىش ۋە تۇرمۇشنى چىرايلىق شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇش مەسئۇلىيتى بار .ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدە، ئائىلە ئىشلىرىنى تەرتىپلىك ئىدارە قىلىش، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ. خىزمەتچى، قۇل ۋە ياللانغان كىشى خوجايىنىنىڭ مېلىنى ساقلاش، قولىدىكى نەرسىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش، بۇيرۇلغان خىزمەتنى تولۇق ئورۇنداش قاتارلىق ئىشلاردىن مەسئۇل

بولىدۇ .ھەر بىر كىشى ئۆز دائىرىسىگە مەسئۇل بولىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ،مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئومۇم بولۇپ، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئورنى مەنسىپى ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسى بويىۇنچە سوئال قىلىنىدۇ.
2. ،ئايالنىڭ مەسئۇلىتى بەك چوڭ، چۈنكى ئايال ئۆي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ پەرزەنتلەرنى تەربىيلەيدۇ، ئۆزىنىڭ خۇسۇسى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

(5819)

(49) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: سمعتُ من رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول في بيتي هذا: «**اللَّهُمَّ مَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِي شَيْئًا فَشَقَّ عَلَيْهِمْ فَاشْقُقْ عَلَيْهِ، وَمَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِي شَيْئًا فَرَفَقَ بِهِمْ فَارْفُقْ بِهِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(49) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ :»**ئى ئاللاھ !كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان كىشىنىڭ ،ئىشىنى سەنمۇ قىيىنلاشتۇرغىن، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىر ئىشقا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلغان كىشىنىڭ ئىشىنى سەنمۇ ئاسان قىلغىن**«. سەھىھ(بەش شەرت) [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئومۇمغا ئالاقىدار ئىش بولسۇن ياكى شەخسلەرگە ئالاقىدار ئىش بولسۇن قانداق بىر ئىشقا ئىگە بولۇپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلماي، قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالادىن ئۇ كىشىنى قىلغان قىلمىشىنىڭ تۈرىدىن جازالاشنى تىلەپ دۇئا قىلدى.
ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرغان كىشىگە ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا دۇئا قىلدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىگە مەسئۇل بولغان كىشىلەرنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ.
2. جازا-مۇكاپات قىلىنغان ئىشنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ.
3. مېھرىبانلىق ۋە قاتتىقلىقتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئۆلچەم بولسا قۇرئان ۋە سۈننەتكە زىت بولمىغان نەرسىدۇر.

(5330)

(50) – عن تميم الداري رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «الدِّينُ النَّصِيحَةُ» قُلْنَا: لِمَنْ؟ قَالَ: «لِلهِ وَلِكِتَابِهِ وَلِرَسُولِهِ وَلِأَئِمَّةِ الْمُسْلِمِينَ وَعَامَّتِهِمْ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(50) – تەمىم ئەددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىن سەمىمىيەتتۇر» بىز: كىمگە؟ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابى، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى. مۇسۇلمان رەھبەرلەر ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن» دېدى سەھىھ(بەش شەرت) [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم "سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەقىقەتەن دىن دېگەن؛ ئىخلاس راستچىللىق ئاساسىغا تۇرغۇزىلىدۇ. دىنغا ئاللاھ تائالا بۇيرىغاندەك تولۇق ئەمەل قىلىش، ھىلە-مىكىر قىلماستىن مۇكەممەل ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەمىمىيەت كىمگە بولىدۇ؟ دېيىلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
بىرىنچى: ئاللاھ تائالاغا سەمىيمى بولۇش دېگەن: ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا، ئىلاھلىقىغا ۋە گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىش قاتارلىقلار.
ئىككىنچى: ئاللاھنىڭ كىتابىغا سەمىيمى بولۇش دېگەن: ئاللاھنىڭ كىتابى بولسا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ كالامى، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى كىتابى، ئۇ ئۆزىدىن

بۇرۇن نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلاردىكى قانۇن-پىرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەپ چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىش، ئۇنى ئۇلۇغلىشىمىز، ھەققى شەكىلدە تىلاۋەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز، مۇتەشابىھلىرىنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھقا تاپشۇرىشىمىز، )ئۇ كىتابنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە ئېتىبار قىلماسلىقىمىز( قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز، ئىلىملىرىنى تارقىتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشىمىزدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى :ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سەمىيمى بولۇش دېگەن ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ ئېتىقاد قىلىش ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننى تەستىقلاش، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش توسقانلىرىدىن چەكلىنىش، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەتنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ،دىن بويىۇنچە قىلىش، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەت قىلىش ئۇنىڭ دەۋىتىنى تارقىتىش، يولغا قويغان شەرىئىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار.

تۆتىنچى :مۇسۇلمان رەھبەرلەرگە سەمىيمى بولۇش دېگەن :ھەقىقەتتە ئۇلارغا ھەمكارلىشىش، ئۇلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنماسلىق، ئاللاھقا ئىتائەت بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر.

،بەشىنچى :ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا سەمىيمى بولۇش دېگەن :ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، ئۆزى ياقتۇرغان ئىشلارنى ئۇلارغىمۇ ياخشى كۆرۈش، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. .ھەممەيلەنگە سەمىمى بولۇشقا يۈزلەندۈرۈش
2. .دىندا سەمىيمىيەتنىڭ ئورنىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلدۈرۈش
3. دىنىنىڭ ئەمەل ئېتىقاد، سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان .قىلىش
4. سەمىيمىلىكنىڭ جۈملىسىدىن :قەلبنى نەسىھەت قىلىنغۇچىغا ھىلە ئىشلىتىشتىن .ساقلىنىش، ئۇ كىشىگە ياخشىلىق يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت
5. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىشنى دەسلەپتە ئومۇم شەكىلدە بايان قىلىپ كېيىن .تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىشى تەلىم-تەربىيەدىكى گۈزەل ئۇسلۇبىدىن ئىبارەتتۇر

6. ،دەسلەپتە ئىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئۈنۈملۈك بولغانلىرىدىن باشلاش
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا سەمىيمى بولۇشتىن
باشلىدى، ئاندىن ئاللاھنىڭ كىتابىغا، ئاندىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەلەيھىسسالامغا
ئاندىن مۇسۇلمان رەھبەرلىرى ئاندىن ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا سەمىمى بولۇشتا
.ئاخىرلاشتۇردى

(4309)

(51) – عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ: تَلَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هَذِهِ الْآيَةَ: {هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ، وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلَّا اللَّهُ، وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ} [آل عمران: 7]. قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**فَإِذَا رَأَيْتِ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ فَأُولَئِكَ الَّذِينَ سَمَّى اللهُ، فَاحْذَرُوهُمْ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(51) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى :»**هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ، وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلَّا اللَّهُ، وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ**« تەرجىمىسى :)»**ئى مۇھەممەد (!ئۇ )ئاللاھ (ساڭا كىتابنى )يەنى قۇرئاننى (نازىل قىلدى .ئۇنىڭدا مۇھكەم )يەنى مەنىسى ئوچۇق (ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ )يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ (ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ )يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس (ئايەتلەر باردۇر .دىللىرىدا ئەگرىلىك بار )يەنى گۇمراھلىقىقا مايىل( كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ )يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى - خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ( بۇنداق ئايەتلەرنىڭ )ھەقىقىي (مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ .ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان) .بۇنى (پەقەت » ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ«** ]سۈرە ئال ئىمران 7-ئايەت[.

»:**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى قۇرئاندىن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگەشكەنلەرنى كۆرسەڭ ئەنە ئاشۇلار ئاللاھ تائالا دىلىدا ئەگرىلىك بار دەپ ئاتىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن ھەزەر قىلغىن**«. سەھىھ(بەش[ ]](شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى :»**هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلَّا اللَّهُ وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ**

**آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ**»بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى ئۆزىنىڭ نازىل قىلغانلىقىنى، خەۋەر بەردى، قۇرئان كەرىمدە ئىپادىلىگەن مەنالىرى ئېنىق، ھۆكۈملىرى بىلىنگەن، ھېچ قانداق ئارىلىشىش بولمىغان ئايەتلەر بار، ئۇ بولسىمۇ قۇرئاننىڭ ئاساسىدۇر ۋە مەنبىيىدۇر، ئىختىلاپ بولغاندا شۇ ئايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ، قۇرئان كەرىمدە يەنە بىر قانچە مەناغا ئېھتىماللىقى بولغان ئايەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بەزى كىشىلەرگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ ياكى ئۇلار بۇ ئايەت بىلەن يەنە باشقا ئايەتلەرنىڭ ئارىسىدا زىتلىق باردەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئايەتلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى، دىللىرىدا ئەگرىلىك بار )يەنى گۇمراھلىققا مايىل (كىشىلەر مەنىسى ئوچۇق بولغان ئايەتلەرنى قويۇپ مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى تۇتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغاشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى ،خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما ئىلىمدا توشقانلار بۇ مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى بىلىدۇ - ئۇ ئايەتلەرنى مەنىسى ئوچۇق بولغان ئايەتلەرگە قايتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئايەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن زىت بولۇشى ياكى قارمۇ-قارشى بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ، لېكىن بىز زىكىر قىلغان ھۆكۈملەردىن پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ .ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېدى :مۇتەشابىھ يەنى مەنىسى ئوچۇق بولمىغان ئايەتلەرگە ئەگەشكەنلەرنى كۆرسەڭىز بىلىڭكى ئۇلار ئاللاھ تائالا **دىللىرىدا ئەگرىلىك بار )يەنى گۇمراھلىققا مايىل (كىشىلەر**« دەپ ئاتىغانلار ئۇلاردىن» ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭلار.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ،قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مۇھكەملىرى :دالالىتى ئېنىق، مەنىسى ئاشكارا بولغانلىرىدۇر مۇتەشابىھلىرى :بىر قانچە مەنىگە ئېھتىماللىقى بولغان، چۈشىنىش ۋە تەپەككۇرغا ئېھتىياجى بولغانلىرىدۇر.
2. كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋە شەككە تاشلاش ئۈچۈن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرغا قويىدىغان ئازغۇنلار، بىدئەتچىلەرگە ئارىلىشىشتىن ھەزەر قىلىش.
3. ئايەتنىڭ ئاخىرى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بىلەن تامام بولدى :)»**بۇنى )پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ**« دىلىدە قىڭغىرلىق بار ئازغۇنلارنى سۆكۈش، ئىلىمدا تولغانلارنى ماختاش بىلەن يەنى :ئەقىل ئىگىلىرى بولمىغان، ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگىشىدىغان كىشىلەر ۋەز-نەسىھەت ئالمايدۇ دەپ ئاخىرلاشتۇردى.

4. مۇتەشابىھ ئايەتلىرىگە ئەگىشىش بولسا دىلنىڭ قىڭغىرلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

5. مەنىسى چۈشىنىلمەيدىغان مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى مەنىسى ئېنىق بولغان مۇھكەم ئايەتلەرگە قايتۇرۇپ چۈشىنىش ۋاجىپ بولىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى سىناش ۋە ئىمان ئەھلىنى ئازغۇنلاردىن ئايرىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ بەزىسىنى مۇھكەم ۋە بەزىسىنى مۇتەشابىھ قىلدى.

7. قۇرئان كەرىمدە مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى :ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ باشقىلارغا بولغان پەزىلىتىنى ئاشكارا قىلىش، ئەقىلنىڭ چەكلىك ئىقتىدارىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەقىلنىڭ ئىگىسى-ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە ئىنسان ئەقلىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

8. ئىلىمدە مۇكەممەل بولۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا مۇستەھكەم بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنىدۇ.

9. تەپسىرشۇناسلار ئايەتتىكى :»**بۇنداق ئايەتلەرنىڭ ) ھەقىقىي (مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ .ئىلىمدا توشقانلار**«دېگەن ئايەتتىكى »**ئاللاھ**« دېگەن سۆزدە توختىلىپ ئىككى تۈرلۈك قاراش بايان قىلدى :ئايەتنىڭ ھەقىقى مەنىسى دېگەندىن بولغان مەقسەت :بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە كەيپىياتىنى بىلىش ۋە ئۇنى تېپىشقا يول بولمىغان نەرسىدۇر، يەنى روھ ۋە قىيامەتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش ئۇنى بىلىشنى ئاللاھ ئۆزى تاللىغان ئىلىمدۇر، ئىلىمدە تولغان ئالىملار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ تەسلىم بولىدۇ، ئەمما »ئاللاھ «دېگەن لەپزىدە توختىماي ئۇلاپ ئوقۇسا، ئۇ ۋاقىتتا ئايەتنىڭ ھەقىقى مەنىسى دېگەندىن بولغان مەقسەت ئۇنى ئىزاھلاش، مەنىسىنى ئېچىپ بېرىش ۋە ئوچۇقلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ ۋە ئىلىمدە تولغانلارمۇ بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇ ئايەتنى مەنىسى ئېنىق بولغان ئايەتلەرگە قايتۇرىدۇ دېگەن بولىدۇ.

(65062)

(52) – عن أبي سعيد الخُدْرِيِّ رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ، وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(52) – ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن قەلبى بىلەن نارازى بولۇش بولسا ئىمانىنىڭ ئەڭ ئاجىز ئىپادىسىدۇر» سەھىھ(بەش شەرت) [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە] [رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنكەر ئىشنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزگەرتىشكە بۇيرىدى .- مۇنكەر دېگەن :ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ھەر قانداق ئىش مۇنكەر دېيىلىدۇ. مۇنكەر ئىشنى كۆرگەندە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە كۆچى يەتسە قولى بىلەن )ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن (ئۆزگەرتىش ۋاجىب بولىدۇ .ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنى ،تىلى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ ۋە مۇنكەر ئىش قىلغۇچىنى قىلمىشىدىن چەكلەيدۇ، ئۇ ئىشنىڭ زىيانلىق خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، بۇنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئىشقا يېتەكلەيدۇ .تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنى دىلى بىلەن يامان كۆرىدۇ، يەنى مۇنكەر ئىشنى يامان كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالىسا ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ .مۇنكەر ئىشنى دىلى بىلەن يامان كۆرۈش بولسا ئىمان-ئېتىقادنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرىپىدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. .ھەدىس مۇنكەرنى ئۆزگەرتىشتىكى باسقۇچلارنى بايان قىلىشتىكى ئاساستۇر
2. مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش تەدرىجى بولىدۇ، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە دائىرىسى بويىنچە ئادا قىلىدۇ.
3. مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش دىندىكى ئەڭ چوڭ ئىش بولۇپ، بۇ ھېچ كىشىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ تاقىتى بويىنچە ئادا قىلىشقا بۇيرىلىدۇ.

4. ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن چەكلەش ئىماننىڭ خىسلەتلىرىدىن بولۇپ، ئىمان ياخشىلىق بىلەن زىيادە بولىدۇ، يامانلىق بىلەن كېمىيدۇ.

5. مۇنكەر ئىشنى چەكلەشتە :ئاشۇ ئىشنىڭ مۇنكەر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش شەرت قىلىنىدۇ.

6. مۇنكەر ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتكەن مۇنكەردىن كاتتىراق يەنە بىر مۇنكەر كېلىپ چىقماسلىق شەرت قىلىنىدۇ.

7. مۇنكەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەدەپ ۋە شەرتلىرى بولىدۇ، مۇسۇلماننىڭ ئۇنى بىلىشي كېرەك.

8. مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش شەرئى سىياسەت، ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

9. مۇنكەرنى دىلى بىلەنمۇ يامان كۆرمەسلىك ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(65001)

(53) – عَنِ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَثَلُ القَائِمِ عَلَى حُدُودِ اللَّهِ وَالوَاقِعِ فِيهَا، كَمَثَلِ قَوْمٍ اسْتَهَمُوا عَلَى سَفِينَةٍ، فَأَصَابَ بَعْضُهُمْ أَعْلاَهَا وَبَعْضُهُمْ أَسْفَلَهَا، فَكَانَ الَّذِينَ فِي أَسْفَلِهَا إِذَا اسْتَقَوْا مِنَ المَاءِ مَرُّوا عَلَى مَنْ فَوْقَهُمْ، فَقَالُوا: لَوْ أَنَّا خَرَقْنَا فِي نَصِيبِنَا خَرْقًا وَلَمْ نُؤْذِ مَنْ فَوْقَنَا، فَإِنْ يَتْرُكُوهُمْ وَمَا أَرَادُوا هَلَكُوا جَمِيعًا، وَإِنْ أَخَذُوا عَلَى أَيْدِيهِمْ نَجَوْا، وَنَجَوْا جَمِيعًا». [صحيح] - [رواه البخاري]

(53) – نۇئمان بىن بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدە تۇرغۇچىلار ۋە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچىلەرنىڭ مىسالى :بىر كېمىگە بارابەر چىققان ئۇنىڭدىن كېيىن كېمىنىڭ ئۈستىدە ياكى ئاستى قەۋىتىدە ئولتۇرۇش توغرىسىدا ئۆزئارا چەك تاشلاشقان، بەزىلىرىگە ئۈستۈن قەۋەت چىققان يەنە بەزىلىرىگە ئاستى قەۋەت چىققان ئاستى قەۋەتتىكىلەر سۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۈستى قەۋەتتىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ سۇ ئېلىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاستى قەۋەتتىكىلەر :بىز سۇ ئالىمىز دەپ ئۈستىمىزدىكىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزگىچە كېمىنىڭ شىبلىنى چىقىرىپ سۇنى تۇرغان ئورنىمىزدىن ئالساق دېگەن كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇلسا، مەقسەت قىلغان ئىشلىرى بىلەن كېمىدىكى ھەممەيلەننى ھالاك قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇ قىلمىشىدىن قولىنى يىغدۇرسا، ئۇلارمۇ ۋە بۇلارمۇ ھەممەيلەن قۇتىلىدۇ«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدە تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن چەكلىگۈچى ئۈچۈن بۇ ھەدىس تىپىك مىسالدۇر ياخشىلىقنى تەرك قىلىپ، يامان ئىشقا يۈزلىنىپ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچى ،ئۈچۈن مىسال بايان قىلىپ بەردى .جەمئىيەتنىڭ نىجات تېپىشىدا بۇنىڭ زور تەسىرى بولىدۇ، بۇ بىر كېمىگە بىرگە چىققان ئۇنىڭدىن كېيىن كېمىنىڭ ئۈستىدە ياكى ئاستى قەۋىتىدە ئولتۇرۇش توغرىسىدا ئۆزئارا چەك تاشلاشقان، بەزىلىرىگە ئۈستۈن قەۋەت چىققان يەنە بەزىلىرىگە ئاستى قەۋەت چىققان، ئاستى قەۋەتتىكىلەر سۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۈستى قەۋەتتىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ سۇ ئېلىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاستى قەۋەتتىكىلەر :بىز سۇ ئالىمىز دەپ ئۈستىمىزدىكىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزگىچە كېمىنىڭ شىبلىنى

چىقىرىپ سۇنى تۇرغان ئورنىمىزدىن ئالساق دېگەن، ئەگەر ئۇستۈن قەۋەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويغان بولسا، مەقسەت قىلغان ئىشلىرى بىلەن كېمىدىكى ،ھەممەيلەننى ھالاك قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ قىلمىشىدىن قولىنى يىغدۇرسا .«)يەنى ئۇ ئىشتىن چەكلىسە(، ئۇلارمۇ ۋە بۇلارمۇ ھەممەيلەن قۇتۇلىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. جەمئىيەتنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە قۇتۇلدۇرۇشتا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن .چەكلەشنىڭ ئەھمىيتى بايان قىلىنىدۇ
2. مىسال بايان قىلىشمۇ تەلىمنىڭ يوللىرىدىن بولۇپ، مەسىلىنىڭ مەنىسىنى ھىسسى .سۈرەتتە ئەقىلگە يېقىنلاشتۇرىدۇ
3. بۇزۇقچىلىقنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىش ۋە ئۇنى چەكلىمەسلىكنىڭ زىيىنى ۋە ئاقىۋەتتە .جەمئىيەتكە زور زىيان ئېلىپ كېلىدۇ
4. جەمئىيەتنىڭ ۋەيران ۋە ھالاك بولىشى بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنى زېمىندا .بۇزۇقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش بىلەن بولىدۇ
5. نىيەت ياخشى دەپ خاتا ئىش قىلسا، بۇ قىلغان ئىشنىڭ ياخشى بولىشىغا كۇپايە .قىلمايدۇ
6. مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنىڭ مەسئۇلىيتى ھەممەيلەنگە ئورتاق بولۇپ مەلۇم بىر .شەخسكە ئالاقىدار بولمايدۇ
7. ئەگەر يامان ئىش ئىنكار قىلىنمىسا، بىر كىشىنىڭ خاتالىقى بىلەن ھەممەيلەن .ئازابلىنىدۇ
8. بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ناچار ئىشلىرىنى مۇناپىقلارغا ئوخشاش .جەمئىيەتكە ياخشىلىق قىلىپىدا ئاشكارا قىلىدۇ

(3341)

(54) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَنْ دَعَا إِلَى هُدًى كَانَ لَهُ مِنَ الْأَجْرِ مِثْلُ أُجُورِ مَنْ تَبِعَهُ، لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْئًا، وَمَنْ دَعَا إِلَى ضَلَالَةٍ كَانَ عَلَيْهِ مِنَ الْإِثْمِ مِثْلُ آثَامِ مَنْ تَبِعَهُ، لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ آثَامِهِمْ شَيْئًا». [صحيح] - [رواه مسلم]

(54) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **»كىمكى توغرا يولغا چاقىرىدىكەن ئۇ كىشىگە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىر-ساۋابلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. كىمكى ئازغۇنلۇققا چاقىرىدىكەن، ئۇ كىشىگە ئازغۇنلۇققا ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ«.**

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى سۆزى ۋە ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن توغرا يولغا باشلىغان، ھەق يولغا قىزىقتۇرغان ۋە ياخشىلىققا يېتەكلىگەن كىشىگە، توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. كىمكى كىشىلەرنى سۆزى ياكى ئەمەلى ھەرىكىتى ئارقىلىق باتىلغا، يامانلىققا، گۇناھ-مەسىيەتكە، خاتالىققا ياكى ھالال بولمىغان ئىشلارغا باشلاپ قويىدىكەن، ئۇ كىشىگە يامانلىققا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ خاتالىقى يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. توغرا يولغا دەۋەت قىلىش ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن بۇ ياخشى ئىش، دەۋەتچى ئۆچۈن دەۋەتكە ئەگىشىپ ئەمەل قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش ئەجىر-ساۋاب بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى، سېخىلىقىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە كاتتىلىقىدۇر.
2. ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلىشنىڭ خەتىرى، ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلغۇچىغا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ يېزىلىدۇ.

3. جازا-مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ تۈرىگە كۆرە بولىدۇ، ياخشىلىققا چاقىرغان كىشىگە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ ئوخشىشى بولىدۇ، يامانلىققا چاقىرغان كىشىگە يامانلىقنى قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىنىڭ ئوخشىشى بولىدۇ.

4. مۇسۇلمان كىشى ئىنسانلارغا كۆرسىتىپ گۇناھ-مەسىيەتلەرنى قىلىپ شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ قىلىشىدىن بەك ھەزەر قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشى باشقىلارنى خاتالىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمىسىمۇ، ئۆزى خاتالىقنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ خاتالىقى يېزىلىدۇ.

(3373)

(55) – عن أبي مسعود الأنصاري رضي الله عنه قال: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: إِنِّي أُبْدِعَ بِي فَاحْمِلْنِي، فَقَالَ: «**مَا عِنْدِي**»، فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَنَا أَدُلُّهُ عَلَى مَنْ يَحْمِلُهُ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**مَنْ دَلَّ عَلَى خَيْرٍ فَلَهُ مِثْلُ أَجْرِ فَاعِلِهِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(55) – ئەبى مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن سەپەردە ئۇلۇغىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ماڭا سەپەرنى داۋاملاشتۇرغىلى بىر ئۇلاغ ياردەم قىلسىلا دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «**مېنىڭ يېنىمدا ھېچ نەرسە يوق**» دېدى، ساھابىلاردىن بىرى: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ئۇنى سەپەرگە يولغا سېلىپ قويىدىغان كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «**ياخشىلىققا باشلاپ قويغان كىشى ياخشىلىقنى قىلغان كىشىگە ئوخشاش ئەجرگە ئېرىشىدۇ**» دېدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن سەپەردە ئۇلۇغىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ماڭا سەپەرنى داۋاملاشتۇرغىلى بىر ئۇلاغ ياردەم قىلسىلا دېدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە ئۆزۈر ئېيتىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئۇ كىشىگە ياردەم قىلغۇدەك بىر نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، سورۇندا بولغان كىشىلەردىن بىرى: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ئۇنى سەپەرگە يولغا سېلىپ قويىدىغان كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي

دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام :ئۇ كىشىنىڭ، ئېھتىياجلىق كىشىنى ھاجىتىگە باشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەجىر-ساۋاپتا سەدىقە قىلغۇچىغا ئورتاق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ياخشى ئىشقا يېتەكلەش ۋە ياردەمچى بولۇشقا قىزىقتۇرۇش.
2. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە كاپالەتلىك قىلىش ساۋاپ بولىدىغان ياخشى ئىشلارغا قىزىقتۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.
3. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-رەھمىتى كەڭدۇر.
4. ھەدىس ئومۇمى قائىدە بولۇپ، ھەر قانداق ياخشى ئەمەللەر بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.
5. ئىنسان ھاجەتمەنىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغاندا، ئۇ كىشىنى ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بېرىدىغان كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇش.

(5354)

(56) – عن سهل بن سعد الساعدي رضي الله عنه مرفوعاً: "لأعطين الراية غدا رجلا يحب الله ورسوله ويحبه الله ورسوله، يفتح الله على يديه، فبات الناس يدوكون ليلتهم أيهم يعطاها فلما أصبحوا غدوا على رسول الله صلى الله عليه وسلم كلهم يرجو أن يعطاها: فقال: أين علي بن أبي طالب؟ فقيل: هو يشتكي عينيه، فأرسلوا إليه فأتي به، فبصق في عينيه، ودعا له فبرأ كأن لم يكن به وجع، فأعطاه الراية فقال: انفذ على رسلك حتى تنزل بساحتهم، ثم ادعهم إلى الإسلام وأخبرهم بما يجب عليهم من حق الله تعالى فيه، فوالله لأن يهدي الله بك رجلا واحدا خير لك من حمر النعم". [صحيح] - [متفق عليه]

(56) – سەهل ئىبنى سەئد ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئەتە بايراقنى چوقۇم، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىمۇ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى بىلەن پەتھىنى نىسىپ قىلىدۇ دېۋىدى، كىشىلەر شۇ كېچىسى، ئۇ بايراق كىمگە بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشىپ چىقىشتى. تاڭ ئېتىۋىدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بايراقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ قېنى؟ دەپ سورىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ، دېيىلدى. ئۇلار ئۇنى ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، چاقىرتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە تۈكۈرۈپ دۇئا قىلىۋىدى خۇددى ئاغرىپ باقمىغاندەك ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا بايراقنى بېرىپ دېدىكى: ئالدىڭغا ئالدىرىماي مېڭىپ ئۇلارنىڭ مەيدانىغىچە بارغىن! ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدە ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى ئېيتقىن. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بىر ئادەمنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىپ قالسا، ئۇ ساڭا قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراقتۇر [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە ئەتىسى ناھايىتى كاتتا پەزىلەت، ئىگىسى ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىگە بولغان بىر كىشىنىڭ قولى بىلەن يەھۇدىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقلىرى بىلەن خۇش بىشارەت بەردى. ساھابىلەر ياخشىلىققا بەك ھېرىسمەنلىكىدىن ھەممىسى ئۇ ئىشقا ئىشتىياق باغلاپ شۇ ۋاقىتنى كۈتتى. ئۇ

ۋاقىت كەلگەندە ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭ كېلەلمەسلىكى بۇ ئىشقا ئۇدۇل كېلىپ قالدى .رەسۇلۇللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك تۈكۈرۈكى بىلەن تۈپلىدى، ئۇ ھېس قىلغۇاتقان ئاغرىق تولۇق توختىدى ۋە ئۇنىڭغا ئەسكەرى قوماندانلىقنى تاپشۇردى .ئۇنى ئالدىرىماستىن دۈشمەن تەرەپكە مېڭىپ، ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرىشقا بۇيرىدى .ئەگەر قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا مۇسۇلمانلىنىڭ ئۈستىگە پەرز بولغان ئەمەللەرنى بايان قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى .ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئاللاھ ،تائالاغا دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە دەۋەتچىنىڭ قولىدا بىرەر كىشى ھىدايەت تېپىپ قالسا بۇنداق بولغىنى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ماللىرىدىنمۇ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى .ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەرنىڭ ھىدايىتى ھاسىل بولسا قانداق بولۇپ كېتەر- ھە!؟

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3409)

(57) – عن ابنِ عُمَرَ رضي الله عنهما قال: قال رسولُ الله صلَّى الله عليه وسلم: «**مَن تَشَبَّهَ بِقَوْمٍ فَهُوَ مِنْهُمْ**». [حسن] - [رواه أبو داود وأحمد]

(57) – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :.»**كىمكى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ**«. ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[])

### شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىر كىشى كاپىرلاردىن ياكى پاسىقلاردىن ياكى ياخشى كىشىلەردىن بولغان بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن )يەنى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان، ئېتىقاد، ئىبادەت ياكى ئادەت قاتارلىق ئىشلاردا (ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ، چۈنكى تاشقى قىياپەتتە ئۇلارغا ئوخشىۋېلىش، مەنىۋى تەرەپتىنمۇ ئۇلارغا ئوخشىۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ .شەكسىزكى، بىر قەۋمگە ئوخشىۋېلىش بولسا، ئۇلارغا ،قايىل بولغانلىق ۋە ھەۋەسلەنگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئىش ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشكە

هۆرمەتلەشكە ۋە ئۇلارغا تايىنىشقا ئىلىپ بارىدۇ .شۇنداقلا، ئىنسانىنى مەنىۋىي ئىشلاردا ھەتتا ئىبادەتلەردىمۇ ئۇلارغا ئوخشىۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. .كاپىر ۋە پاسىقلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن ئاگاھ بولۇش
2. .ياخشى ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىشكە قىزىقتۇرۇش
3. .سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئوخشۇشلىش، كۆڭۈلدە ياخشى كۆرۈشنى پەيدا قىلىدۇ
4. .ئىنسان باشقىلارنى دوراشتا، ئۇنىڭ تۆرىگە كۆرە گۇناھ-ئازابتىن نىسۋىسىنى ئالىدۇ
5. كاپىرلارغا ئوخشىۋېلىشتىكى چەكلىمە بولسا، ئۇلارغا دىنى جەھەتتە ۋە ئۇلارغا خاس بولغان ئىشلاردا ئوخشىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ھۈنەر- سانائەت، باشقا تەرەپلەردە ئوخشىۋېلىش چەكلەنمەيدۇ.

(5353)

(58) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عَنْ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم أنه قال: «**وَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ لَا يَسْمَعُ بِي أَحَدٌ مِنْ هَذِهِ الْأُمَّةِ يَهُودِيٌّ وَلَا نَصْرَانِيٌّ، ثُمَّ يَمُوتُ وَلَمْ يُؤْمِنْ بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ إِلَّا كَانَ مِنْ أَصْحَابِ النَّارِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(58) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى !مۇشۇ ئۈممەتنىڭ يەھۇدىيسى بولسۇن ياكى نەسارىسى بولسۇن، مېنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ،يەھۇدىيسى بولسۇن ياكى خىرىستىيانلىرى بولسۇن ياكى باشقا ئېتىقادتىكى ئىنسانلار بولسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمەي، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدىغان دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ، دېدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىك رىسالىسى پۈتۈن ئالەمگە ئومۇمدۇر، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئىتي پىرىنسىپى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن بارلىق شەرىئىتي پىرىنسىپلار ئەمەلدىن قالدى.
2. كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. (چوقۇم ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشى كېرەك).
3. كىمكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئاڭلىمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دەۋىتى يەتمىگەن بولسا، ئۇ ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئىشى ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقىغا قاراشلىق بولىدۇ.
4. جان ھەلقۇمغا يەتمىگەن، ئۆلۈم يېقىنلاشقان، ھەتتا بەك ئېغىر كېسەللىكتە بولسىمۇ ئىسلام بىلەن مەنپەئەتلىنىش ئەمەلىيلىشىدۇ.
5. كاپىرلارنىڭ دىنى كۇپۇردۇر، يەھۇدى، ناسارالارمۇ ئۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
6. ھەدىستە يەھۇدى ۋە ناسارالارنى زىكىر قىلىش بولسا، ئۇلاردىن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، چۈنكى ئۇلار كىتاب بېرىلگەن كىشىلەردۇر، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ غەيرىدىكى كىتاب بېرىلمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالى ئەلۋەتتە بۇلاردىن بەتتەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

(3272)

(59) – عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنهما قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ غَدَاةَ الْعَقَبَةِ وَهُوَ عَلَى نَاقَتِهِ: «الْقُطْ لِي حَصًى» فَلَقَطْتُ لَهُ سَبْعَ حَصَيَاتٍ، هُنَّ حَصَى الْخَذْفِ، فَجَعَلَ يَنْفُضُهُنَّ فِي كَفِّهِ وَيَقُولُ: «أَمْثَالَ هَؤُلَاءِ فَارْمُوا» ثُمَّ قَالَ: «أَيُّهَا النَّاسُ، إِيَّاكُمْ وَالْغُلُوَّ فِي الدِّينِ، فَإِنَّمَا أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ الْغُلُوُّ فِي الدِّينِ». [صحيح] - [رواه ابن ماجه والنسائي وأحمد]

(59) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھسسالام شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كۈنى ئەتىگەندە تۆگىسىدە ئولتۇرۇپ:»ماڭا تاش تېرىپ بەرگىن« دېدى، مەن ،پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا پىندىقتەك چوڭلۇقتا يەتتە تاش تېرىپ بەردىم پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇ تاشلارنى ئالقىنىدا قويۇپ:»مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلارنى ئېتىڭلار« دېدى .ئاندىن مۇنداق دېدى:»ئەي ئىنسانلار! دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتتى«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

**شەرھىسى:**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋىدالىشىش ھەججىدە چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدىغان قۇربان ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىدىن ،خەۋەر بىردۇ .پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇنى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى تېرىشكە بۇيرىدى ئۇ يەتتە تال تاش تېرىپ كەلدى، ئۇ تاشلارنىڭ ھەجمى پىندىقدەك ياكى نوقۇتتەك چوڭلۇقتا ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇ تاشلارنى ئالقىنىدا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى :»چوڭ-كىچىكلىكى مۇشۇنداق تاشلارنى ئېتىڭلار« .ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام دىنى ئىشلاردا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش، قاتتىقلىق قىلىش ۋە بەك ئاشۇرىۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭمۇ دىنى ئىشلاردا بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، قاتتىقلىق قىلىپ چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. دىندا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشتىن چەكلەش، ئۇنىڭ ئاقىۋېتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھالاكەتكە سەۋەپ بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى.
2. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇلار سادىر قىلغان خاتالىقىقا چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلىنىش.

3. سۈننەتكە ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش

(3395)

(60) – عن عبد الله بن مسعود قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**هَلَكَ الْمُتَنَطِّعُونَ**» قالها ثلاثًا. [صحيح] - [رواه مسلم]

(60) – ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ «مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»**بەك چەكتىن ئاشۇرىۋەتكۈچىلەر ھالاك بولىدى** دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دېگەن. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]

-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىلمسىز، توغرا يول تۇتماستىن ئۆزىنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ھالقىغانلارنىڭ خار بولىدىغانلىقى ۋە ئىككىلى دۇنيادا زىيان تارتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ،ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش ۋە زورلىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەرقانداق ئىشتا بولۇپمۇ ئىبادەت ۋە سالىھلارنى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ساقلىنىشقا بۇيرىيدۇ.
2. ئىبادەتتە ۋە باشقا ئىشلاردا مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلىش، شەرىئەتكە ئەگەشكەن ھالەتتە بولسا مەدھىيەلىنىدۇ.
3. مۇھىم ئىشلارنى تەكىتلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان.
4. ئىسلامنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئاسانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

(3420)

(61) – عَنْ عَدِيِّ بْنِ حَاتِمٍ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**الْيَهُودُ مَغْضُوبٌ عَلَيْهِمْ، وَالنَّصَارَى ضُلَّالٌ**». [صحيح] - [رواه الترمذي]

(61) – ئەدىي بىن ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**يەھۇدىيلار غەزەپ قىلىنغانلار، خىرىستىيانلار ئازغۇنلار**».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق [ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلغان قەۋم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى چۈنكى ئۇلار ھەقنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى. ناسارالار ئازغۇن قەۋم، چۈنكى ئۇلار ئىلىمسىز ئەمەل قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىلىم بىلەن ئەمەلنىڭ ئارىسىنى جۇغلىغانلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىدىن نىجات تاپقۇچىلاردۇر.
2. بۇ ھەدىستە ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولنى لازىم تۇتۇش، يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ تۇتقان يولىدىن ھەزەر قىلىش بايان قىلىنىدۇ.
3. يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ھەممىسى ئازغۇن ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار بولسىمۇ، لېكىن يەھۇدىلار غەزەپكە دۇچار بولغۇچى دەپ سۈپەتلەندى. ناسارالار ئازغۇن قەۋم دەپ سۈپەتلەندى.

(65061)

(62) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رضي الله عنهما قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «كَتَبَ اللهُ مَقَادِيرَ الْخَلَائِقِ قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِخَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ، قَالَ: وَعَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(62) – ئابدۇللاھ بىن ئەمىر بىن ئاس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ :ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن خالايىقلارنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈۋەتكەن، ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى ».دېدى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ خالايىقلارنىڭ ھاياتلىق، ئۆلۈم، رىزىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلىرىنى بىكىتىش بىلەن بىرگە ئۇ ئىشلارنى ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن پۈتۈۋەتكەنلىكىنى، تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى .بارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ .ئىنسانغا پۈتۈلگەن نەرسە خاتا يەتكەن بولمايدۇ، ئىنسانغا تەقدىردە پۈتۈلمىگەن نەرسە ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ۋاجىپتۇر.
2. تەقدىر دېگەن :ئاللاھ تائالانىڭ نەرسىلەرنى ئەزەلدىن بىلىشى، يېزىشى، خالىشى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.
3. تەقدىرنىڭ ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلىشتىن ئىلگىرى يېزىلغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ نەتىجىسى :قازاغا رازى بولۇش ۋە تەقدىرگە بويسۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر.
4. ئاللاھنىڭ ئەرشى ئاسمان ۋە زېمىنلەرنى يارىتىشتىن ئىلگىرى سۇنىڭ ئۈستىدە بولغان.

(65038)

(63) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ: حَدَّثَنَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ الصَّادِقُ المَصْدُوقُ: «أَنَّ خَلْقَ أَحَدِكُمْ يُجْمَعُ فِي بَطْنِ أُمِّهِ أَرْبَعِينَ يَوْمًا وَأَرْبَعِينَ لَيْلَةً، ثُمَّ يَكُونُ عَلَقَةً مِثْلَهُ، ثُمَّ يَكُونُ مُضْغَةً مِثْلَهُ، ثُمَّ يُبْعَثُ إِلَيْهِ المَلَكُ، فَيُؤْذَنُ بِأَرْبَعِ كَلِمَاتٍ، فَيَكْتُبُ: رِزْقَهُ وَأَجَلَهُ وَعَمَلَهُ وَشَقِيٌّ أَمْ سَعِيدٌ، ثُمَّ يَنْفُخُ فِيهِ الرُّوحَ، فَإِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الجَنَّةِ حَتَّى لاَ يَكُونَ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ إِلَّا ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الكِتَابُ، فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ فَيَدْخُلُ النَّارَ، وَإِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ إِلَّا ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الكِتَابُ، فَيَعْمَلُ عَمَلَ أَهْلِ الجَنَّةِ فَيَدْخُلُهَا». [صحيح] - [متفق عليه]

(63) – ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ھالبۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام راست سۆزلۈگۈچى ۋە سۆزى تەستىقلانغۇچىدۇر:»**ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كېچە-كۈندۈز مەنىيلىك ھالەتتە بولىدۇ، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش مۇددەتتە ئۇيۇل قان ھالىتىدە بولىدۇ، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش مۇددەتتە چاينالغان گۆشتەك ھالەتتە بولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىدۇ، تۆت تۈرلۈك ئىشنى يېزىشقا بۇيرىلىدۇ، ئۇ تۆرەلمىنىڭ رىزقى، ئەجەلى، ئەمەلى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولىشى يېزىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا روھ پۈدىلىنىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەلۋەتتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ھەتتا ئۇ كىشى بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىدا ،پەقەت بىر غۇلاچ ئارىلىق قالغاندا، ئۇ كىشىگە تەقدىردە يېزىلغان كىتاپ ئىلگىرى بولۇپ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىپ كېتىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەلۋەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ھەتتا ئۇ كىشى بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىر غۇلاچ ئارىلىق قالغاندا، ئۇ كىشىگە تەقدىردە يېزىلغان كىتاپ ئىلگىرى بولۇپ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ**.«

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :بىزگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىس سۆزلەپ بەردى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆزدە راستچىل ۋە سۆزىنى ئاللاھ تەستىقلىغانلىقى ئۈچۈن تەستىقلانغۇچىدۇر .سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى جۇغلىنىدۇ،

ئۇنداق بولىشى :ئەر كىشى ئايالى بىلەن بىرگە بولغاندا ئىككەيلەننىڭ ئايرىم بولغان مەنىيلىرى ئايالنىڭ رەھمىدە قىرىق كۈن ئىسپېرما ھالىتىدە جۇغلىنىدۇ .ئاندىن يەنە قىرىق كۈندە ئۇ مەنىي ئىسپېرمىسى ئۇيۇل قانغا ئۆزگىرىدۇ .ئاندىن يەنە قىرىق كۈندە ئۇ ئۇيۇل قان چاينالغان بىر ،چىشلەم گۆشكە ئۆزگىرىدۇ .ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇ چاينالغان گۆشكە بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ پەرىشتە ئۇچىنچى قېتىملىق قىرىق كۈن ئاخىرلاشقاندا ئۇنىڭغا روھنى پۈدەيدۇ .پەرىشتە ئۇنىڭغا تۆت تۈرلۈك ئىشنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ، يەيدىغان رىزقى، ئۇ بولسىمۇ؛ دۇنيادا ياشىغان مۇددەتتە ئېرىشىدىغان نېمەتنىڭ مىقدارىدۇر .ياشايدىغان مۇددىتى يەنى ئەجىلى، ئۇ كىشىنىڭ دۇنيادا ياشايدىغان مۇددىتى .ئەمەلى، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بەختسىزمۇ ياكى بەختلىكمۇ؟ .ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەسەم قىلىپ تۇرۇپ :بىر كىشى ئەلۋەتتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشى كىشىگە ياخشى ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، ئۇ كىشى ئىشىنى شۇ بويىنچە داۋاملاشتۇرىدۇ ھەتتا ئۇ كىشى بىلەن جەننەتكە يېتىشىنىڭ ئارىسى پەقەت يېقىن قالغاندا، زېمىندىن ھېسابلىغاندا بىر غۇلاچ قالغاندا ئۇ كىشىگە ئىلگىرى يېزىلغان ۋە تەقدىر قىلىنغان نامە ئەمەلى غالىپ كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ئۇنىڭ بىلەن ئەمەلى ئاخىرلىشىپ دوزاخقا كىرىدۇ .چۈنكى ئەمەلنىڭ ،قوبۇل بولىشىنىڭ شەرتى :شۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكدۇر ،كىشىلەردىن يەنە بىرى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ ھەتتا دوزاخقا كىرىشكە يېقىنلاشقاندا گوياكى ئۇ كىشى بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسى بىر غۇلاچتەك قالغاندا، ئۇ كىشىگە ئىلگىرى يېزىلغان ۋە تەقدىر قىلىنغان نامە ئەمەلى غالىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ جەننەتكە كىرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. .ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئىلگىرى پۈتۈلگەن تەقدىر بويىنچە ئىجرا بولىدۇ
2. قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن مەغرۇرلىنىپ قالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئىشلار .تۈگەنچىسى بىلەن بولىدۇ

(65037)

(64) – عن ابن مسعود رضي الله عنه قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم: «**الْجَنَّةُ أَقْرَبُ إِلَى أَحَدِكُمْ مِنْ شِرَاكِ نَعْلِهِ، وَالنَّارُ مِثْلُ ذَلِكَ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(64) – ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**جەننەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ئايىغىنىڭ بۇغۇچىدىنمۇ يېقىندۇر، دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئىنسانغا پۇتىدىكى ئايىغىنىڭ بۇغۇچىدىنمۇ يېقىن ئېكەنلىكىنى بايان قىلىپ؛ ئىنسان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان تائەت-ئىبادەتلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، گۇناھ مەسىيەت ئىشلەش سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاز بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاز بولسىمۇ يامانلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.
2. مۇسۇلمان ھاياتىدا ئاللاھدىن قورقۇش بىلەن رەھمىتىنى ئۈمىت قىلىشنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، ئاللاھ تائالادىن دائىم ھەتتا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆزگەرمەستىن ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلىشنى سوراش كېرەك.

(3581)

(65) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**حُجِبَتِ النَّارُ بِالشَّهَوَاتِ، وَحُجِبَتِ الْجَنَّةُ بِالْمَكَارِهِ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(65) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**دوزاخ نەپسى شەھۋەتلەر بىلەن ئورالغان، جەننەت ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغان**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوزاخنىڭ ئىنسان كۆڭلى ئېشتىها قىلىدىغان ھارام ئىشلار ياكى پەرز ئەمەللەرنى تەرك قىلىشتەك كەمچىللىكلەر بىلەن ئورالغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. نەپسى-خائىشىغا ئەگەشكەن كىشى دوزاخقا ھەقلىق بولىدۇ جەننەت ئىنسانىنىڭ كۆڭلى خالىمايدىغان، ياقتۇرمايدىغان يەنى بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئادا قىلىش، ھارام ئىشلارنى تەرك قىلىش، سەۋىرچان بولۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئورالغان، بۇ ئىشلاردا تىرىشچانلىق قىلىپ، نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. نەپسى-شەھۋەتلەرگە چۈشۈپ قىلىشنىڭ سەۋەپلىرىدىن :شەيتاننىڭ مۇنكەر، قەبىھ ،ئىشلارنى پەردازلاپ چىرايلىق كۆرسىتىشى، ھەتتا ئىنسان ئۇنى گۈزەل دەپ قاراپ ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قىلىشىدۇر.
2. چەكلەنگەن ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر .مۇشەققەتلىك، قىيىن ئىشلارغا سەبرى قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر.
3. ئىبادەتتە كۆپ تىرىشچانلىق قىلىش، نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىش، تائەت-ئىبادەتتىكى مۇشەققەت ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلارغا سەبرى قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

(3702)

(66) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَمَّا خَلَقَ اللَّهُ الْجَنَّةَ وَالنَّارَ أَرْسَلَ جِبْرِيلَ عَلَيْهِ السَّلَامُ إِلَى الْجَنَّةِ، فَقَالَ: انْظُرْ إِلَيْهَا وَإِلَى مَا أَعْدَدْتُ لِأَهْلِهَا فِيهَا. فَنَظَرَ إِلَيْهَا فَرَجَعَ، فَقَالَ: وَعِزَّتِكَ لَا يَسْمَعُ بِهَا أَحَدٌ إِلَّا دَخَلَهَا. فَأَمَرَ بِهَا فَحُفَّتْ بِالْمَكَارِهِ، فَقَالَ: اذْهَبْ إِلَيْهَا فَانْظُرْ إِلَيْهَا وَإِلَى مَا أَعْدَدْتُ لِأَهْلِهَا فِيهَا. فَنَظَرَ إِلَيْهَا، فَإِذَا هِيَ قَدْ حُفَّتْ بِالْمَكَارِهِ، فَقَالَ: وَعِزَّتِكَ لَقَدْ خَشِيتُ أَنْ لَا يَدْخُلَهَا أَحَدٌ. قَالَ: اذْهَبْ فَانْظُرْ إِلَى النَّارِ وَإِلَى مَا أَعْدَدْتُ لِأَهْلِهَا فِيهَا. فَنَظَرَ إِلَيْهَا فَإِذَا هِيَ يَرْكَبُ بَعْضُهَا بَعْضًا، فَرَجَعَ فَقَالَ: وَعِزَّتِكَ لَا يَدْخُلُهَا أَحَدٌ. فَأَمَرَ بِهَا فَحُفَّتْ بِالشَّهَوَاتِ، فَقَالَ: ارْجِعْ فَانْظُرْ إِلَيْهَا. فَنَظَرَ إِلَيْهَا فَإِذَا هِيَ قَدْ حُفَّتْ بِالشَّهَوَاتِ، فَرَجَعَ وَقَالَ: وَعِزَّتِكَ لَقَدْ خَشِيتُ أَنْ لَا يَنْجُوَ مِنْهَا أَحَدٌ إِلَّا دَخَلَهَا». [حسن] - [رواه أبو داود والترمذي والنسائي]

(66) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى جەننەتكە ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى :سەن جەننەتكە ۋە جەننەت ئەھلى ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلانغان نەرسىلەرگە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام جەننەتكە قاراپ بىقىپ قايتىپ كېلىپ :سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى !جەننەتنى ئاڭلىغان كىشى جەننەتكە كىرىدىكەن دېدى، ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ ئەتراپىنى ئىنسانغا قىيىن بولىدىغان كۆڭۈلى خالىمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىشكە بۇيرىدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى :سەن جەننەتكە بېرىپ جەننەتكە ۋە جەننەت ئەھلى ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلانغان نەرسىلەرگە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام جەننەتكە بىرىپ قارىسا، جەننەتنىڭ ئەتراپى ئىنسانغا قىيىن بولىدىغان كۆڭلى خالىمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىلگەن، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ :سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى !ھېچ بىر ئىنساننى جەننەتكە كىرەلمەي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن دېدى، ئاللاھ تائالا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى دوزاخقا ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى :سەن دوزاخقا ۋە دوزاخ ئەھلى ئۈچۈن دوزاختا تەييارلانغان نەرسىلەرگە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دوزاخقا قارىسا دوزاخنىڭ بەزىسى بەزىسىگە كىرىشىپ كەتكەن، قايتىپ كېلىپ :سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى !دوزاخنى ئاڭلىغان ھېچ كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ دېدى، ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ئەتراپىنى ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ۋە مايىل بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىشكە بۇيرىدى، ئاللاھ تائالا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى قايتىدىن دوزاخقا قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دوزاخقا قارىسا، دوزاخنىڭ ئەتراپى ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ۋە مايىل بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىلگەن، قايتىپ كېلىپ :سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى !ھېچ بىر كىشىنىڭ دوزاختىن قۇتۇلالماي ھەممىسى كىرىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن دېدى».

[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[]]

## شەرھىسى:

ئاللاھ تائالا جەننەت بىلەن دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى: سەن جەننەتكە بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام جەننەتكە قاراپ بىقىپ قايتىپ كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر بەردى .جىبرائىل ئەلەيھىسسالام :ئى رەببىم !سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنى ۋە جەننەتتىكى نېئمەت، ياخشىلىق، ئېسىل نەرسىلەرنى ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشى جەننەتكە كىرىشنى ياقتۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ دېدى .ئاندىن ئاللاھ تائالا جەننەتنى ۋە جەننەت ئەتراپىنى ئىنسانغا قىيىن بولغان ۋە كۆڭلى تارتمايدىغان قىيىن ئىشلارنى قىلىش ۋە كۆڭلى

تارتىدىغان چەكلىمىلەردىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىشكە بۇيرىدى، جەننەتكە كىرىشنى مەقسەت قىلغان كىشى مۇشۇ ئىشلاردىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك .ئاندىن ئاللاھ تائالا جەننەت ئەتراپىنى ئىنسانغا قىيىن بولغان ۋە كۆڭلى تارتمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋەتكەندىن كېيىن :ئى جىبرائىل !بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى .جىبرائىل ئەلەيهىسسالام بېرىپ جەننەتكە قاراپ بېقىپ قايتىپ كېلىپ :ئى رەببىم !سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتكە كېتىدىغان يوللاردىكى قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر سەۋەبىدىن ھېچ بىر كىشىنى جەننەتكە كىرەلمەي قالامدىكىن دېپ ئەنسىرەيمەن دېدى .ئاللاھ تائالا دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيهىسسالامنى :سەن دوزاخقا بېرىپ قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيهىسسالام دوزاخقا بېرىپ ئۇنىڭغا قارىدى .ئاندىن جىبرائىل ئەلەيهىسسالام قايتىپ كېلىپ: ئى رەببىم !سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوزاختىكى ئازاب-ئوقۇبەت، دەرت-ئەلەملەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا كىرىشنى خالىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كىرىشكە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ دېدى .ئاندىن ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ئەتراپىنى ئىنساننىڭ كۆڭلى مايىل بولىدىغان سەۋەپلەر بىلەن ئورىدى، نەپسى شەھۋەتلىرى ئىختىيار قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا يېتىدىغان يول قىلدى، ئاندىن :ئى جىبرائىل !دوزاخقا بېرىپ قاراپ باققىن دېدى .جىبرائىل ئەلەيهىسسالام دوزاخقا بېرىپ قاراپ، قايتىپ كېلىپ :ئى رەببىم !سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوزاخ ئەتراپىدىكى ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان نەپسى مايىل بولىدىغان لەززەتلەر سەۋەبىدىن ھېچ بىر كىشىنى دوزاختىن قۇرتۇلالمامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ قورقۇۋاتىمەن دېدى.

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھازىر مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.
2. غەيبكە، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى خەۋەر بەرگەن ھەرقانداق ئىشقا ئىشىنىش ۋاجىپ بولىدۇ.
3. كۆڭلى خالىمايدىغان قىيىنچىلىقلارغا سەۋىر قىلىش كېرەك چۈنكى ئۇ جەننەتكە يەتكۈزىدىغان يولدۇر.
4. چەكلەنگەن، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، چۈنكى ئۇ دوزاخقا يەتكۈزىدىغان ئىشلاردۇر.
5. جەننەتنى ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتمايدىغان قىيىنچىلىقلار بىلەن ئورىدى، دوزاخنى كۆڭلى مايىل بولىدىغان لەززەتلەر بىلەن ئورىدى، ئۇ دۇنيا ھاياتىدىكى ئىمتىھان ۋە سىناقنىڭ تەقەززاسىدۇر.

6. جەننەتكە يېتەكلىگۈچى يوللار قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولۇپ، ئىمان بىلەن جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەبرى قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ .دوزاخقا يېتەكلىگۈچى يوللار دۇنيادا ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان لەززەت ۋە شەھۋەتلەر بىلەن تولغاندۇر.

(65034)

(67) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**نَارُكُمْ جُزْءٌ مِنْ سَبْعِينَ جُزْءًا مِنْ نَارِ جَهَنَّمَ**»، قِيلَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، إِنْ كَانَتْ لَكَافِيَةً. قَالَ: «**فُضِّلَتْ عَلَيْهِنَّ بِتِسْعَةٍ وَسِتِّينَ جُزْءًا كُلُّهُنَّ مِثْلُ حَرِّهَا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(67) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئوتۇڭلار جەھەننەم ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر قىسمىدۇر**«، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !دۇنيانىڭ ئوتىمۇ كۇپايە قىلاتتىغۇ؟ دېيىلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :»**دۇنيانىڭ ئوتىغا ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئارتۇق قىلىندى، ھەممىسىنىڭ كۆيدۈرۈشى دۇنيانىڭ ئوتىغا ئوخشايدۇ**« دېدى.
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ ئوتىنىڭ جەھەننەمنىڭ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى .ئاخىرەتنىڭ ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشى ۋە ھارارىتىنىڭ كۈچلۈك بولىشىدا دۇنيانىڭ ئوتىدىن ئاتمىش توققۇز ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ، ھەر بىرىنىڭ كۆيدۈرۈشىنىڭ كۈچلۈكلىكى دۇنيانىڭ ئوتىغا باراۋەر كېلىدۇ .ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! دۇنيانىڭ ئوتىمۇ دوزاختىكىلەرنى ئازابلاشقا كۇپايە قىلاتتىغۇ؟ دېيىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :»**جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيانىڭ ئوتىغا ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئارتۇق قىلىندى، ھەممىسىنىڭ كۆيدۈرۈشى كۈچلۈكلۈكتە دۇنيانىڭ ئوتىغا ئوخشايدۇ**« دېدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىنسانلارنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىش ئۈچۈن دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇش.

2. جەھەننەم ئوتىنىڭ كاتتىلىقى، ئازابى ۋە كۆيدۈرۈشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش.

(65036)

(68) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «**يَقْبِضُ اللَّهُ الأَرْضَ، وَيَطْوِي السَّمَوَاتِ بِيَمِينِهِ، ثُمَّ يَقُولُ: أَنَا المَلِكُ، أَيْنَ مُلُوكُ الأَرْضِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(68) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»**ئاللاھ تائالا زېمىننى چاڭگاللايدۇ، ئاسمانىنى ئوڭ قولى بىلەن قاتلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن»:مانا مەن پادىشاھ !زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنە؟«!** دەيدۇ.
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام؛ ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە زېمىننىڭ ھەممىسىنى چاڭگاللايدىغانلىقى، ئاسمانىنىڭ بەزىسىنى بەزىسگە ئوراپ ئوڭ قولى بىلەن قاتلاپ يوق قىلىۋېتىدىغانلىقى ئۇنىڭدىن كېيىن»:مانا مەن پادىشاھ !زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنە؟ «!دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ ئەبەدى باقى قالىدىغان پادىشاھ ئىكەنلىكى، باشقىلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يوق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى، كاتتىلىقى، ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىگىدارچىلىقىنىڭ مۇكەممەللىكى بايان قىلىنىدۇ.

(65028)

(69) – عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ المُؤمنينَ رضي الله عنها قَالَت: دَخَلَ عَلَيَّ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَقَدْ سَتَرْتُ سَهْوَةً لِي بِقِرَامٍ فِيهِ تَمَاثِيلُ، فَلَمَّا رَآهُ هَتَكَهُ وَتَلَوَّنَ وَجْهُهُ وَقَالَ: «**يَا عَائِشَةُ، أَشَدُّ النَّاسِ عَذَابًا عِنْدَ اللهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الَّذِينَ يُضَاهُونَ بِخَلْقِ اللهِ**» قَالَتْ عَائِشَةُ: «**فَقَطَعْنَاهُ فَجَعَلْنَا مِنْهُ وِسَادَةً أَوْ وِسَادَتَيْنِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(69) – مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كىردى، مەن نەرسە-كېرەك قويىدىغان تاكچىغا سۈرەت بار رەخت بىلەن پەردە قىپتىمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ، چىرايى ئۆزگۈرۈپ، ئاچچىغى كېلىپ، پەردىنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ: «**ئەي ئائىشە! قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بەك ئازابلىنىدىغان كىشى ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى شەكىللەندۈرگەن كىشىلەردۇر**»دېدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «**بىز ئۇ رەختنى كېسىپ بىر دانە ياكى ئىككى دانە ياستۇق قىلىۋەتتۇق**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم] [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئائىشە ئانىمىزنىڭ نەرسە-كېرەك ساقلايدىغان تاكچىنى جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى بولغان بىر رەخت بىلەن پەردە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلانغانلىقىدىن چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى، پەردىنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ: قىيامەت كۈنىدە بەك ئازابلىنىدىغان كىشى ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى شەكىللەندۈرگەن كىشىلەردۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «**بىز ئۇ رەختنى كېسىپ بىر ياكى ئىككى دانە ياستۇق قىلىۋەتتۇق**».

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مۇنكەر ئىشنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر بىزىۋىچىلىق ۋە يامانلىق بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى دەرھال ئىنكار قىلىش كېرەك.
2. قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى گۇناھنىڭ كاتتىلىقى ھېسابى بويىچە بولىدۇ.
3. جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

4. :ئاللاھ يارااتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ھارام بولىشى سۈرەت سىزغۇچى ئاللاھ يارااتقان نەرسىلەرگە ئوخشىتىشنى مەقسەت قىلسۇن ياكى مەقسەت قىلمىسۇن ئوخشاش.

5. ،ئىسلام پىرىنسىپى مال-مۈلۈكنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ئۆز يولىدا پايدىلىنىش ئۇنى چەكلەنگەن، ھارام ئىشلارغا سەرپ قىلىشتىن يىراق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

6. ھەرقانداق شەكىلدە بولسۇن ھەتتا ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان نەرسىگىمۇ جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىش چەكلىنىدۇ.

(5931)

(70) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ، لَيُوشِكَنَّ أَنْ يَنْزِلَ فِيكُمْ ابْنُ مَرْيَمَ حَكَمًا مُقْسِطًا، فَيَكْسِرَ الصَّلِيبَ، وَيَقْتُلَ الخِنْزِيرَ، وَيَضَعَ الجِزْيَةَ، وَيَفِيضَ المَالُ حَتَّى لاَ يَقْبَلَهُ أَحَدٌ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(70) – ئەبۇ: ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! يېقىندا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا ئىسا بىن مەريەم چۈشۈپ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، كىرست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، باجنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، مال بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ ھەتتا زاكاتنى قوبۇل قىلىدىغانغا ئادەم تاپالماي قالىدۇ**».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىيسا ئەلەيھىسسامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چۈشىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام خىرىستىيانلار ئۇلۇغلايدىغان كىرست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام باجنى بىكار قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە يۈزلەندۈرىدۇ. مال-دۇنيا بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قولىدىكى بايلىق بىلەن بىھاجەت

بولۇپ، بەرىكەتلەر چۈشۈپ، ياخشىلىق بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋاتقاچقا زاكاتنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاخىر زاماندا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش، بۇ بولسا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى باشقا بىر شەرىئەت ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ.
3. ئاخىر زاماندا كىشىلەر زاھىد بولماقلىق بىلەن)دۇنياغا بېرىلمەسلىك بىلەن (مالدا بەرىكەت كۆپ بولىدۇ.
4. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا ئىسلام دىنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ قىيامەتكىچە باقى قالىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

(65025)

(71) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِعَمِّهِ: «**قُلْ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، أَشْهَدُ لَكَ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ**»، قَالَ: لَوْلَا أَنْ تُعَيِّرَنِي قُرَيْشٌ، يَقُولُونَ: إِنَّمَا حَمَلَهُ عَلَى ذَلِكَ الْجَزَعُ لَأَقْرَرْتُ بِهَا عَيْنَكَ. فَأَنْزَلَ اللهُ: {إِنَّكَ لا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ} [القصص: 56]. [صحيح] - [رواه مسلم]

(71) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا مۇنداق دېدى: »**ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاق يوق دېگىن، مەن بۇ سۆز بىلەن قىيامەت كۈنى ساڭا گۇۋالىق بېرىمەن**« تاغىسى: قۇرەيشنىڭ مېنى ئەيىپلىشىدىن قورۇقمىسام دەيتتىم، ئۇلار: ئەبۇ تالىپ ئۆلۈمدىن قورقۇپ دېدى دېمەيدىغان بولسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خوش قىلاتتىم دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: »**إِنَّكَ لا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ**« تەرجىمىسى: شۈبھىسىزكى سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ] «سۈرە قەسەس 56-ئايەت[. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىپ سەكراتتا ياتقاندا ئۇنىڭدىن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاق يوق دېگەن سۆزنى دېسە، بۇ سۆز بىلەن قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى، تاغىسى ئەبۇ تالىپ قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىنى تىللىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەبۇ تالىپ ئاجىزلىشىپ، ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئىمان ئېيتتى دېيىشىدىن قورقۇپ شاھادەت كەلىمىسىنى دېيىشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: شۇ ئىش بولمىسا ۋە شۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسەم شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىش ئارقىلىق سېنىڭ كۆڭلۈڭگە خۇرسەنلىك كىرگۈزەتتىم، سېنى رازى بولىدىغان ئارزۇيىڭغا يەتكۈزەتتىم دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامغا ھىدايەت قىلىشقا ئېگە بولالمايدىغانلىقى، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئايەت نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىش، ھەققە يېتەكلەش، ھەقنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئەنسىرەپ- قورقۇپ ھەق تەرك قىلىنمايدۇ.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىشقا ئەمەس بەلكى توغرا يولغا باشلاش ۋە يېتەكلەش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى.
3. بۇ ھەدىستە كېسەل بولغان كاپىرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۇچۇن ئۇنى يوقلاشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ھېرىسمەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

(65069)

(72) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرٍو رضي الله عنهما قَالَ: قالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**حَوْضِي مَسِيرَةُ شَهْرٍ، مَاؤُهُ أَبْيَضُ مِنَ اللَّبَنِ، وَرِيحُهُ أَطْيَبُ مِنَ المِسْكِ، وَكِيزَانُهُ كَنُجُومِ السَّمَاءِ، مَنْ شَرِبَ مِنْهَا فَلاَ يَظْمَأُ أَبَدًا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(72) – ئابدۇللاھ بىن ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »**مېنىڭ كۆلۈمنىڭ دائىرىسى بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى مىسكىنىڭ پۇرىقىدىن خۇشپۇراقتۇر، ئۇنىڭ قاچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپتۇر، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىمايدۇ**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى ئۆزى ئۈچۈن بىر كۆل بولىدىغانلىقى، ئۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا بىر ئايلىق مۇساپە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئۇ كۆلنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ بەك ئاقتۇر. ئۇ سۈنىڭ پۇرىقى مىسكە-ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ بەك خۇشبۇيدۇر. ئۇنىڭ قاچىلىرىنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانىدەك كۆپتۇر. شۇ قەدەھلەر بىلەن كۆلدىن سۇ ئىچكەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىمايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆلىگە كۆپ سۇ جۇغلانغان بولۇپ قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ مۆمىنلىرى بۇ كۆلنىڭ سۈيىدىن ئىچىدۇ.
2. بۇ كۆلنىڭ سۈيىدىن ئىچكەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىماسلىقتىن ئىبارەت نېمەتكە ئېرىشىدۇ.

(65030)

(73) – عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الخُدْرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**يُؤْتَى بِالْمَوْتِ كَهَيْئَةِ كَبْشٍ أَمْلَحَ، فَيُنَادِي مُنَادٍ: يَا أَهْلَ الجَنَّةِ، فَيَشْرَئِبُّونَ وَيَنْظُرُونَ، فَيَقُولُ: هَلْ تَعْرِفُونَ هَذَا؟ فَيَقُولُونَ: نَعَمْ، هَذَا المَوْتُ، وَكُلُّهُمْ قَدْ رَآهُ، ثُمَّ يُنَادِي: يَا أَهْلَ النَّارِ، فَيَشْرَئِبُّونَ وَيَنْظُرُونَ، فَيَقُولُ: وهَلْ تَعْرِفُونَ هَذَا؟ فَيَقُولُونَ: نَعَمْ، هَذَا المَوْتُ، وَكُلُّهُمْ قَدْ رَآهُ، فَيُذْبَحُ ثُمَّ يَقُولُ: يَا أَهْلَ الجَنَّةِ خُلُودٌ فَلاَ مَوْتَ، وَيَا أَهْلَ النَّارِ خُلُودٌ فَلاَ مَوْتَ، ثُمَّ قَرَأَ: {وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ} [مريم: 39]، وَهَؤُلاَءِ فِي غَفْلَةٍ أَهْلُ الدُّنْيَا {وَهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ} [مريم: 39]**». [صحيح] - [متفق عليه]

(73) – ئەبی سەئىدل خۇدريي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :ئۆلۈم قىيامەت كۈنى سېمىز قوچقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرلىدۇ ، بىر چاقىرغۇچى نىدا قىلىپ :ئى جەننەت ئەھلى !جەننەت ئەھلى بويىنىنى ،سوزۇپ چاقىرغان تەرەپكە قارايدۇ، بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ، ئۇلار :ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ ،چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرگەن، ئاندىن :ئى دوزاخ ئەھلى !دەپ چاقىرىدۇ :دوزاخ ئەھلى بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇ، ئۇلارغا :بۇنى تونۇمسىلەر؟دەيدۇ، ئۇلار ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كىيىن، ئۇ قوچقار !بوغۇزلىنىدۇ .ئاندىن :ئى جەننەت ئەھلى !ئۆلۈم يوق، ئەبەدىي ھايات بار .ئى دوزاخ ئەھلى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ ئازاب بار، دەيدۇ .ئاندىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ :»**وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ**« تەرجىمىسى :»**ئۇلارنى )يەنى خالايىقنى (ھەسرەت كۈنى )يەنى قىيامەت كۈنى(دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ .ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر**«ئۇلار دۇنيا ئەھلىنىڭ غاپىللىرىدۇر»**وَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ**«، )»**قىيامەتنى (ئىنكار قىلماقتىدۇر**« ]سۈرە مەريەم 39-ئايەت[ سەھىھ(بەش)

[(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈمنىڭ ئالا قوچقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى .ئى جەننەت ئەھلى !دەپ چاقىرىلىدۇ، ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ، باشلىرىنى ئۆستۈن قىلىپ قارىشىدۇ .ئۇلارغا :بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ .ئۇلار :ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرگەن ۋە تونۇغان ئىدى .ئاندىن بىر چاقىرغۇچى :ئى دوزاخ ئەھلى !دەپ چاقىرىدۇ، دوزاخ ئەھلى بويۇنلىرىنى

سوزۇپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىشىدۇ .بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ .ئۇلار :ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرگەن .ئۇ قوچقار بوغۇزلىنىدۇ ئاندىن بىر چاقىرغۇچى :ئى جەننەت ئەھلى !ئۆلۈم يوق، ئەبەدىل ئەبەد جەننەتتە قالىسىلەر، ئى دوزاخ ئەھلى !ئۆلۈم يوق، ئەبەدىل ئەبەد دوزاختا قالىسىلەر دەيدۇ .ئۇ بولسا مۇئمىنلەرنىڭ چەكسىز نېمەتتە بولىدىغانلىقى ۋە كاپىرلارنىڭ دەرتلىك ئازابتا بولىشى ئۈچۈندۇر .ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: :»**وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ وَهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ**« تەرجىمىسى:»**ئۇلارنى )يەنى خالايىقنى )ھەسرەت كۈنى )يەنى قىيامەت كۈنى(دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر)قىيامەتنى (ئىنكار قىلماقتىدۇر**« ]سۈرە مەريەم 39-ئايەت[ قىيامەت كۈنىدە جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئارىسى ئايرىلىدۇ، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايىغا بارىدۇ، ئۇ جايدا مەڭگۈ قالىدۇ .يامان ئىش قىلغۇچى دۇنيادا ياخشى ئىش قىلمىغانلىقىغا، ياخشىلىقنى ئاز قىلغۇچى ياخشىلىقتىن زىيادە قىلمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ ،پۇشايمان قىلىدۇ

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى بارىدىغان جايى بولسا؛ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇش ياكى دوزاختا مەڭگۈ تۇرۇش بولىدۇ.
2. قىيامەتنىڭ ھەيبىتىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇش چۈنكى قىيامەت كۈنى بولسا ھەسرەت چېكىدىغان ۋە پۇشايمان قىلىدىغان كۈندۇر.
3. جەننەت ئەھلىنىڭ خۇرسەنلىكىنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ قايغۇسىنىڭمۇ داۋام قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش.

(65035)

(74) – عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: إنه سمع نبي الله صلى الله عليه وسلم يقول: **«لَو أَنَّكُمْ تَتَوَكَّلُونَ عَلَى اللهِ حَقَّ تَوَكُّلِهِ، لَرَزَقَكُمْ كَمَا يَرْزُقُ الطَّيْرَ، تَغْدُو خِمَاصًا وَتَرُوحُ بِطَانًا»**.

[صحيح] - [رواه الترمذي وابن ماجه وأحمد]

(74) – ئۆمەر بىن خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **»ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقى تەۋەككۇل قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك سىلەرگىمۇ رىزىق بىرەتتى، قۇشلار ئەتتىگەندە ئاچ چىقىپ، كەچتە توق قايتىدۇ«**. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق[

[(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمىزدىكى پايدىغا ئىگە بولۇش ۋە زىياندىن ساقلىنىشتا ئاللاھ تائالاغا تايىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ھەقىقى ئاتا قىلغۇچى، چەكلىگۈچى ۋە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى پەقەت ئاللاھتۇر .ئاللاھ تائالاغا سەمىيمى تايىنىش بىلەن پايدىغا ئېرىشىش ۋە زىياندىن ساقلىنىشتا كېرەكلىك بولغان سەۋەپلەرنى قىلىمىز، بىز شۇ سەۋەپلەرنى قىلغاندا ئاللاھ تائالا بىزگە خۇددى ئەتتىگەندە ئاچ چىقىپ كېتىپ كەچتە قورسىقى توق قايتىپ كەلگەن قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك بىزلەرگىمۇ رىزىق بېرىدۇ، قۇشلارنىڭ ئەتتىگەندە چىقىپ كەچتە قايتىپ كېلىشى ھورۇنلۇق قىلماستىن ۋە تايىنىۋالماستىن رىزىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنىڭ بىر تۈرىدۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ھەقىقەتەن ئۇ رىزىق تەلەپ قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەپلىرىدىندۇر.
2. تەۋەككۇل سەۋەپنى قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەقىقى تەۋەككۇل ئەتتىگەندە ۋە كەچتە چىقىپ رىزىق تەلەپ قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ.
3. شەرىئەت قەلب ئەمەللىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، چۈنكى تەۋەككۇل دېگەن قەلبنىڭ ئەمىلىدۇر.
4. سەۋەبكىلا تايىنىۋېلىش دىندىكى كەمچىللىك، سەۋەپنى قىلماسلىق بولسا ئەقىلدىكى كەمچىللىك.

(4721)

(75) – عن عبد الله بن عباس رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «نِعْمَتَانِ مَغْبُونٌ فيهما كثيرٌ من الناس: الصحةُ، والفراغُ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(75) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :«كۆپ كىشلەر سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نىمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ» سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نىمەتلىرىدىن ئىككى نىمەت بولۇپ كۆپ كىشلەر بۇ نىمەتنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ، بۇنىڭدا قاتتىق زىيان تارتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تەننىڭ ساقلىقى ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنساننىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنمۇ سالامەتلىكى ياخشى ۋە يېتەرلىك ۋاقتى بولىشى كېرەك. بەزى كىشلەرنىڭ ۋاقتى بولىدۇ لېكىن سالامەتلىكى ياخشى بولمايدۇ، بەزى كىشلەرنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولسىمۇ ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقتى يەتمەيدۇ، ئەمما سالامەتلىكى ياخشى ھەم يېتەرلىك ۋاقتىمۇ بولۇپ ھورۇنلۇق قىلىپ تائەت-ئىبادەت قىلمىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا زور زىيان تارتقۇچىدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(5449)

(76) – عَن أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «يُسَلِّمُ الرَّاكِبُ عَلَى المَاشِي، وَالمَاشِي عَلَى القَاعِدِ، وَالقَلِيلُ عَلَى الكَثِيرِ».

وَلِلبُخَارِي: «يُسَلِّمُ الصَّغِيرُ عَلَى الكَبِيرِ، وَالمَارُّ عَلَى القَاعِدِ، وَالقَلِيلُ عَلَى الكَثِيرِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(76) – ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇلاغ مىنگۈچى پىيادە ماڭغۇچىغا، پىيادە ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، ئاز ئادەملەر كۆپ ئادەملەرگە سالام بېرىدۇ». سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئۇچراشقاندا "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ" دەپ سالام بېرىشنىڭ ئەدەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. كىچىك چوڭغا، ئۇلاغلىق پىيادە ماڭغۇچىغا، ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ھەدىستە بايان قىلىنغان بويىنچە سالام بېرىش ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسى بولۇپ قالسا، پىيادە يۈرگۈچى ئۇلاغلىق كىشىگە سالام بەرسە، ئولتۇرغان كىشى كېتىۋاتقان كىشىگە سالام بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك بولىشى ئەۋزەلدۇر.
2. ھەدىستە بايان قىلىنغان بويىنچە سالامنى ئاشكارا قىلىش بولسا، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە يېقىنلىشىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.
3. ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆلچەمدە ھەممىيلەن تەڭ باراۋەر بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالامنى تۇنجى باشلىغىنىدۇر.
4. شەرىئەتتە ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ بايان قىلىنىشى بولسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدۇر.
5. سالامنىڭ ئەدەپلىرىنى بىلدۈرۈش ۋە ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىش.

(4243)

(77) – عن أبي ذر رضي الله عنه: عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِيمَا رَوَى عَنِ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَنَّهُ قَالَ: «يَا عِبَادِي إِنِّي حَرَّمْتُ الظُّلْمَ عَلَى نَفْسِي، وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرَّمًا، فَلَا تَظَالَمُوا، يَا عِبَادِي كُلُّكُمْ ضَالٌّ إِلَّا مَنْ هَدَيْتُهُ، فَاسْتَهْدُونِي أَهْدِكُمْ، يَا عِبَادِي كُلُّكُمْ جَائِعٌ إِلَّا مَنْ أَطْعَمْتُهُ، فَاسْتَطْعِمُونِي أُطْعِمْكُمْ، يَا عِبَادِي كُلُّكُمْ عَارٍ إِلَّا مَنْ كَسَوْتُهُ، فَاسْتَكْسُونِي أَكْسُكُمْ، يَا عِبَادِي إِنَّكُمْ تُخْطِئُونَ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَأَنَا أَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا فَاسْتَغْفِرُونِي أَغْفِرْ لَكُمْ، يَا عِبَادِي إِنَّكُمْ لَنْ تَبْلُغُوا ضَرِّي فَتَضُرُّونِي، وَلَنْ تَبْلُغُوا نَفْعِي فَتَنْفَعُونِي، يَا عِبَادِي لَوْ أَنَّ أَوَّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنَّكُمْ كَانُوا عَلَى أَتْقَى قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ مِنْكُمْ مَا زَادَ ذَلِكَ فِي مُلْكِي شَيْئًا، يَا عِبَادِي لَوْ أَنَّ أَوَّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنَّكُمْ كَانُوا عَلَى أَفْجَرِ قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِنْ مُلْكِي شَيْئًا، يَا عِبَادِي لَوْ أَنَّ أَوَّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنَّكُمْ قَامُوا فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ فَسَأَلُونِي فَأَعْطَيْتُ كُلَّ إِنْسَانٍ مَسْأَلَتَهُ مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِمَّا عِنْدِي إِلَّا كَمَا يَنْقُصُ الْمِخْيَطُ إِذَا أُدْخِلَ الْبَحْرَ، يَا عِبَادِي إِنَّمَا هِيَ أَعْمَالُكُمْ أُحْصِيهَا لَكُمْ ثُمَّ أُوَفِّيكُمْ إِيَّاهَا، فَمَنْ وَجَدَ خَيْرًا فَلْيَحْمَدِ اللهَ، وَمَنْ وَجَدَ غَيْرَ ذَلِكَ فَلَا يَلُومَنَّ إِلَّا نَفْسَهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(77) – ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسساالام ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان ھەدىستە، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم،، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم، ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن مەن ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، مەندىن ھىدايەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن مەن يېمەك بەرگەندىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، مەندىن يېمەك تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرگە يېمەك بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن مەن كىيىم بەرگەندىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم تەلەپ قىلىڭلار مەن سىلەرگە كىيىم بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە-كۈندۈزدە خاتالىق سادىر قىلغۇچى، مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى مەغپىرەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىرلىشىپ ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولساڭلار ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئەگەر مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولساڭلار ھەرگىز مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىلى سىلەردىن بولغان تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولسىمۇ، مېنىڭ مۈلكىيىتىمگە ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى پاسىق بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولسىمۇ، مېنىڭ مۈلكىيىتىمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەيداندا توپلىشىپ بىر نەرسە سورىسا، مەن ھەر بىرىگە سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ يېڭىنىنى دېڭىز سۈيىگە سېلىپ ئالسا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كېمىيىپ كەتمىگەندەك، مېنىڭ خەزىنەمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، ئۇنى سىلەرگە ساقلاپ قويىمەن، ئاندىن ئۇنى سىلەرگە تولۇقلاپ بېرىمەن، كىمكى ياخشىلىقنى تاپسا ئاللاھقا ھەمدە ئېيتسۇن، كىمكى ئۇنىڭ غەيرىنى تاپسا ئۇ كىشى پەقەت ئۆزىگە مالامەت قىلسۇن». [سەھىھ (بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ] [(بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھسساالام بايان قىلىپ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە زۇلۇمنى ھارام قىلغانلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ھارام قىلغانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە زۇلۇم قىلماسلىقىنى دېدى. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان ۋە توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغان كىشىلەردىن باشقا ھەممە كىشىلەر ئازغۇن يولدىدۇر. كىمكى ئاللاھدىن

ھىدايەتنى سورىسا ئاللاھ ئۇنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە توغرا يولغا مۇشەررەپ قىلىدۇ. خەلقنىڭ ھەممىسى بارلىق ئېھتىياجلىرىدا ئاللاھ تائالاغا مۇھتاجدۇر، كىمكى ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىنى ئادا قىلىشنى سورىسا ئۇ كىشىگە ئاللاھ كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلار كېچە-كۈندۈز خاتالىق سادىر قىلىدۇ، بەندە مەغپىرەت تەلەپ قىلغاندا ئاللاھ ئۇنى ئاشكارىلىمايدۇ ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالاغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك تەقۋا بولسا، ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى ئاللاھنىڭ مۈلكىيتىدە ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاسىق بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك پاسىق بولسا، ئۇلارنىڭ پاسىقلىقى ئاللاھنىڭ مۈلكىيتىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاجىز، ئاللاھقا ئېھتىياجلىق، ئۇلار ھەر ۋاقىت ۋە ھەر ئورۇندا ئاللاھ تائالاغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بىھاجەتتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىنسانلىرى، جىنلىرى، ئەۋۋەلقىلىرى، كېيىنكىلىرى ھەممىسى بىر مەيداندا تۇرۇپ ئاللاھدىن مەقسەتلىرىنى سورىسا، ئاللاھ تائالا ھەر بىرىگە سورىغىنىنى بەرسە بۇ خۇددى يىڭنىنى دېڭىز سۈيىگە سېلىپ ئالسا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە كېمەيمىگەندەك ئاللاھنىڭ خەزىنىسىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەيدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل بىھاجەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ھېسابلاپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا تولۇقلاپ بېرىدۇ، كىمكى قىلغان ئىشىنىڭ مۇكاپىتىنى تاپسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى تائەت-ئىبادەتلەرگە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتسۇن، كىمكى قىلغان ئىشىدا ياخشىلىقنىڭ غەيرىنى تاپسا، پەقەت ئۆزىنى زىيانغا ۋە يامانلىققا يېتەكلىگەن نەپسىگە مالامەت قىلسۇن.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىدىن بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس قۇدسىي ياكى ھەدىس ئىلاھىي دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ھەدىسنىڭ لەپزى ۋە مەنىسى ئاللاھ تائالادىن، لېكىن بۇ تۆۋەندىكى ھەدىس باشقا ھەدىسلەردىن پەرقلىق بولسىمۇ ئۇنىڭدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يوق، چۈنكى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ئىبادەت، تاھارەت بىلەن تۇتۇش شەرت، مۆجىزىلىك ۋە ئۇنىڭ ئۆخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىز كېلىشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر يوق.

2. بەندىگە ھاسىل بولىدىغان ئىلىم ۋە ھىدايەت پەقەت ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىشى ۋە تەلىم بېرىشى بىلەن بولىدۇ.

3. بەندىگە يەتكەن ياخشىلىق ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا يەتكەن يامانلىق بولسا ئۆز نەپسى خاھىشى بىلەن بولىدۇ.

4. كىمكى ياخشىلىق قىلسا ئۇ ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپىتى ئاللاھنىڭ يەزلىدۇر، ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن، كىمكى يامانلىقنى تاپسا ئۇ كىشى ئۆزىگە مالامەت قىلسۇن.

(4810)

(78) – عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رضي الله عنهما أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «اتَّقُوا الظُّلْمَ، فَإِنَّ الظُّلْمَ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَاتَّقُوا الشُّحَّ، فَإِنَّ الشُّحَّ أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ، حَمَلَهُمْ عَلَى أَنْ سَفَكُوا دِمَاءَهُمْ وَاسْتَحَلُّوا مَحَارِمَهُمْ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(78) – جابىر بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت قاراڭغۇلۇقىدۇر، بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان .شۇنداقلا بېخىللىق ئۇلارنى قانلىرىنى توكۇشكە، ئار-نومۇسىنى دەپسەندە قىلىشقا ئېلىپ باردى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ[مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، زۇلۇم :كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر .زۇلۇم دېگەن :ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىشنى رەت قىلىشتۇر، زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىدە زۇلۇم قىلغۇچىغا قاتتىقچىلىق ۋە دەھشەت ئېلىپ كېلىدىغان قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەتتۇر .مالغا بەك ھېرىسمەن بولۇپ بېخىللىق قىلىشتىن چەكلىدى، بۇنىڭدىن دۇنيادىكى مالىيە ھەق-ھوقۇقنى تولۇق ئادا قىلماي، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ئىبارەتتۇر .بۇ تۆردىكى زۇلۇملار بىزدىن ئىلگىرىكى مىللەتلەرنى ھالاك قىلغان بولۇپ، ئۇلار زۇلۇم سەۋەپلىك بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال دەپ قارايدىغان دەرىجىگە يۈزلەنگەن.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مال سېرىپ قىلىش ۋە قېرىنداشلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش بولسا ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىغان ۋە مېھرى-مۇھەببەتنى كۈچەيتىدىغان سەۋەبلەردىندۇر.
2. بېخىللىق ۋە ئاچ كۆزلۈك گۇناھ-مەسىيەت ۋە پاھىشە ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ.
3. ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش.

(5787)

(79) – عن أبي موسى رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**إِنَّ اللهَ لَيُمْلِي لِلظَّالِمِ، حَتَّى إِذَا أَخَذَهُ لَمْ يُفْلِتْهُ**» قَالَ: ثُمَّ قَرَأَ: «{**وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ**}[هود: **102**]» [صحيح] - [متفق عليه]

(79) – :ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ ھەتتا ئۇنى تۇتقاندا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ**« ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى:»**وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ**« تەرجىمىسى: **پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار )نىڭ ئاھالىسى( نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ئولىمۇ قاتتىقتۇر**» ]سۈرە ھۇد 102-ئايەت[ سەھىھ(بەش [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھ-مەسىيەت،شېرىك، كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدا زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئېشىشتىن ئاگاھلاندۇردى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئازابىنى كېچىكتۈرىدۇ، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، مال-دۇنياسىنى كۆپ قىلىدۇ، ئۇنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ، شۇنداقتىمۇ تەۋبە قىلمىسا، ئۇنى مەھكەم تۇتىدۇكى ھەرگىز قويۇۋەتمەيدۇ، زۇلۇمنى كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن بوش قويمايدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى»:وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ«تەرجىمىسى»:پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار

)ئاھالىسى (نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر[ «سۈرە ھۇد 102-ئايەت[.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئەقىللىق كىشى تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالا زالىمنى چوقۇم جازالايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ.

2. ،ئاللاھ تائالا زالىملارغا مۆھلەت بېرىشى، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىرىماسلىقى ئۇلارنى تەدرىجى جازالاش ئۈچۈن بولۇپ، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەسسىلەپ ئازابلايدۇ.

3. زۇلۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئۈممەتلەرنى جازالاشنىڭ سەۋەپلىرىدىندۇر.

4. ئاللاھ تائالا بىر يۇرت ئەھلىنى ھالاك قىلسا، ھالاك قىلىنغان يۇرتتا سالىھ كىشىلەرمۇ بولىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزى ۋاپات بولغان ھالەتتىكى ياخشىلىق ئۈستىدە تىرگۈزىلىدۇ، ئۇلارغا ھەممىگە ئومۇم بولغان ئازاب زەرەر يەتكۈزمەيدۇ.

(5811)

(80) – عن ابن عباس رضي الله عنهما عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِيمَا يَرْوِي عَنْ رَبِّهِ عَزَّ وَجَلَّ قَالَ: قَالَ: «إِنَّ اللهَ كَتَبَ الْحَسَنَاتِ وَالسَّيِّئَاتِ، ثُمَّ بَيَّنَ ذَلِكَ، فَمَنْ هَمَّ بِحَسَنَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللهُ لَهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلَةً، فَإِنْ هُوَ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللهُ لَهُ عِنْدَهُ عَشْرَ حَسَنَاتٍ إِلَى سَبْعِمِائَةِ ضِعْفٍ، إِلَى أَضْعَافٍ كَثِيرَةٍ، وَمَنْ هَمَّ بِسَيِّئَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللهُ لَهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلَةً، فَإِنْ هُوَ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللهُ لَهُ سَيِّئَةً وَاحِدَةً». [صحيح] - [متفق عليه]

(80) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن، ھەدىس بايان قىلىپ ، مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان ھەدىس قۇدسىيدە ،ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن :»ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بېكىتتى ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى» :كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلغان ياخشىلىقنى قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئوندىن يەتتە يۈزگىچە ھەتتا ،ئۇنىڭدىن زىيادە ياخشىلىق يازىدۇ، كىمكى بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا ،ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا ،ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىر يامانلىق يازىدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بېكىتتۈەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ئىككى پەرىشتىنىڭ ئۇنى قانداق يازىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى:

،كىمكى بىر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ، كەسكىنلىك بىلەن ئۇنى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ قىلالمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلغان ياخشىلىقنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىرگە ئوندىن ھەتتا يەتتە يۈز ھەسسىگىچە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياخشىلىق يازىدۇ، ياخشىلىقنىڭ زىيادە بولۇشى شۇ ئىنسانىنىڭ دىلىدىكى ئىخلاس، سەمىمىيەت ۋە مەنپەئەتنىڭ باشقىلارغا يېتىش نەتىجىسى بىلەن بولىدۇ.

كىمكى بىر يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ، كەسكىنلىك بىلەن ئۇنى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر يامانلىقنى باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ياكى ئۇنى قىلىش سەۋەپلىرىنى قىلالماي تەرك قىلغان بولسا ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە يېزىلمايدۇ، ئەگەر يامانلىق قىلىشقا كۈچى يەتمەي تەرك قىلغان بولسا

ئۇنىڭ نىيىتىگە كۆرە يېزىلىدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا ئۇ كىشى ئۇچۈن بىر يامانلىق يېزىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىپ يېزىشى ۋە يامان ئىشلىرىنى زىيادە قىلماي بىرگە-بىرنى يېزىشى بۇ ئۈممەتكە بولغان چەكسىز پەزلى-رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.
2. ئەمەللەردە نىيەتنىڭ تەسىرى ۋە مۇھىملىقى بايان قىلىنىدۇ.
3. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-ئېھسانى ۋە مېھرىبانلىقىدىن :ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىپ قىلالمىغان كىشىگە بىر ياخشىلىقنى يېزىشىدۇر.

(4322)

(81) – عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَنُؤَاخَذُ بِمَا عَمِلْنَا فِي الْجَاهِلِيَّةِ؟ قَالَ: «**مَنْ أَحْسَنَ فِي الْإِسْلَامِ لَمْ يُؤَاخَذْ بِمَا عَمِلَ فِي الْجَاهِلِيَّةِ، وَمَنْ أَسَاءَ فِي الْإِسْلَامِ أُخِذَ بِالْأَوَّلِ وَالْآخِرِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(81)– !ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :بىر كىشى :ئي ئاللاھنىڭ رەسۇلى ،بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئەمەللىرىمىز بىلەن جازالىنىمىزمۇ؟ دېگەندە ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :»**كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەممىمى سادىق بولىدىكەن جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلىرىغا جازالانمايدۇ، كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەممىمى سادىق بولمايدىكەن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خاتالىقلىرى ئۈچۈن جازالىنىدۇ**.«دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بولۇشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بەردى .كىمكى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامى گۈزەل، سەممىمى سادىق بولسا جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان خاتا ،ئىشلىرىغا جازالانمايدۇ .كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ناچار ئىشلارنى قىلىدىكەن

مۇناپىقلىق قىلىدىكەن ياكى دىندىن يېنىۋېلىپ مۇرتەد بولىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى كاپىر ۋاقتىدا قىلغان ۋە مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىدا قىلغان ھەممە ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ساھابىلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە جازاغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
3. مۇسۇلمان بولۇشنىڭ پەزىلىتى-ئارتۇقچىلىقى، ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى ئەمەللەرگە كاپارەت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
4. مۇرتەد ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ھەممە ئەمەللىرىدىن ۋە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىدىن ھېساپ ئېلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

(65002)

(82) – عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا: أَنَّ نَاسًا مِنْ أَهْلِ الشِّرْكِ، كَانُوا قَدْ قَتَلُوا وَأَكْثَرُوا، وَزَنَوْا وَأَكْثَرُوا، فَأَتَوْا مُحَمَّدًا صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالُوا: إِنَّ الَّذِي تَقُولُ وَتَدْعُو إِلَيْهِ لَحَسَنٌ، لَوْ تُخْبِرُنَا أَنَّ لِمَا عَمِلْنَا كَفَّارَةً، فَنَزَلَ {وَالَّذِينَ لا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلا بِالْحَقِّ وَلا يَزْنُونَ}[الفرقان: 68]، وَنَزَلَتْ: {قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللهِ} [الزمر: 53]. [صحيح] - [متفق عليه]

(82) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :مۇشرىكلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپ زىنا قىلغان بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ :سىنىڭ ئېيتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرغىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەن، بىزنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىمىز ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭغا كاپارەت بولىدىغان بىر ئىشتىن خەۋەر بەرگەن بولساڭ دېيىشتى .شۇنىڭ بىلەن ﴿وَالَّذِينَ لا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلا بِالْحَقِّ وَلا يَزْنُونَ﴾ تەرجىمىسى :»**ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ«** ]سۈرە پۇرقان 68-ئايەت[ . **تەرجىمىسى﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللهِ﴾ :يەنە )ئى مۇھەممەد !مېنىڭ تىلىمدىن (ئېيتقىنكى، )»گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ (ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم !ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار .ئاللاھ ھەقىقەتەن )خالىغان ئادەمنىڭ (جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر« ]سۈرە زۇمەر 53-ئايەت[ نازىل بولدى.**

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

مۇشرىكلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپ قېتىم زىنا قىلغان كىشىلەر ئىدى، ئۇلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا :سەن دەۋەت قىلىۋاتقان ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بەك ياخشى ئىكەن، لېكىن بىز ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش قاتارلىق چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلدۇق بۇنىڭ كاپارىتى بارمۇ؟ دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ چوڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ ئىككى ئايەت نازىل بولغان، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار شېرىك كەلتۈرۈش ھەددىدىن ئېشىش قاتارلىق خاتالىقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولاتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىسلامنىڭ پەزىلىتى، كاتتىلىقى، ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن قىلىنغان گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.
2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى، مەغپىرىتى ۋە ئەپۇ قىلىشى چەكسىزدۇر.
3. ئاللاھقا شېرىك كەتۈرۈش، ھەقسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش قاتارلىق ئىشلار ھارامدۇر. بۇ گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.
4. ئىخلاس ۋە ياخشى ئەمەلىر بىلەن بىرگە قىلىنغان تەۋبە بارلىق چوڭ گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، بۇنىڭ ئارىسىدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشمۇ بار.
5. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ھارامدۇر.

(65071)

(83) – عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، أَرَأَيْتَ أَشْيَاءَ كُنْتُ أَتَحَنَّثُ بِهَا فِي الجَاهِلِيَّةِ مِنْ صَدَقَةٍ أَوْ عَتَاقَةٍ، وَصِلَةِ رَحِمٍ، فَهَلْ فِيهَا مِنْ أَجْرٍ؟ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**أَسْلَمْتَ عَلَى مَا سَلَفَ مِنْ خَيْرٍ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(83) – ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىبادەت دەپ قىلىدىغان سەدىقە، قۇل ئازاد قىلىش، ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش قاتارلىق ئىشلىرىمغا ئەجىر بولامدۇ؟ ماڭا بۇ توغرىدا خەۋەر بەرسىلە دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقىڭ بويىۇنچە مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ**« دېدى. [بەش شەرت تولۇق سەھىھ بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كاپىر مۇسۇلمان بولسا ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان سەدىقە، قۇل ئازاد قىلىش، ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئىنسان كاپىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە ئاخىرەتتە ئۇ كاپىرنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

(65016)

(84) – عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ اللهَ لَا يَظْلِمُ مُؤْمِنًا حَسَنَةً، يُعْطَى بِهَا فِي الدُّنْيَا وَيُجْزَى بِهَا فِي الْآخِرَةِ، وَأَمَّا الْكَافِرُ فَيُطْعَمُ بِحَسَنَاتِ مَا عَمِلَ بِهَا لِلَّهِ فِي الدُّنْيَا، حَتَّى إِذَا أَفْضَى إِلَى الْآخِرَةِ، لَمْ تَكُنْ لَهُ حَسَنَةٌ يُجْزَى بِهَا». [صحيح] - [رواه مسلم]

(84) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن»: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىقتا مۇئمىنگە زۇلۇم قىلمايدۇ، دۇنيادا بېرىدۇ ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئەمما كاپىرغا بولسا دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا كۆرە رىزىق بېرىلىدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا كاپىرنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغان ياخشىلىقى بولمايدۇ.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان ئارتۇقچىلىقىنىڭ بۈيۈك ئىكەنلىكى ۋە كاپىرلار بىلەن بولغان ئادىللىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ .ئەمما مۇئمىننىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابى كەمەيتىلمەيدۇ، بەلكى مۇئمىنگە قىلغان تائەت-ئىبادەتلىرىگە كۆرە ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىدىغان مۇكاپات ساقلىنىش بىلەن بىرگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ئەمما كاپىر بولسا :ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپىتى دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلىنىش بىلەن بولىدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشىنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغان ساۋابى بولمايدۇ، چۈنكى دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلغۇچىنىڭ مۇئمىن بولىشى كېرەك بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. كاپىر ھالەتتە ئۆلگەن كىشىگە دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

(65015)

(85) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فِيمَا يَحْكِي عَنْ رَبِّهِ عَزَّ وَجَلَّ، قَالَ: «**أَذْنَبَ عَبْدٌ ذَنْبًا، فَقَالَ: اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: أَذْنَبَ عَبْدِي ذَنْبًا، فَعَلِمَ أَنَّ لَهُ رَبًّا يَغْفِرُ الذَّنْبَ، وَيَأْخُذُ بِالذَّنْبِ، ثُمَّ عَادَ فَأَذْنَبَ، فَقَالَ: أَيْ رَبِّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: عَبْدِي أَذْنَبَ ذَنْبًا، فَعَلِمَ أَنَّ لَهُ رَبًّا يَغْفِرُ الذَّنْبَ، وَيَأْخُذُ بِالذَّنْبِ، ثُمَّ عَادَ فَأَذْنَبَ، فَقَالَ: أَيْ رَبِّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: أَذْنَبَ عَبْدِي ذَنْبًا، فَعَلِمَ أَنَّ لَهُ رَبًّا يَغْفِرُ الذَّنْبَ، وَيَأْخُذُ بِالذَّنْبِ، اعْمَلْ مَا شِئْتَ فَقَدْ غَفَرْتُ لَكَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(85) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان ھەدىستە، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:»**بەندەم بىر گۇناھنى قىلىپ ئاندىن: ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە جازالايدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلدى دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا گۇناھ قىلىپ، ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە جازالايدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلدى دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا گۇناھ قىلىپ، ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ۋە جازالايدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، خالىغاننى قىلغىن، سېنى ھەققەتەن مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ**« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان ھەدىستە، بىر كىشى گۇناھ قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان رەببىنىڭ بارلىقى بىلدى دەپ، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقىنى يوشۇرىدۇ ۋە كەچۈرۋېتىدۇ ياكى ئۇنى جازالايدۇ ۋەياكى ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى يەنە قايتىدىن گۇناھ قىلىپ: ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلدى دەپ، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقىنى يوشۇرىدۇ ياكى كەچۈرۋېتىدۇ، جازالايدۇ ياكى ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى يەنە قايتىدىن گۇناھ قىلىپ: ئى رەببىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلدى دەپ، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقىنى

يوشۇرىدۇ، كەچۈرۈۋېتىدۇ ياكى جازالايدۇ، ياكى ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم، بەندەم ھەر قېتىم گۇناھ قىلسا، تەۋبە قىلىپ، گۇناھنى تەرك قىلىپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇ گۇناھقا ھەرگىز قايتماسلىق ئىرادىسىگە كېلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭغا نەپسى خاھشى غالىپ كېلىپ يەنە بىر قېتىم گۇناھ قىلىدىكەن، بەندەم داۋاملىق گۇناھ قىلىپ ئاندىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىپ تۇرىدىكەن مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، بەندەم خالىغىنىنى قىلسۇن، چۈنكى تەۋبە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى يوق قىلىدۇ، دەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىدىن :ئىنسان ھەرقانچە خاتالىق سادىر قىلسىمۇ، گۇناھ قىلسىمۇ، خاتالىقىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.
2. ،ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدىغان ھەقىقى مۇئمىن ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ ئازابىدىن قورقىدۇ، خاتالىقنى داۋاملاشتۇرماستىن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدۇ.
3. توغرا بولغان تەۋبىنىڭ شەرتلىرىدىن :خاتالىقتىن قول ئۈزۈش، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىش، خاتالىققا قايتا قايتماسلىق ئىرادىسىگە كېلىش، ئەگەر تەۋبە كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىگە زۇلۇم قىلىش، يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈش، جېنىغا زامىن بولۇش قاتارلىق زۇلۇمغا ئالاقىدار ئىشلاردىن بولسا، ئۇنىڭغا تۆتىنچى بىر شەرت زىيادە قىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ھەق ئىگىسىدىن رازىلىق تەلەپ قىلىش ياكى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.
4. ئاللاھنى ھەقىقى تونۇشنىڭ مۇھىملىقى شۇكى، بۇ ئىنساننى ئۆزىنىڭ دىنى ئىشلىرىنى ،بىلىدىغان قىلىدۇ، قاچانكى خاتالىق سادىر قىلىدىكەن ھەدىدىن ئاشماستىن ئۈمىتسىزلەنمەستىن ئاللاھقا تەۋبە قىلىدۇ.

(4817)

(86) – عن عَلِيٍّ قَالَ: إِنِّي كُنْتُ رَجُلًا إِذَا سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَدِيثًا نَفَعَنِي اللهُ مِنْهُ بِمَا شَاءَ أَنْ يَنْفَعَنِي بِهِ، وَإِذَا حَدَّثَنِي رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِهِ اسْتَحْلَفْتُهُ، فَإِذَا حَلَفَ لِي صَدَّقْتُهُ، وَإِنَّهُ حَدَّثَنِي أَبُو بَكْرٍ، وَصَدَقَ أَبُو بَكْرٍ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «**مَا مِنْ رَجُلٍ يُذْنِبُ ذَنْبًا، ثُمَّ يَقُومُ فَيَتَطَهَّرُ، ثُمَّ يُصَلِّي، ثُمَّ يَسْتَغْفِرُ اللهَ، إِلَّا غَفَرَ اللهُ لَهُ**»، ثُمَّ قَرَأَ هَذِهِ الْآيَةَ: {وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ} [آل عمران: 135]. [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي والنسائي في الكبرى وابن ماجه وأحمد]

(86) – ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن شۇنداق بىر كىشى ئىدىمكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىسنى ئاڭلىسام ئاللاھ تائالا ماڭا ئۇ ھەدىستىن مەنپەئەت بېرىشنى خالىغان نەرسە بىلەن مەنپەئەت بېرەتتى، ساھابىلاردىن بىر كىشى ھەدىس سۆزلەپ بەرسە، مەن ئۇ كىشىدىن قەسەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتىم، ماڭا قەسەم قىلىپ بەرسە ئۇ كىشىنىڭ ھەدىسىنى تەستىقلايتتىم .ھەقىقەتەن ماڭا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راست سۆزلەيدىغان كىشى، ئۇ :مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ :»**بىر كىشى بىر گۇناھنى قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئادا قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلىدۇ**« ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ﴾ تەرجىمىسى:»**تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ**« ]سۈرە ئال ئىمران 135-ئايەت[ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ)-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى :ھەر قانداق بىر ئىنسان گۇناھ قىلسا، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قىلغان مۇشۇ خاتالىقىغا تەۋبە قىلىش نىيىتى بىلەن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستىغپار ئېيتىپ ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇكىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلدى :»**تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى**

**ئۇچۇن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ«.** [سۈرە ئال ئىمران 135-ئايەت]

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىستە نامازنى ئادا قىلىشقا ئۇنىڭدىن كېيىن گۇناھ قىلغاندىن كېيىن ئىستىغپار ئېيتىپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بار.
2. ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭرىلىكىدىن تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتقۇچىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

(65063)

(87) – عن أبي هريرة رضي الله عنه: أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**يَنْزِلُ رَبُّنَا تَبَارَكَ وَتَعَالَى كُلَّ لَيْلَةٍ إِلَى السَّمَاءِ الدُّنْيَا حِينَ يَبْقَى ثُلُثُ اللَّيْلِ الْآخِرُ، يَقُولُ: «مَنْ يَدْعُونِي فَأَسْتَجِيبَ لَهُ؟ مَنْ يَسْأَلُنِي فَأُعْطِيَهُ؟ مَنْ يَسْتَغْفِرُنِي فَأَغْفِرَ لَهُ؟**». [صحيح] - [متفق عليه]

(87) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : »**ئاللاھ تائالا ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيانىڭ ئاسمىنىغا چۈشۈپ، مۇنداق دەيدۇ» :كىم ماڭا دۇئا قىلسا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، كىم مەندىن بىر نەرسە سورىسا، سورىغىنىنى بېرىمەن، كىم مەندىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلسا ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن؟دەيدۇ**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە دۇنيانىڭ ئاسمىنىغا چۈشۈپ بەندىلىرىنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقى، دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى خالىغان نەرسىسىنى سوراشقا قىزىقتۇرىدىغانلىقى، ئۇلارغا سورىغىنىنى بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنى ئىستىغپار ئېيتىپ خاتالىقلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سوراشقا بۇيرىغانلىقى، ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. كېچىنىڭ ئاخىرىقى ئۈچتىن بىرىنىڭ پەزىلىتى، ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش ۋە ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى.
2. ئىنسان مۇشۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندا دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىشكە بەك ھېرىسمەن بولىشى كېرەك.

(10412)

(88) – عن النُّعمان بن بَشير رضي الله عنه قال: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ -وَأَهْوَى النُّعْمَانُ بِإِصْبَعَيْهِ إِلَى أُذُنَيْهِ-: «**إِنَّ الْحَلَالَ بَيِّنٌ وَإِنَّ الْحَرَامَ بَيِّنٌ، وَبَيْنَهُمَا مُشْتَبِهَاتٌ لَا يَعْلَمُهُنَّ كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ، فَمَنِ اتَّقَى الشُّبُهَاتِ اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وَعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ فِي الشُّبُهَاتِ وَقَعَ فِي الْحَرَامِ، كَالرَّاعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ، أَلَا وَإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمًى، أَلَا وَإِنَّ حِمَى اللهِ مَحَارِمُهُ، أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً، إِذَا صَلَحَتْ صَلَحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(88) – نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «**ھەقىقەتەن ھالالمۇ ئېنىقتۇر، ھاراممۇ ئېنىقتۇر، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەلمەيدىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغان كىشى ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە يۈز ئابرۇيىنى ساقلاپ قالىدۇ، شۈبھىلىك ئىشقا كىرىپ قالغان كىشى ھارامغا كىرىپ قالىدۇ، خۇددى چېگرا ئەتراپىدا قوي باققان كىشىنىڭ قويلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكىنىدەك، دىققەت قىلىڭلار! ھەر بىر پادىشاھنىڭ چەكلەيدىغان-قوغدايدىغان ئورۇنلىرى بولىدۇ، دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ چەكلىگەن ئورۇنلىرى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردۇر، دىققەت قىلىڭلار! ئىنسان بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولۇپ ئۇ ساغلام بولسا پۈتۈن بەدەن ساغلام بولىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ قەلبتىن ئىبارەتتۇر**». [سەھىھ(بەش شەرت) [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

### شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە نەرسىلەر توغرىسىدىكى ئومۇمى قائىدىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، نەرسىلەر شەرىئەتتە ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ: ئېنىق ھالال، ئېنىق ھارام ۋە )ھالال-ھاراملىق جەھەتتىن ھۆكمى ئېنىق بولمىغان (شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئىبارەت، بۇ ئۈچىنچىسىنىڭ ھۆكمىنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدۇ.

شۈبھىلىك ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشى ھارامغا چۈشۈپ قىلىشتىن يىراق بولۇش بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ يۈز ئابرۇيىمۇ باشقىلارنىڭ بۇ كىشى شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ دەيدىغان تەنە سۆزلىرىدىن سالامەت قالىدۇ .شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق بولمىغان كىشى يا ھارامغا چۈشۈپ قىلىش ياكى كىشىلەرنىڭ مالامەتلىرىگە قىلىش بىلەن ئابرۇيىدىن چۈشىدۇ .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۈبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بىر مىسال بايان قىلىپ بەردى :ئۇ كىشى گوياكى باشقىلارنىڭ

توسۇپ قويغان يېرىگە يېقىن جايدا قوي باقىدىغان پادىچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ زېمىنىغا يېقىن جايدا پادا باققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىلىرى چوقۇم باشقىلارنىڭ زېمىنىغا كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش هارامغا يېقىن شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىنىڭ هارامغا چۈشۈپ قىلىش ئېھتىمالى يۇقىرىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسان بەدىنىدە )قەلبتىن ئىبارەت (بىر پارچە گۆشنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇ گۆش سالامەت بولسا بەدەننىڭمۇ سالامەت بولىدىغانلىقى، ئۇ گۆش بۇزۇلسا بەدەننىڭمۇ بۇزۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

## هەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ هەدىس هۆكمى ئېنىق بولمىغان شۈبھىلىك ئىشلارنى تەرك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

(4314)

(89) – عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: كُنْتُ خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمًا، فَقَالَ: «يَا غُلَامُ، إِنِّي أُعَلِّمُكَ كَلِمَاتٍ، احْفَظِ اللهَ يَحْفَظْكَ، احْفَظِ اللهَ تَجِدْهُ تُجَاهَكَ، إِذَا سَأَلْتَ فَاسْأَلِ اللهَ، وَإِذَا اسْتَعَنْتَ فَاسْتَعِنْ بِاللهِ، وَاعْلَمْ أَنَّ الْأُمَّةَ لَوِ اجْتَمَعَتْ عَلَى أَنْ يَنْفَعُوكَ بِشَيْءٍ، لَمْ يَنْفَعُوكَ إِلَّا بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللهُ لَكَ، وَلَوِ اجْتَمَعُوا عَلَى أَنْ يَضُرُّوكَ بِشَيْءٍ، لَمْ يَضُرُّوكَ إِلَّا بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللهُ عَلَيْكَ، رُفِعَتِ الْأَقْلَامُ وَجَفَّتِ الصُّحُفُ». [صحيح] - [رواه الترمذي]

(89) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :مەن بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:»ئى ئوغۇل !مەن ساڭا بىر قانچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قوياي :سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھ سېنى ياد ئېتىدۇ، سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھنى سەن تەرەپتە تاپىسەن، بىر نەرسە سورىساڭ ئاللاھدىن سورا، ياردەم تەلەپ قىلساڭ ئاللاھدىن تەلەپ قىلغىن، بىلگىنكى، ئۈممەتنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىر نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا ئۇلار ساڭا پەقەت ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسىنى مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ساڭا بىر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا ئۇلار ساڭا پەقەت ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر قۇرىدى«. [سەھىھ(بەش] [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ ماڭغاندا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ» :مەن ساڭا بىرقانچە ئىشلارنى تەلىم بىرەي، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئاللاھ تائالا ساڭا مەنپەئەت بېرىدۇ:

ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئادا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئاللاھنى ياد ،قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى تائەت-ئىبادەت، ياخشى ئەمەللەردە تاپىدۇ، گۇناھ -مەسىيەت ئاسىيلىقتا تاپمايدۇ .ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى دۇنيا-ئاخىرەتتە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ .سەن مۇھىم ئىشلىرىڭدا قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭ، ئاللاھ ساڭا ياردەم بېرىدۇ.

بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، پەقەت ئاللاھدىن سورا، ئۇ زات بارلىق ھاجەتمەنلەرنىڭ تىلىكىنى ئۆزى ئىجابەت قىلىدۇ.

ياردەم تەلەپ قىلماقچى بولساڭ، پەقەت ئاللاھدىن تەلەپ قىلغىن.

سەندە شۇنداق بىر ئىشەنچ بولسۇنكى، ئەگەر زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى ساڭا بىر مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن جۇغلاشسىمۇ ئۇلار پەقەت ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان مەنپەئەتتىن باشقىنى يەتكۈزەلەلمەيدۇ. ئەگەر زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى ساڭا بىر زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن جۇغلاشسىمۇ ئۇلار پەقەت ئاللاھ ساڭا تەقدىر قىلغان زىياندىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ.

ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھ پۈتتۈۋەتكەن تەقدىر قىلىۋەتكەن ئىش بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى ھېكمىتى، ئىلمى ۋە تەقەززاسىغا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسە ئۆزگەرمەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. كىچىك بالىلار، ئۆسمۈرلەرگە تەۋھىد، ئەدەپ-ئەخلاق قاتارلىق دىنى ئىشلارنى تەلىم بېرىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.
2. جازا-مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ.
3. ھەر ئىشتا پەقەت ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئاللاھقا تايىنىشقا بۇيرۇش، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ۋەكىل!.
4. تەقدىرگە، قازاغا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا رازى بولۇش، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى تەقدىر قىلىپ بېكىتتى.
5. ئاللاھنىڭ بۇيرۇق-پەرمانلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن كىشىنى ئاللاھمۇ زايە قىلىۋېتىدۇ، مۇھاپىزەت قىلمايدۇ.

(4811)

(90) – عَنْ سُفْيان بنِ عَبْدِ اللهِ الثَّقَفِيِّ رضي الله عنه قال: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، قُلْ لِي فِي الْإِسْلَامِ قَوْلًا لَا أَسْأَلُ عَنْهُ أَحَدًا غَيْرَكَ، قَالَ: «قُلْ: آمَنْتُ بِاللهِ، ثُمَّ اسْتَقِمْ». [صحيح] - [رواه مسلم وأحمد]

(90) – سۇپيان بىن ئابدۇللاھ سەقەپىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن: ئى ئاللاھنىڭ رۇسۇلى! ماڭا ئىسلامدا بىر سۆزنى دەپ بەرسىلە، مەن ئۇ سۆز توغرىسىدا سىلىدىن باشقا ھېچ كىشىدىن سورىمايمەن دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«**ئاللاھقا ئىشەندىم دەپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆزنىڭ تەقەززاسى بىلەن مۇستەھكەم تۇرغىن**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

## شەرھىسى:

ساھابىلاردىن سۇپيان بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە ئىسلامنىڭ ئومۇمى مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىدىغان بىر سۆزنى تەلىم بېرىشنى، ئۇ سۆزنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچ كىشىدىن سورىمايدىغانلىقى توغرىسىدا سورىغان ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «**ئاللاھنى بىر بىلدىم، ھەقىقەتەن ئاللاھنى مېنىڭ رەببىم، ئىلاھىم، ياراتقۇچۇم، ھېچ شېرىكى بولمىغان ھەق مەبۇدۇم**» دېگىن دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ،ئەمەل-ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى تەرك قىلىپ ئاللاھقا بويسۇنۇپ بۇنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. دىنىنىڭ ئەسلى ۋە ئاساسى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكى، پەرۋەردىگار ئىكەنلىكى ۋە ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئىشىنىشتۇر.
2. ئىماندىن كېيىن دۇرۇس بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى.
3. ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىمان شەرت قىلىنىدۇ.
4. ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش دېگەن :ئەقىدە، ئىماندىن ۋە ئۇنىڭ ئاساسىدىن دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ بولغان ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭغا قەلب ئەمەللىرى ۋە ئىچكى-تاشقى ھەممە تەرەپتىن ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. راۋرۇس تۇرۇش دېگەن :ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى تولۇق ئادا قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك قىلىش بىلەن توغرا يولنى لازىم تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

(65018)

(91) – عَنِ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ، إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى**». [صحيح] - [متفق عليه]

(91) – نۇئمان بىن بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مۇئمىنلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى، كۆيۈنۈشى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ مىسالى بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىززىتمىغا ئوخشاش بەدەندىن بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ**« سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]]

**شەرھىسى:**

،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مېھرى-مۇھەببەت كۆيۈنۈش، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەم بېرىش، بىر-بىرىدىن يەتكەن زەرەر ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋىر قىلىشتىن ئىبارەت زۆرۈر ئىشلارنى بىر پۈتۈن بەدەنگە مىسال قىلىپ، خۇددى بەدەندىن بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا، پۈتۈن بەدەن ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىززىتما بىلەن بىئارام بولىدۇ دەپ بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى ۋە كۆيۈنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت، ھەمكارلىق-ياردەملىشىشنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(4969)

(92) – عن عثمان بن عفان رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**مَنْ تَوَضَّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ خَرَجَتْ خَطَايَاهُ مِنْ جَسَدِهِ حَتَّى تَخْرُجَ مِنْ تَحْتِ أَظْفَارِهِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(92) – ئوسمان بىن ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كىمكى تاھارەت ئالغاندا مۇكەممەل، تولۇق ئالسا، ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ ھەتتا تىرنىقىنىڭ ئاستىدىكى خاتالىقلارمۇ چىقىپ كېتىدۇ**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغان كىشى تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى، ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىپ مۇكەممەل ئالسا، بۇ ناچارلىق ۋە خاتالىقلارنىڭ ئۆچۈرلىشى ۋە يوق بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ، ھەتتا قولى ۋە پۇتىنىڭ تىرنىقىنىڭ ئاستىدىكى خاتالىقلارمۇ چىقىپ كېتىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى، ئەدەپلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە قىزىقتۇرۇش.
2. تاھارەتنىڭ پەزىلەتلىرىدىن؛ ئۇ كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، ئەمما چوڭ گۇناھلارغا بولسا چوقۇم تەۋبە قىلىش كېرەك بولىدۇ.
3. خاتالىقلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنىڭ شەرتى: تاھارەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەندەك سۈننەت، ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىپ كامىل ئېلىشتۇر.
4. بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك؛ خاتالىقلارنىڭ كاپارەت بولۇشى چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولۇش ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىكدۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**إِنْ تَجْتَنِبُوا كَبَائِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ**» تەرجىمىسى «**ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز**» [سۈرە نىسا 31-ئايەت]

(6263)

(93) – عن أبي أيوب الانصاري رضي الله عنه مرفوعاً: "إذا أَتَيتُم الغَائِط، فَلاَ تَستَقبِلُوا القِبلَة بِغَائِط ولا بَول، ولا تَسْتَدْبِرُوهَا، ولكن شَرِّقُوا أو غَرِّبُوا".

قال أبو أيوب: «فَقَدِمنَا الشَّام، فَوَجدنَا مَرَاحِيض قد بُنِيَت نَحوَ الكَّعبَة، فَنَنحَرِف عَنها، ونَستَغفِر الله عز وجل» . [صحيح] - [متفق عليه]

(93) – ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ ،مۇنداق دېگەن :سىلەر ھاجەتخانىغا كىرسەڭلار، قىبلە تەرەپكە ئالدىڭلارنىمۇ قىلماڭلار كەينىڭلارنىمۇ قىلماڭلار، بەلكى شەرىق ۋە غەرىپ تەرەپكە قاراڭلار .ئەبۇ ئەييۇب مۇنداق دەيدۇ :بىز شامغا كەلسەك، ھاجەتخانىلار قىبلىگە قارتىلىپ سېلىنغان ئىكەن، بىز ئىستىغپار ئېيتىپ ھاجەتخانىدا يانچە ئولتۇردۇق سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [(بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھاجەتخانىغا كىرگەندىكى قائىدىلەرنى ئۆگۈتۈپ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تەرەت قىلغاندا قىبلىگە يەنى ئۇلۇغ كەئبە شىرىپقا ئالدىمىزنى قىلماسلىق ھەم كەينىمىزنىمۇ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلدۇ، چۈنكى ئۇ نامازدا ئالدىمىزنى قىلىدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان جايدۇر .ئەگەردە ھاجەتخانا قىبلە تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان بولسا شەرىق ۋە ياكى غەرىپ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئولتۇرۇش كېرەك. مەدىنە مۇنەۋۋەردە ياشايدىغان كىشىلەرگە قارىتا، ساھابىلار رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى تىز ئىجرا قىلىدىغان بولغاچقا **»مۇسۇلمان شۇنداق بولىشى كېرەك«** ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى دېدىكى :ساھابىلار شامنى پەتھى قىلغاندا ھاجەتخانىلارنىڭ قىبلە تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغانلىقىنى كۆردى، ئۇلار ھاجەتخانىدا ئولتۇرغاندا قىيپاش ئولتۇرۇپ، بۇ قىلمىش ئۈچۈن ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتتى

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(3078)

(94) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «**لَا يَقْبَلُ اللهُ صَلَاةَ أَحَدِكُمْ إِذَا أَحْدَثَ حَتَّى يَتَوَضَّأَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(94) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تاھارىتى بۇزۇلسا تاھارەت ئالمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ**«. [بەش شەرت تولۇق بولغادا) سەھىھ (ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازنىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ شەرتى تاھارەت ئىكەنلىكىنى، نامازئادا قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ چوڭ-كىچىك تاھارەت، ئۇيقۇ ياكى يەل چىقىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن تاھارىتى بۇزۇلغان بولسا تاھارەت ئېلىشىنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مۇسۇلمان كىشى جۇنۇپ بولسا يۇيۇنمىغۇچە، تاھارەتسىز بولسا تاھارەت ئالمىغۇچە ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ.
2. تاھارەت ئېلىش بولسا؛ ئېغىزىنى چايقاپ سۇنى چىقىرىپ، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تازىلاپ ئۇنى چىقىرىدۇ، يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئىككى قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا بىر قېتىم مەسىھ قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پۇتىنى ھوشۇقى بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ.

(3534)

(95) – عَنْ جَابِرٍ رضي الله عنه قال: أَخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ: أَنَّ رَجُلًا تَوَضَّأَ فَتَرَكَ مَوْضِعَ ظُفُرٍ عَلَى قَدَمِهِ فَأَبْصَرَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: «ارْجِعْ فَأَحْسِنْ وُضُوءَكَ» فَرَجَعَ، ثُمَّ صَلَّى.
[صحيح بشواهده] - [رواه مسلم]

(95) – جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :ماڭا ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلدى :بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تىرناقچىلىك ئورۇننى چالا قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشىگە »:قايتىپ تاھارەتنى چىرايلىق، تولۇق ئالغىن«دېدى، ئۇ كىشى قايتا تاھارەت ئېلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلدى. [ھەدىس نەقىل] [كۈچلەنگەن باشقا شاھىتلىرى بىلەن سەھىھ- ئىمام مۇسلىم "سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە] [رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :بىر كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىپ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تىرناقچىلىك ئورۇنغا سۇ تەگمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە پۇتىنىڭ سۇ تەگمىگەن ئورۇننى ئىشارەت قىلىپ: قايتىپ تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ، ھەممە ئەزاغا سۇدىن ھەققىنى بەرگىن دەيدۇ .ئۇ كىشى قايتىپ تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ياخشىلىقا بۇيرۇشقا، ناداننى، غاپىلنى، جاھىلنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئالدىراشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئىبادەتكە بۇزۇلۇش تەرتىپ بېرىلىدىغان مۇنكەرنى ئۆزگەرتىشكە بەك ئالدىراش كېرەك.
2. تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى سۇ بىلەن تولۇق يۇيۇش ۋاجىب، ئەگەر ئۇ ئەزالاردىن بەزىسىنى ياكى ئازراق بىر يېرىنى يۇماي قويسا ئالغان تاھارەتنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى، ئەگەر ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەن بولسا تاھارەتنى قايتىدىن ئېلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنىدۇ.
3. تاھارەتنى چىرايلىق ئېلىش يولغا قويۇلغان، ئۇ بولسىمۇ :شەرىئەتتە بۇيرىغان يول بويىنچە مۇكەممەل، كامىل ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.
4. ئىككى قەدەممۇ تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالاردىن، ئۇ ئىككىسىگە مەسىھ قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ بەلكى تولۇق يۇيۇش كېرەك.

5. تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالارنى ئارقمۇ-ئارقا ئۈزۈلدۈرمەي يۇيۇش كېرەك، كېيىنكى ئەزانى ئۇنىڭدىن بۇرۇن يۇغان ئەزا قۇرۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى يۇيۇش كېرەك.

6. بىلمەسلىك ۋە ئۇنتۇپ قىلىش ۋاجىپنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ، پەقەت گۇناھنى يوق قىلىدۇ، بۇ كىشى بىلمەسلىكتىن تاھارەتنى كامىل ئالمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىدىن ۋاجىپنى چۈشۈرۈۋەتمىگەن ئۇ بولسىمۇ تاھارەتتىن ئىبارەتتۇر .شۇنداقلا ئۇنى قايتىدىن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرىغان.

(8386)

(96) – عن عَمْرُو بْنُ عَامِرٍ عَنْ أَنَس بن مالك قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَوَضَّأُ عِنْدَ كُلِّ صَلَاةٍ، قُلْتُ: كَيْفَ كُنْتُمْ تَصْنَعُونَ؟ قَالَ: يُجْزِئُ أَحَدَنَا الْوُضُوءُ مَا لَمْ يُحْدِثْ. [صحيح] - [رواه البخاري]

(96) – ئەمرۇ بىن ئامىردىن ئۇ كىشى ئەنەس بىن مالىكتىن بايان قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق ،دەيدۇ» :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ناماز ئادا قىلىدىغان ۋاقىتتا تاھارەت ئالاتتى مەن :سىلەر قانداق قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورىسام، ئەنەس :بىزلەرنىڭ بىرىمىزنىڭ تاھارىتى بۇزۇلمىغان بولسا شۇ تاھارەت بىلەن ناماز قىلاتتۇق دېدى. [توغرا ھەدىس(بەش سەھىھ ھەدىس قاتارىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر)]-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىيادە ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىش ئۈچۈن تاھارىتى بۇزۇلمىسىمۇ ھەر پەرز ناماز ئۈچۈن يېڭىدىن تاھارەت ئالاتتى.
ئەگەر ئىنساننىڭ تاھارىتى بۇزۇلمىغان بولسا بىر قېتىم ئالغان تاھارەت بىلەن بىر قانچە قېتىملىق پەرز نامازلارنى ئوقۇسا بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشى ئىبادەتتە مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

2. ھەر پەرز ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ياخشىدۇر.

3. بىر تاھارەت بىلەن بىر قانچە قېتىملىق پەرز نامازنى ئادا قىلىش جايىزدۇر.

(65080)

(97) – عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنهما قَالَ: تَوَضَّأَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَرَّةً مَرَّةً. [صحيح] - [رواه البخاري]

(97) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئەزاسىنى بىر قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالاتتى». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەزى ۋاقىتتا تاھارەت ئالغاندا تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزاسىنى بىر قېتىمدىن يۇياتتى، يۈزىنى بىر قېتىم يۇياتتى، ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالاتتى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىنى بىر قېتىمدىن يۇياتتى .بۇ تاھارەتتىكى ۋاجىپنىڭ مىقدارىدۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالارنى بىر قېتىمدىن يۇيۇش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يۇيۇش مۇستەھەبتۇر.
2. تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى بەزى ۋاقىتلاردا بىر قېتىمدىن يۇسىمۇ بولىدۇ.
3. بېشىغا بىر قېتىم مەسھە قىلسا بولىدۇ.

(65081)

(98) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ زَيْدٍ رضي الله عنه: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَوَضَّأَ مَرَّتَيْنِ مَرَّتَيْنِ.

[صحيح] - [رواه البخاري]

(98) – ئابدۇللاھ بىن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «**ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئەزاسىنى ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالاتتى**».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ۋاقىتتا تاھارەت ئالغاندا تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزاسىنىڭ ھەر بىرىنى ئىككى قېتىمدىن يۇياتتى، يۈزىنى ئىككى قېتىم يۇياتتى، ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالاتتى، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتىنى ئىككى قېتىمدىن يۇياتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالارنى ئىككى قېتىمدىن يۇيۇش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يۇيۇش مۇستەھەبتۇر.
2. تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى بەزى ۋاقىتلاردا ئىككى قېتىمدىن يۇسىمۇ بولىدۇ.
3. بىيشىغا بىر قېتىم مەسىھ قىلسا بولىدۇ.

(65082)

(99) – عَنْ حُمْرَانَ مَوْلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ رضي الله عنه: أَنَّهُ رَأَى عُثْمَانَ بْنَ عَفَّانَ دَعَا بِوَضُوءٍ، فَأَفْرَغَ عَلَى يَدَيْهِ مِنْ إِنَائِهِ، فَغَسَلَهُمَا ثَلَاثَ مَرَّاتٍ، ثُمَّ أَدْخَلَ يَمِينَهُ فِي الْوَضُوءِ، ثُمَّ تَمَضْمَضَ وَاسْتَنْشَقَ وَاسْتَنْثَرَ، ثُمَّ غَسَلَ وَجْهَهُ ثَلَاثًا، وَيَدَيْهِ إِلَى الْمِرْفَقَيْنِ ثَلَاثًا، ثُمَّ مَسَحَ بِرَأْسِهِ، ثُمَّ غَسَلَ كُلَّ رِجْلٍ ثَلَاثًا، ثُمَّ قَالَ: رَأَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَوَضَّأُ نَحْوَ وُضُوئِي هَذَا، وَقَالَ: «مَنْ تَوَضَّأَ نَحْوَ وُضُوئِي هَذَا ثُمَّ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ لَا يُحَدِّثُ فِيهِمَا نَفْسَهُ غَفَرَ اللهُ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(99) – ئوسمان ئىبنى ئەپپاننىڭ ئازاد قىلىنغان خىزمەتچىسى ھۇمراندىن بايان قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى ئوسمان ئىبنى ئەپپاننىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقان ھالىتىنى كۆردى .تاھارەت ئالىدىغان سۇنى كەلتۈردى، قاچىدىن قولىغا سۇنى قۇيۇپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولىنى سۇ بار قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ ئېغىزىنى چايقىدى، بۇرنىغا سۇ ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئىككى قولىنى جەينەك بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىمدىن يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا مەسىھ قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر پۇتىنى ئۈچ قېتىمدىن يۇدى .ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دېدى :مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھازىر مەن تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : »كىمكى مەن تاھارەت ئالغاندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىگە باشقا ئىشلارنى كەلتۈرمەي ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئېلىش سۈپەتلىرىنى ،ئېنىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئۆگەتتى :بىر قاچىدا سۇ ئەكەلدۈردى قاچىدىن قولىغا سۇ قۇيۇپ ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولىنى قاچىغا تىقىپ سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېغىزىنى چايقاپ چىقىرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن كىيىن بۇرنىغا سۇ ئىلىپ بۇرنىنى تازىلاپ چىقىرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئىككى قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن ئۈچ قېتىمدىن يۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆل قولى بىلەن بېشىغا بىر قېتىم مەسىھ قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشۇقى بىلەن قېتىپ ئۈچ قېتىمدىن يۇدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۆزى تاھارەت ئالغاندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى ۋە

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغان كىشىگە، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھۇزۇرى دىل بىلەن خالىس ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى مۇشۇ كامىل ئالغان تاھارەت، خالىس ئادا قىلغان نامازغا ئاساسەن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تاھارەتنىڭ ئەۋۋىلىدە گەرچە ئۇيقۇدىن تۇرمىغان بولسىمۇ قولىنى سۇ قاچىسىغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى ئىككى قولىنى يۇيۇۋېتىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى، ئەمما ئۇيقىدىن ئويغانغان كىشىنىڭ يۇيۇشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.
2. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا دەرسىنى چۈشەندۈرۈشتە ئوقۇغۇچىنىڭ ئېسىدە قالىدىغان ۋە چۈشىنىشى يۇختا بولىدىغان يولنى تاللىشى كېرەك بولىدۇ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تەلىم بېرىشمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
3. نامازخان نامازنىڭ مۇكەممەل ۋە تولۇق ئادا بولۇشى، نامازنى ھوزۇرى دىل بىلەن ئادا قىلىشى ئۈچۈن نامازغا تۇرغاندا كۆڭلىدىن دۇنياغا ئالاقىدار ئىشلارنى چىقىرۋېتىشى كېرەك. نامازدا تۈرلۈك پىكىرلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نامازدىن بۇرۇن قەلبىنى ئىبادەتكە ھازىر تۇتۇشى لازىم.
4. تاھارەتتە ئوڭدىن باشلاش ياخشىدۇر.
5. ئېغىزنى چايقاش بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ئارىسىنى تەرتىپ بىلەن قىلىش يولغا قويۇلغاندۇر.
6. يۈز، ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش مۇستەھەبتۇر. بىر قېتىملا يۇيۇش ۋاجىپتۇر.
7. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشى ئىككى ئىشقا مەركەزلىشىدۇ: يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان سۈپەت بويىچە تاھارەت ئېلىش ۋە ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.
8. تاھارەتتە يۇيىدىغان ھەر بىر ئەزانىڭ بەلگىلىمىسى بار: يۈزنىڭ بەلگىلىمىسى ئۇزۇنلۇقتا: ئادەتتە بېشىنىڭ چاچ ئۈنگەن يېرىدىن باشلاپ ساقالدىن ۋە ئېگەكنىڭ ئاستىغىچە، توغرىلىقتا: ئىككى قۇلاقنىڭ ئارىسى، قولنىڭ بەلگىلىمىسى: قولنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن جەينىكى بىلەن قېتىپ، باشنىڭ بەلگىلىمىسى: ئادەتتە يۈزى

تەرەپتىن چاچ ئۆنگەن ئورۇندىن باشلاپ گەدەننىڭ ئۇستۈن تەرىپىگىچە، قۇلاقلا مەسىھ قىلىش باشنىڭ جۈملىسىدىن، پۈتنىڭ بەلگىلىمىسى: ئىككى پۇتى ھوشۇقى بىلەن قىتىپ تولۇق يۇيۇلىدۇ.

(3313)

(100) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِذَا تَوَضَّأَ أَحَدُكُمْ فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ ثُمَّ لِيَنْثُرْ، وَمَنِ اسْتَجْمَرَ فَلْيُوتِرْ، وَإِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ نَوْمِهِ فَلْيَغْسِلْ يَدَهُ قَبْلَ أَنْ يُدْخِلَهَا فِي وَضُوئِهِ، فَإِنَّ أَحَدَكُمْ لاَ يَدْرِي أَيْنَ بَاتَتْ يَدُهُ».

ولفظ مسلم: «إِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ نَوْمِهِ فَلَا يَغْمِسْ يَدَهُ فِي الْإِنَاءِ حَتَّى يَغْسِلَهَا ثَلَاثًا، فَإِنَّهُ لَا يَدْرِي أَيْنَ بَاتَتْ يَدُهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(100) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ ئېچىگە تارتىپ بۇرنىنى تازىلاپ سىرتقا چىقىرىۋەتسۇن، ئىستىنجا قىلغان كىشى تاق قىلسۇن، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قولىنى تاھارەت ئالىدىغان سۇ بار قاچىغا سىلىشتىن بۇرۇن قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيىۋەتسۇن، چۈنكى ئۇ كىشى قولىنىڭ كېچىدە قەيەرلەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ«. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: »سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇماستىن تاھارەت ئالىدىغان سۇ بار قاچىغا كىرگۈزمىسۇن، چۈنكى ئۇ كىشى قولىنىڭ كېچىدە قەيەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ« دېيىلگەن. [سەھىھ(بەش [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەتكە ئالاقىدار بەزى ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ ھۆكۈملەردىن: بىرىنچى: تاھارەت ئالغان كىشى نەپەس بىلەن بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈپ ئاندىن بۇرنىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سۇنى يەنە نەپەس بىلەن چىقىرىۋېتىدۇ. ئىككىنچى: ئۆزىدىن چىققان ئەزىيەتلەرنى سۇدىن باشقا تاش، چالما قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تازىلىماقچى بولغان كىشى ئۇ ئورۇننى تاق شەكىلدە يەنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم تازىلىشى كېرەك، يەنى نىجاسەت چىققان ئورۇن پاكىز بولغانغا قەدەر تازىلايدۇ. ئۈچىنچى: كېچىدە ئۇيقۇدىن

ئويغانغان كىشى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىككى قولىنى سۇ بار قاچىغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى قاچىنىڭ سىرتىدا سۇ قۇيۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇۋېتىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشى قولىنىڭ كېچىدە نەلەردە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ، قولىنىڭ پاكىزلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ، بەزى ۋاقىتتا شەيتان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى ئوينايدۇ، قولىدا ئىنسانغا زىيانلىق ياكى سۇنى بۇزىدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تاھارەت ئالغاندا نەپەس ئارقىلىق بۇرنىغا سۇ كىرگۈزۈپ تازىلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە نەپەس ئارقىلىق چېقىرىۋېتىش ۋاجىپ بولىدۇ.
2. ئىستىنجانى تاق قىلىش ياخشى بولىدۇ.
3. كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا قولىنى سۇغا تىقىشتىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم يۇيۇۋېتىش كېرەك.

(3033)

(101) – عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنهما قَالَ: مَرَّ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِقَبْرَيْنِ، فَقَالَ: «إِنَّهُمَا لَيُعَذَّبَانِ، وَمَا يُعَذَّبَانِ فِي كَبِيرٍ، أَمَّا أَحَدُهُمَا فَكَانَ لاَ يَسْتَتِرُ مِنَ البَوْلِ، وَأَمَّا الآخَرُ فَكَانَ يَمْشِي بِالنَّمِيمَةِ» ثُمَّ أَخَذَ جَرِيدَةً رَطْبَةً، فَشَقَّهَا نِصْفَيْنِ، فَغَرَزَ فِي كُلِّ قَبْرٍ وَاحِدَةً، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللَّهِ، لِمَ فَعَلْتَ هَذَا؟ قَالَ: «لَعَلَّهُ يُخَفِّفُ عَنْهُمَا مَا لَمْ يَيْبَسَا». [صحيح] - [متفق عليه]

(101) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى :»بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشى ئەلۇەتتە ئازابلىنىۋاتىدۇ، بۇلار كۆرۈنۈشتە چوڭ بولغان بىر ئىشتا ئازابلانمايۋاتىدۇ، ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى كىچىك تاھارەتتىن پاكلانمايتتى)يەنى سىيدۇكتىن تولۇق ساقلانمايتتى (يەنە بىرى :كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلاتتى«، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنىڭ بىر تال ھۆل شېخىنى ئېلىپ ئوشتۇپ ئىككى پارچە قىلىپ ھەر بىر قەبرىگە بىر تالدىن سانچىپ قويدى. ساھابىلار :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلدىلا؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:»بۇ ئىككى شاخ قۇرۇپ قالمىغان مۇددەتتە ئۇلاردىن ئازاب يەڭگىللەمدىكىن دېگەن ئۈمىتتە شۇنداق قىلدىم« دېدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشى ئازابلىنىۋاتىدۇ، بۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كاتتا بولغان ئەمما سىلەرنىڭ قارىشىڭلاردا چوڭ بولمىغان بىر ئىشتا ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە كىيىمىنى كىچىك تەرەتتىن پاك ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. يەنى كىچىك تەرەت قىلغاندا سىيدۇكتىن تولۇق ساقلانمىغان. يەنە بىرى :كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلاتتى. يەنى كىشىلەر ئارىسىدا جېدەل-ماجرا، ئىختىلاپ كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سۆزىنى باشقىلارغا يۆتكەيتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. سۇخەنچىلىك قىلىش ۋە كىچىك تەرەتتىن ساقلانماسلىق چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبرىدە ئازابلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

2. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامىتىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن قەبرە ئازابىغا ئوخشاش بەزى غەيبى ئىشلارنى ئېچىپ بەردى.

3. خورمىنىڭ ھۆل شېخىنى ئوشتۇپ ئىككى پارچە قىلىپ ئىككى قەبرىگە سانجىپ قويۇش بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا خاس بولغان بىر ئىشتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى، بۇنى باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قىياس قىلىپ قىلسا بولمايدۇ، چۈنكى قەبرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

(3010)

(102) – عَنْ أَنَسٍ رضي الله عنه قَالَ: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَخَلَ الخَلاَءَ قَالَ: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الخُبُثِ وَالخَبَائِثِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(102) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھاجەتخانىغا كىرسە» :ئى ئاللاھ !مەن سىلىگە سېغىنىپ ئەركەك-چېشى شەيتانلاردىن پاناھلىق تىلەيمەن«دەيتتى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-]ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام چوڭ تەرەت بولسۇن ياكى كىچىك تەرەت بولسۇن ھاجىتىنى ئادا قىلىدىغان ئورۇنغا كىرىشنى مەقسەت قىلغاندا، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيتتى ئەركەك-چېشى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاشنى تىلەپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلاتتى .بەزى ئالىملار:»**خۇبسى ۋە خەبائىس**«نى يامانلىق ۋە نىجاسەت دەپ ئىزاھلىغان.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ھاجەتخانىغا كىرىشنى مەقسەت قىلغاندا بۇ دۇئانى قىلىش ياخشىدۇر.

2. مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ھەرۋاقىت ئۆزلىرىگە يېتىدىغان زىيانلىق ۋە ئەزىيەتلەردىن ساقلىنىشتا ئۆزىنىڭ رەببىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

(3150)

(103) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**السِّوَاكُ مَطْهَرَةٌ لِلْفَمِ، مَرْضَاةٌ لِلرَّبِّ**». [صحيح] - [رواه النسائي وأحمد]

(103) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ««**مسۋاك ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەببىنى رازى قىلىدۇ**»».
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىراك دەرىخىنىڭ شېخىدىن قىلىنغان مسۋاك ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن ئېغىزنى تاماق قالدۇقلىرى ۋە يېقىمسىز پۇراقلاردىن پاكىزلاشنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئېغىزنى پاكلاش بولسا ئاللاھنىڭ بەندىدىن رازى بولۇشى ئۈچۈندۇر چۈنكى ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش بار، شۇنداقلا پاكىزلىقتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئىش مەۋجۇتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى مسۋاكنى كۆپ ئىشلىتىشكە بۇيرىغانلىقى بولسا، مسۋاك ئىشلىتىشنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ.
2. مسۋاكنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنى ئىراك دەرىخىنىڭ شېخىدىن بولغىنىدۇر. بولمىغاندا چېش چوتكىسى ۋە چېش پاستىسى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

(3588)

(104) – عن حذيفة بن اليمان رضي الله عنهما قال: «كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إِذَا قَام من اللَّيل يُشُوصُ فَاهُ بِالسِّوَاكِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(104) – ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىلىك ئۇيقۇسىدىن تۇرغىنىدا مىسۋاك بىلەن ئاغزىنى چوتكىلايتتى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھنىڭ پاكىزلىقنى سۆيۈشى ۋە بەدبۇي پۇراقنى ئۆچ كۆرگەنلىكىدىن كېچىلىرى ئۇيقىسىدىن ئويغانغاندا مىسۋاك بىلەن چىشىنى چوتكىلايتتى، ئۇزۇن كېچىنىڭ ئۇيقۇلىرى ئېغىز پۇرىقىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، مىسۋاك ئۇ پۇراقلارنى يوقۇتۇپ، ئۇيقۇنى ئېچىپ، كېچە نامىزىغا تېتىك بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ .چۈنكى مىسۋاكنىڭ ئۇيقىنى ئېچىش ۋە روھلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(3063)

(105) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : (لولاَ أن أَشُقَّ عَلَى أُمَّتِي؛ لَأَمَرتُهُم بِالسِّوَاك عِندَ كُلِّ صَلاَة). [صحيح] - [متفق عليه]

(105) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :ناۋادا ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق بولىدۇ دېمىسەم ھەر نامازغا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىگە كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىپ، ئۈممىتى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدىغان ھەر قانداق ئىش بولسا ئۇلارنىڭ

قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنىڭ جۈملىسىدىن مىسۋاك ئىشلىتىش، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىسۋاكنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسىنىڭ كۆپلىكىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇلارغا ھەر بىر نامازدا ياكى تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك ئىشلىتىشنى ۋاجىب قىلىشقا ئۇرۇندى-يۇ لېكىن ئۇممىتىگە رەھىم شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ پەرز قىلىپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ توختاپ قالدى، ئەگەر پەرز بولۇپ قالسا ئۇلار قىلالماي قالسا، گۇناھكار بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرىدى .شۇنداقتىمۇ مىسۋاكنى كۆپ ئىشلىتىشكە ئۇلارنى قىزىقتۇردى ۋە ئۈندىدى

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3364)

(106) – عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**حَقٌّ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ أَنْ يَغْتَسِلَ فِي كُلِّ سَبْعَةِ أَيَّامٍ يَوْمًا، يَغْسِلُ فِيهِ رَأْسَهُ وَجَسَدَهُ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(106) – ئەبۇ: ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيىنىشى، بېشىنى ۋە بەدىنىنى يۇيىشى ۋاجىب بولىدۇ**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ :بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە يەنى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيىنىشى زۆرۈردۇر .شۇنداقلا پاكىزلىق ۋە گۈزەللىكنى تەلەپ قىلىپ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيىشى كېرەك .ھەپتىنىڭ كۈنلىرى ئىچىدە جۈمە كۈنىدە يۇيۇنسا ياخشى بولىدۇ .بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە، جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن .پەيشەنبە كۈندە يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ .بەزى رىۋايەتلەر يۇيۇنۇشنىڭ ۋاجىب بولماستىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن :»**كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇلار جۈمە نامىزىغا ماڭغاندا شۇ ھالىتى بويىچە باراتتى، ئۇلارغا ئەگەر يۇيۇنۇپ كەلگەن بولساڭلار دېيىلەتتى**«[ .بۇخارى رىۋايىتى]

،بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە :»**ئۇلاردىن تەر پۇراقلىرى كېلەتتى**« دەپ كەلگەن شۇنداق بولغاچقا ئۇلارغا :ئەگەر يۇيۇنۇپ كەلگەن بولساڭلار دېيىلەتتى .«ئۇلاردىن باشقىلارنىڭمۇ يۇيۇنۇپ كېلىشى ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئىسلام پاكىزلىق ۋە تاھارەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.
2. جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئۈچۈن يۇيۇنۇپ چىقىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.
3. ھەدىستە بەدەننى يۇيۇش دېگەن سۆز باشتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، باش ئالاھىدە زىكىر قىلىندى، بۇ باشقا ۋە چاچقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىندۇر.
4. كىشىلەرگە ئەزىيەت يېتىدىغان ھەر قانداق پۇراق سەۋەبلىك، ئۇ كىشىنىڭ يۇيىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ.
5. جۈمە كۈنى بەك ئۇلۇغ كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۈندە يۇيۇنۇش ئالاھىدە تەكىتلەندى.

(65084)

(107) – عن أبي هريرة رضي الله عنه: سمعتُ النبيّ صلى الله عليه وسلم يقول: «الفِطْرَةُ خمسٌ: الخِتَانُ والاستحدادُ وقصُّ الشَّارِبِ وتقليمُ الأظفارِ وَنَتْفُ الآبَاطِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(107) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ئىسلامى پىترەت)تۇغما تەبىئەت، (بەش تۈرلۈكتۇر: خەتنە قىلدۇرۇش، ئەزالارنى تازىلاش )سۈننەت قىلىش( بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش.» سەھىھ(بەش شەرت] [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئىسلامدىن بولغان بەش تۈرلۈك ئىشنى بايان قىلىپ بەردى:
ئۇنىڭ بىرىنچىسى: خەتنە قىلدۇرۇش، ئۇ ئوغۇل باللىنىڭ ئەۋرىتىدىن بوغمىقىنىڭ ئۈستىدىكى ئارتۇق تېرىنى كېسىۋېتىشتىن ئىبارەت، ئاياللىنىڭ ئەۋرىتىدىن بولسا جىنسى ئالاقە قىلىدىغان ئورۇننىڭ ئۈستىدىكى تېرىنىڭ ئۈچىدىن كېسىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.
ئىككىنچىسى: سۈننەت قىلىش بولسا ئەۋرەتنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكلەرنى تازىلاش.

ئۈچىنچىسى :بۇرۇتنى قىسقارتىش، ئەر كىشى ئۈستۈن كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە ئۈنگەن تۈكلەرنى ئۈستۈن كالپۇكى كۆرۈنگىدەك ھالەتتە قىسقارتىش.
تۆتىنچىسى :تىرناقلىرىنى كېسىش.
بەشىنچىسى :قولتۇقىنىڭ تۈكىنى يۇلۇش.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلاردىندۇر، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا بۇيرۇپ، مۇكەممەللىك، پاكىزلىق ۋە گۈزەللىككە دەۋەت قىلىدۇ.
2. بۇ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭدىن غاپىل قالماسلىق كېرەك بولىدۇ.
3. بۇ ئىشلارنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىق تەرەپتىن پايدىسى بار، ئۇ پايدىلاردىن :شەكلىنى چىرايلىق قىلىش، بەدىنىنى پاكىزە قىلىش، پاكىزلىقتا ئېھتىياتچان بولۇش، كاپىرلارغا ئوخشىماسلىق ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش.
4. :باشقا ھەدىسلەردە بۇ خىسلەتلەرگە زىيادە قىلىنىپ يەنە بەزى ئىشلار سۆزلەندى مىسۋاك قىلىش، ساقال قويۇش قاتارلىقلار.

(3144)

(108) – عَنْ عَلِيٍّ رضي الله عنه قَالَ: كُنْتُ رَجُلًا مَذَّاءً وَكُنْتُ أَسْتَحْيِي أَنْ أَسْأَلَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِمَكَانِ ابْنَتِهِ فَأَمَرْتُ الْمِقْدَادَ بْنَ الْأَسْوَدِ فَسَأَلَهُ فَقَالَ: «**يَغْسِلُ ذَكَرَهُ وَيَتَوَضَّأُ**».
وَلِلْبُخَارِيِّ: فَقَالَ: «**تَوَضَّأْ وَاغْسِلْ ذَكَرَكَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(108) – ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەندىن مەزى كۆپ كېلەتتى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە ئايالىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەن بۇ سوئالنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سوراشتىن ھايا قىلىپ، مىقداد بىن ئەسۋەدنى سوراشقا بۇيرىدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: »**ئەۋرىتىنى يۇيىدۇ ۋە تاھارەت ئالىدۇ**«، بۇخارىينىڭ رىۋايىتىدە: »**تاھارەت ئالغىن ۋە ئەۋرىتىڭنى يۇغىن**« دېگەن. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىدىن مەزىينىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەزىي دېگەن: ئىنساندا شەھۋەت قوزغالغاندا ياكى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى جىنسى ئەزاسىدىن چىقىدىغان شىلىمشىق، سۇيۇق ئاق سۇدىن ئىبارەت. مەزى چىققاندا قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سوراي دىسە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈن سوراشتىن ھايا قىلىدۇ. مىقداد بىن ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سوراشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەۋرىتىنى يۇيۇۋېتىپ تاھارەت ئالسۇن دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئۇ كىشىنى ھايا ۋاستە بىلەن بولسىمۇ سوئال سوراشتىن چەكلەپ قويمىدى.
2. ئورنىغا بىرسىنى ئەۋەتىپ پەتىۋا سورىسا دۇرۇس بولىدۇ.
3. پايدىلىق ئىشلاردا ئىنسان ئۆزى ھايا قىلىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بەرسە دۇرۇستۇر.
4. مەزىي نىجىستۇر، ئۇنى بەدەندىن ۋە كىيىمدىن يۇيىۋېتىش ۋاجىپ بولىدۇ.
5. مەزىينىڭ چىقىشى تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللاردىندۇر.

6. يەنە بىر ھەدىستە بايان قىلىنغانغا كۆرە :ئەۋرەتنى بىلەن بىرگە تاشاقنىمۇ يۇيۇش ۋاجىبتۇر.

(3348)

(109) – عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ المؤمنين رضي الله عنها قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا اغْتَسَلَ مِنَ الجَنَابَةِ، غَسَلَ يَدَيْهِ، وَتَوَضَّأَ وُضُوءَهُ لِلصَّلاَةِ، ثُمَّ اغْتَسَلَ، ثُمَّ يُخَلِّلُ بِيَدِهِ شَعَرَهُ، حَتَّى إِذَا ظَنَّ أَنَّهُ قَدْ أَرْوَى بَشَرَتَهُ، أَفَاضَ عَلَيْهِ المَاءَ ثَلاَثَ مَرَّاتٍ، ثُمَّ غَسَلَ سَائِرَ جَسَدِهِ، وَقَالَتْ: كُنْتُ أَغْتَسِلُ أَنَا وَرَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ إِنَاءٍ وَاحِدٍ، نَغْرِفُ مِنْهُ جَمِيعًا. [صحيح] - [ رواه البخاري]

(109) – مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنابەتتىن يۇيۇنغان ۋاقىتتا، ئىككى قولىنى يۇيىتتى، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇناتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنىڭ ئارىسىنى ئارىلايتتى، چېچىنىڭ ئاستىغا سۇ تېگىپ تېرە سۇغا قاندى دەپ ئويلىغاندا بېشىغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇياتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان بەدىنىنى يۇيىتتى .ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ» :مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ يۇيىناتتۇق، بىرلىكتە سۇنى ئۇۋۇچلاپ ئالاتتۇق. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنابەتتىن يۇيۇنماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى يۇياتتى .ئۇنىڭدىن كېيىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە سۇ قۇياتتى، ئاندىن كېيىن چېچىنى قولىنىڭ بارمىقى بىلەن ئارىلاپ چاچنىڭ تېگىگە سۇ ئۆتتى، باشنىڭ تېرىسى سۇغا قاندى دەپ ئويلىغاندا، بېشىغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇپ يۇياتتى، ئاندىن كېيىن بەدىنىنىڭ قالغان جايلىرىنى يۇياتتى .ئائىشە رەزىيەللاھۇ ،ئەنھا مۇنداق دەيدۇ :مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ يۇيىناتتۇق بىرلىكتە سۇنى ئۇۋۇچلاپ ئالاتتۇق.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. يۇيۇنۇش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ :كۈپايە قىلغۇچى ۋە كامىل، ئەمما كۈپايە قىلغۇچى يۇيۇنۇش بولسا :ئىنسان پاكىز بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىنى :چايقاپ، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيىدۇ، ئەمما كامىل يۇيۇنۇش بولسا .مۇشۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇنغاندەك يۇيىنىدۇ
2. جۇنابەت دېگەن سۆز :مەنىي چىققان كىشىگىمۇ ۋە ياكى جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان .ئەمما مەنىي چىقمىغان كىشىگىمۇ ئىشلىتىلىنىدۇ
3. ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى ۋە بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ يۇيىنىشى .دۇرۇس بولىدۇ

(3316)

(110) – عَنْ عَمَّارِ بنِ ياسِرٍ رضي الله عنه قال: بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي حَاجَةٍ، فَأَجْنَبْتُ فَلَمْ أَجِدِ الْمَاءَ، فَتَمَرَّغْتُ فِي الصَّعِيدِ كَمَا تَمَرَّغُ الدَّابَّةُ ثُمَّ أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ: «إِنَّمَا كَانَ يَكْفِيكَ أَنْ تَقُولَ بِيَدَيْكَ هَكَذَا» ثُمَّ ضَرَبَ بِيَدَيْهِ الْأَرْضَ ضَرْبَةً وَاحِدَةً، ثُمَّ مَسَحَ الشِّمَالَ عَلَى الْيَمِينِ، وَظَاهِرَ كَفَّيْهِ وَوَجْهَهُ. [صحيح] - [متفق عليه]

(110) – ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :ئەممار ئىبنى ياسىر بايان قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتكەندە مەن جۇنۇب بولۇپ قالدىم، ئۇ جايدا سۇ تاپالماي، ئۇلاغ تۇپىدا دۇمىلىغاندەك دۇمىلاندىم، ئاندىن ناماز ئوقۇدۇم .رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە بۇنى سۆزلەپ بەرسەم رەسۇلۇللاھ» :سەن مۇنداق قىلساڭلا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئالقىنىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ ئۇڭ ئالقىنى ئارقىلىق سول قولىغا، سول ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنى سىلىدى، يەنى .قولىنىڭ دۈمبىسى ۋە يۈزىنى سىلىدى  سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم سەپەر جەريانىدا ئەممار بىن ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەزى ئېھتىياجلار ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتتى، ئۇ كىشى كېچىدە جۇنابەت بولۇپ

قالدى، يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تاپالماي قالدى .جۇنابەت ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشنىڭ ھۆكمىنى بىلمەيتتى، پەقەت كىچىك تاھارەت ئېلىشنىڭ ھۆكمىنى بىلەتتى .ئۇ كىشى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئويلاپ تاھارەتتە يۇيىدىغان ئەزالارنىڭ بەزىسىگە توپا سۈركىدى، پۈتۈن بەدىنىنى سۇ بىلەن يۇيۇشقا ئاساسەن بەدىنىنى توپىغا مېلىش دەپ سۇغا قىياس قىلىپ توپىدە ئېشەك ئېغىنىغاندەك ئېغىنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن نامازنى ئادا قىلدى .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ توغرا ياكى خاتا قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كىچىك ،تاھارەتتىن ۋە جۇنابەتكە ئوخشاش چوڭ تاھارەتتىن قانداق پاكىزلىنىشنى بايان قىلىپ بەردى ئۇ بولسىمۇ :ئىككى قولىنى توپىغا بىر قېتىم ئۇرۇپ ئاندىن سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنى، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاشتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تەيەممۇم قىلىشتىن ئىلگىرى سۇ ئىزدەپ بېقىش زۆرۈر بولىدۇ.
2. جۇنابەت بولۇپ سۇ تاپالمىغان كىشى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش يولغا قويۇلغان.
3. چوڭ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش كىچىك تاھارەت ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىشقا ئوخشايدۇ.

(3461)

(111) – عَنْ المُغِيرَةِ رضي الله عنه قَالَ: كُنْتُ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ، فَأَهْوَيْتُ لِأَنْزِعَ خُفَّيْهِ، فَقَالَ: «دَعْهُمَا، فَإِنِّي أَدْخَلْتُهُمَا طَاهِرَتَيْنِ» فَمَسَحَ عَلَيْهِمَا. [صحيح] - [متفق عليه]

(111) – مۇغىره رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇشقا تەمشەلسەم ،رەسۇلۇللاھ:»قويۇپ قويغىن، مەن ئۇ ئىككىسىنى تاھارەت بىلەن كىيگەن ئىدىم دەپ ،ئۇنىڭغا مەسىھ قىلدى». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە تاھارەت ئالدى، ئىككى پۇتىنى يۇيىدىغان ۋاقىتتا مۇغىرە بىن شۆبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پۇتىنى يۇيۇۋالسۇن دەپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىدىكى ئايىغىنى سالدۇرماقچى بولدى .!پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :قويغىن، ئۇنى سالدۇرمىغىن، مەن ئىككى پۇتۇمنى يۇيۇپ تاھارەت بىلەن كىيگەن دېدى .شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى پۇتىنى يۇغاننىڭ ئورنىغا پۇتىدىكى ئايىغىغا مەسىھ قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پۇتىدىكى ئاياغقا مەسىھ قىلىش بولسا كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن تاھارەت ئالغاندا بولىدۇ، ئەمما چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن يۇيۇنغان ۋاقىتتا ئايىغىنى سېلىپ چوقۇم ئىككى پۇتىنىمۇ يۇيىشى كېرەك.

2. مەسىھ قىلىش دېگەن :ھۆل قولىنى ئاياغنىڭ ئۈستى تەرىپىگە سىلاشتىن ئىبارەتتۇر.

3. ئىككى ئاياغقا مەسىھ قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئاياغنى ئىككى پۇتىنى يۇيۇپ كامىل تاھارەت ئېلىپ كىيگەن بولىشى، ئاياغنىڭ پاك بولىشى، پۇتىدىن يۇيۇش پەرز بولغان ئورۇننى ياپىدىغان بولىشى شەرت قىلىنىدۇ، پۇتىغا مەسىھ قىلىش كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن تاھارەت ئالغاندا بولىدۇ، جۇنابەتتىن ياكى يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولغان ئەھۋالدا بولمايدۇ. مەسىھ قىلىشنىڭ ۋاقتى :شەرىئەتتە بېكىتىلگەن بويىچە مۇقىم ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈز، مۇساپىر ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز بولىدۇ.

4. ياپياق، ئۆتۈك، قونجۇلۇق ئاياغ قاتارلىق ئىككى پۇتىنى ھوشۇقى بىلەن قېتىپ يۆگەيدىغان ھەر قانداق نەرسە ئاياغقا قىياس قىلىنىپ ئۇنىڭغا مەسىھ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكى ۋە مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايىغىنى تارتىپ سالدۇرماقچى بولغاندا ئۇنىڭغا تەلىم بېرىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ :ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ۋە ھۆكۈمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى پۇتىنى يۇيۇپ پاك ھالەتتە كىيگەنلىكىنى بىلدۈردى.

(3014)

(112) – عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ المؤمنين رضي الله عنها أَنَّ فَاطِمَةَ بِنْتَ أَبِي حُبَيْشٍ سَأَلَتِ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ: إِنِّي أُسْتَحَاضُ فَلاَ أَطْهُرُ، أَفَأَدَعُ الصَّلاَةَ؟ فَقَالَ: «**لَا، إِنَّ ذَلِكِ عِرْقٌ، وَلَكِنْ دَعِي الصَّلَاةَ قَدْرَ الأَيَّامِ الَّتِي كُنْتِ تَحِيضِينَ فِيهَا، ثُمَّ اغْتَسِلِي وَصَلِّي**». [صحيح] - [متفق عليه]

(112) – مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پاتىمە بىنتى ھۇبەيش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سورىغان :مەن خۇن كېسىلى پاك بولمايمەن، ناماز ئوقۇمسام بولامدۇ؟، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**ياق، بولمايدۇ، بۇ دېگەن تومۇردىن بولغان كېسەللىك، لېكىن سىز ھەر ئايدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ مىقدارىدا ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ قالغان كۈنلەردە ناماز ئوقۇيسىز**«دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

: پاتىمە بىنتى ھۇبەيش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سوئال سوراپ مۇنداق دېدى مەندىن قان ئۈزۈلمەيدۇ، ھەتتا ھەيز كۆرمەيدىغان كۈنلەردىمۇ قان كېلىدۇ، بۇ قانمۇ ھەيزنىڭ ھۆكمىدە بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا نامازنى تەرك قىلىمەنمۇ؟ .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى» :بۇ خۇن كېسىلىدىن كەلگەن قان، ئۇ بالىياتقۇدىكى تومۇر ئۈزۈلگەنلىكتىن پەيدا بولغان بۇزۇق قان، ھەيزنىڭ قىنى ئەمەس، ئايلىق ئادىتىنىڭ بويىنچە خۇن كېسىلى بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلەر كەلگەندە، نامازنى، روزىنى ۋە ھەيزدار ئايال ھەيزلىك ھالىتىدە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك قىلغىن .ئايلىق ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتىڭ ئاخىرلاشقاندا، ھەيزدىن پاك بولغان بولىسەن، ھەيز كەلگەندە قاننىڭ

ئورنىنى يۇغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ تەھارەتسىزلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن تولۇق يۇيۇنۇپ پۈتۈن بەدىنىڭنى يۇغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاياللىڭ ھەيز كۈنى ئاخىرلاشقاندا يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ.
2. خۇن كېسىلى بولغان ئايالغىمۇ ناماز ۋاجىپتۇر.
3. ھەيز دېگەن :بالىياتقۇ پۈركىگەن تەبىئى قان بولۇپ، ھەر ئايدا مەلۇم كۈنلەر بالاغەتكە يەتكەن ئاياللىڭ جىنسى ئەزا يولىدىن چىقىدۇ.
4. خۇن كېسىلى دېگەن :ھەيز ۋاقتىنىڭ غەيرىدە بالىياتقۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كېلىدىغان قاندىن ئىبارەتتۇر.
5. ،ھەيز قىنى بىلەن خۇن كېسىلىنىڭ قىنىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق :ھەيز قىنى قارا، قويۇق پۇرىقى سېسىق كېلىدۇ، ئەمما خۇن كېسىلىنىڭ قىنى بولسا، قىزىل، سۇيۇق، سېسىق پۇرىقى يوق ھالەتتە كېلىدۇ.

(3029)

(113) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا وَجَدَ أَحَدُكُمْ فِي بَطْنِهِ شَيْئًا، فَأَشْكَلَ عَلَيْهِ أَخَرَجَ مِنْهُ شَيْءٌ أَمْ لَا، فَلَا يَخْرُجَنَّ مِنَ الْمَسْجِدِ حَتَّى يَسْمَعَ صَوْتًا، أَوْ يَجِدَ رِيحًا». [صحيح] - [رواه مسلم]

(113) – ئەبۇ: ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»سىلەرنىڭ بىرىڭلار قورسىقىدا بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلسا، يەل چىقىپ كەتتىمۇ ياكى چىقىپ كەتمىدىمۇ بۇنى بىلەلمىسە، يەلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ياكى پۇرىقىنى پۇرىغانغا قەدەر مەسچىتتىن چىقىپ كەتمىسۇن«. سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە [رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئادا قىلغۇچىنىڭ قورسىقىدا ئاغرىق بولۇپ، ئىككىلىنىپ يەل چىقتىمۇ ياكى چىقمىدىمۇ بۇنى ئېنىق بىلەلمىسە، يېڭىدىن تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن نامىزىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتمىسۇن .ھەتتا تاھارەتنى بۇزىۋاتىدىغان، يەلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياكى پۇرىقىنى پۇرىمىغۇچە تاھارەت يېڭىلاش ئۈچۈن چىقمىسۇن .چۈنكى ئۇنىڭ تاھارىتىنىڭ بۇزۇلمىغانلىقى ئىشەنچ بىلەن، تاھارەتنىڭ بۇزۇلغانلىقى بولسا شەك بىلەن بولۇپ، شەك ئىشەنچنى بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ دېگەننى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىس ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس ۋە پىقھى قائىدىلەردىن بىر قائىدىدۇر .ئۇ بولسىمۇ :ئىشەنچ شەك بىلەن يوقالمايدۇ، ھەر نەرسىنىڭ ئەسلى ئۇنىڭ قارشىسىدىكى نەرسە ئىسپاتلانغانغا قەدەر ئەسلى بويىچە قالىدۇ.
2. ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى تاھارىتى بۇزۇلغانغا ئىشەنچ قىلالمىسا، ئۇ كىشى تاھارىتى بۇزۇلغانغا قەدەر ئۆزىنىڭ تاھارىتى بولغان ھالىتىدە قالىدۇ، شەك تاھارەتكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

(65083)

(114) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال:« إذا شَرِب الكلب في إناء أحَدِكُم فَلْيَغسِلهُ سبعًا».

ولمسلم: « أولاهُنَّ بالتُّراب».

عن عبد الله بن مغفل رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال:« إذا وَلَغ الكلب في الإناء فاغسلوه سبعًا وعفِّرُوه الثَّامِنَة بالتُّراب». [صحيح] - [حديث أبي هريرة -رضي الله عنه-: متفق عليه.

حديث عبد الله بن مغفل -رضي الله عنهما-: رواه مسلم]

(114) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن :قاچاڭلاردىن ئىت بىر نەرسە ئىچىپ قويسا ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار .ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە :بىرىنچىسىنى توپا بىلەن، دېگەن .ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن :قاچاڭلارغا ئىت چىپىلىپ قويسا ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار، سەككىزىنچى قېتىم توپا بىلەن يۇيۇڭلار، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ

[مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

ئىت نىجاسەت يەيدىغان مىكرۇب ۋە كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىدىغان، يىرگىنىشلىك ھايۋان بولغانلىقتىن شەرىئەت بايان قىلغۇچى رەسۇلۇللاھ، ئۇ چىپىلىپ قويغان نەرسىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرىغان، ئۇنىڭدىكى مىكرۇب ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىقنى توپا بىلەن يۇيۇپ ئاندىن سۇ بىلەن يۇيۇشقا بۇيرىغان

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3143)

(115) – عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِذَا قَالَ الْمُؤَذِّنُ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ، فَقَالَ أَحَدُكُمْ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ، ثُمَّ قَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، قَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، ثُمَّ قَالَ: أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، قَالَ: أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللهِ، ثُمَّ قَالَ: حَيَّ عَلَى الصَّلَاةِ، قَالَ: لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ، ثُمَّ قَالَ: حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ، قَالَ: لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ، ثُمَّ قَالَ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ، قَالَ: اللهُ أَكْبَرُ اللهُ أَكْبَرُ، ثُمَّ قَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، قَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ مِنْ قَلْبِهِ دَخَلَ الْجَنَّةَ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(115) – ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ››مۇئەززىن: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېگەندە، ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن نامازغا كېلىڭلار دېگەندە، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەندە، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېگەندە، چىن دىلىدىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

ئەزان بولسا؛ كىشىلەرگە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشتۇر، ئەزان كەلىمىلىرى ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر.

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەزاننى ئاڭلىغاندا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئەزاننى ئاڭلىغۇچى مۇئەززىن دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى دېيىشتۇر. مۇئەززىن ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، ئاڭلىغۇچىمۇ: ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە، شۇنىڭدەك مۇئەززىن نامازغا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەندە، ئەزاننى ئاڭلىغۇچى: بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەزان كەلىمىلىرىنى چىن دىلىدىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇئەززىن بىلەن بىرگە تەكرار دېگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئەزان كەلىمىلىرىنىڭ مەنىسى " :ئاللاھۇ ئەكبەر "يەنى ئاللاھ تائالا ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ھەممە نەرسىدىن كاتتىدۇر، ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكتۇر.

ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن .يەنى :ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، يەنى :مەن دىلىم بىلەن ۋە تىلىم بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تىلىم ۋە دىلىم بىلەن ئىقرار قىلىمەن دېمەكتۇر.

مۇئەززىن نامازغا كېلىڭلار دېگەندە بۇنى ئاڭلىغۇچى :بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ يەنى :ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى تونۇدىغان چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ۋە ئۇنى قىلىشقا بولغان ئىرادە، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا بولغان كۈچ پەقەت ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بولىدۇ.

نىجاتلىققا كېلىڭلار "يەنى نىجاتلىقنىڭ سەۋەبىگە كېلىڭلار، ئۇ بولسىمۇ جەننەت بىلەن" ئۇتۇق قازىنىش، دوزاختىن قۇتۇلۇشدۇر.

**هەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇئەززىننىڭ نامازغا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كىلىڭلار دېگەن سۆزىگە :بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ دەپ جاۋاپ بېرىپ، باشقا كەلىمىلەرنى مۇئەززىنگە ئوخشاش تەكرارلاشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدۇ.

(65086)

(116) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رضي الله عنها أَنَّهُ سَمِعَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «إِذَا سَمِعْتُمُ الْمُؤَذِّنَ فَقُولُوا مِثْلَ مَا يَقُولُ، ثُمَّ صَلُّوا عَلَيَّ، فَإِنَّهُ مَنْ صَلَّى عَلَيَّ صَلَاةً صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ بِهَا عَشْرًا، ثُمَّ سَلُوا اللهَ لِيَ الْوَسِيلَةَ، فَإِنَّهَا مَنْزِلَةٌ فِي الْجَنَّةِ، لَا تَنْبَغِي إِلَّا لِعَبْدٍ مِنْ عِبَادِ اللهِ، وَأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَنَا هُوَ، فَمَنْ سَأَلَ لِيَ الْوَسِيلَةَ حَلَّتْ لَهُ الشَّفَاعَةُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(116) – ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان :»مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتلاردا مۇئەززىن دېگەن سۆزنىڭ ئوخششىنى دەڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار .ھەقىقەتەن كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت-سالام يوللىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يازىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالادىن مەن ئۈچۈن بىر ۋاستىنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتتىكى ئالى مەرتىۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا كىشى لايىق بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ مەن بولۇشىمنى ئۈمىد قىلىمەن .كىمكى مەن ئۈچۈن ئۇ ئورۇننى سورىسا، ئۇ كىشىگە مېنىڭ شاپائىتىم ھالال بولىدۇ«. [بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ(سەھىھ] [(بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنى مۇئەززىنگە ئەگىشىپ -نامازغا كېلىڭلار ۋە نىجاتلىققا كېلىڭلار- دېگەن سۆزدىن باشقا سۆزلەرنى تەڭ تەكرارلاپ دېيىشكە، نامازغا كېلىڭلار ۋە نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەندە، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېيىشكە، ئەزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاشقا كۆرسەتمە بەردى .چۈنكى كىمكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىم دۇرۇت-سالام يوللىسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئون رەھمەت يېزىلىدۇ .بۇنىڭ مەنىسى :ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىسىنى پەرىشتىلەرگە مەدھىيەلەپ بېرىدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئۆزى ئۈچۈن ئۇستۈنلۈككە يېتىدىغان ۋاستىنى سوراشقا بۇيرىدى، ئۇ بولسىمۇ جەننەتتىكى ئەڭ ئالى مەرتىۋە بولۇپ، ئۇ ئالى ئورۇنغا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن پەقەت بىرلا كىشى لايىق بولىدۇ ۋە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كەمتەرلىك قىلىپ شۇ ئورۇنغا ئېرىشىدىغان كىشىنىڭ مەن بولۇشۇمنى ئۈمىت قىلىمەن دېگەن .بۇ ئالى مەرتىۋە پەقەت بىر كىشى ئۈچۈنلا بولىدىكەن،

ئۇ بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىسى ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن ئالى مەرتىۋىنى تىلەپ دۇئا قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇئەززىنگە ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2. مۇئەززىنگە ئەگىشىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاشنىڭ پەزىلىتى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن جەننەتتىكى ئالى مەرتىۋىنى سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

4. بۇ ئالى مەرتىۋە بەك ئۇلۇغ ۋە كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن پەقەت بىر كىشىلا لايىق بولىدۇ.

5. ئاشۇ ئالى مەرتىۋىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاس قىلىنغانلىقىنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى.

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ئالى مەرتىۋە سورىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە لايىق بولىدۇ.

7. ،ئۇ ئالى مەرتىۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا لايىق بولاپ تۇرۇغلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىك قىلىپ ئۈممىتىدىن ئۇ مەرتىۋىنى تىلەپ ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

8. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى، رەھمىتىنىڭ ئىنتايىن كەڭرى ئىكەنلىكى، بىر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

(65087)

(117) – عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رضي الله عنه عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ: «مَنْ قَالَ حِينَ يَسْمَعُ الْمُؤَذِّنَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، رَضِيتُ بِاللهِ رَبًّا وَبِمُحَمَّدٍ رَسُولًا، وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا، غُفِرَ لَهُ ذَنْبُهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(117) – سەئەد بىن ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا :ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالاغا رەب جەھەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك جەھەتتە ۋە ئىسلامغا دىن جەھەتتە رازى بولدۇم دېسە، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا :ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇز، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، يەنى: ئاللاھدىن باشقا ھېچ ھەق مەبۇد يوق دەپ ئىقرار قىلىمەن ۋە ئېتىراپ قىلىمەن، ئاللاھدىن باشقا مەبۇدلارنىڭ ھەممىسى باتىل دېسە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى يەنى :ئۇ ئىبادەت قىلىنمايدىغان بەندە، يالغان سۆز قىلمايدىغان ئەلچىدۇر .ئاللاھ تائالاغا پەرۋەردىگارلىق جەھەتتە رازى بولدۇم يەنى :ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقى ئىلاھلىقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە رازى بولدۇم .مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە يەتكۈزگەنلىكىگە، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىغا رازى بولدۇم .ئىسلامغا ئۇنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى بۇيرۇق-چەكلىمىلىرىگە ئېتىقاد قىلىپ ۋە بويسۇنۇپ دىن دەپ رازى بولدۇم دېسە ئۇ كىشىنىڭ بارلىق كىچىك گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئەزاننى ئاڭلىغاندا مۇشۇ دۇئانى ئوقۇش گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ.

(6272)

(118) – عن جابر رضي الله عنه مرفوعًا: «من قال حين يَسْمَع النِّدَاء: اللَّهُم ربِّ هذه الدَّعْوَة التَّامة، والصَّلاة القَائمة، آتِ محمدا الوَسِيلَة والفَضِيلة، وابْعَثْه مَقَامًا محمودًا الَّذي وعَدْتَه، حلَّت له شَفَاعَتِي يوم القيامة». [صحيح] - [رواه البخاري]

(118) – جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ، ئادا قىلىنماقچى بولغان نامازنىڭ رەببى !پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋەسىلە ۋە پەزىلەتنى ئاتا قىلغىن، ئۇنى سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان مەدھىيەگە لايىق مەقام بىلەن شەرەپلەندۈرگىن دېسە، قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىشىم ۋاجىپ بولىدۇ.« سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

،ھەدىسنىڭ مەنىسى :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :»كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندا يەنى كىمكى دۇئادىن ھەدىستە بايان قىلىنغان مۇشۇ سۆزلەرنى مۇئەززىن ئەزاننى ئاخىرلاشتۇرۇپ بىكار بولغاندا دېسە، ئىمام مۇسلىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ» :ئەگەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ دېگىنىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، ئاندىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلە سوراڭلار...بۇ دۇئا مۇئەززىن ئەزاننى قايتىلاپ بىكار بولغاندىن كېيىن بولىدۇ .مۇكەممەل چاقىرىق؛ ئەزان چاقىرىق دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭدا كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش بار، مۇكەممەل دەپ ئاتىلىشى :ئىمان ئەقىدىسى، تەۋھىد ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى تەستىقلاشتىن ئىبارەت مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەزاننىڭ ئەۋۋىلى تەكبىر، ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى رۇكنى بولغان ئىككى شاھادەت بار، ئاندىن نامازغا چاقىرىق ئاخىرى يەنە تەكبىر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئوقۇلغۇچى ناماز دېگەن سۆز ئىككى تۈرلۈك مەنانى ئىپادىلەيدۇ :بىرىنچى :ھازىر ئوقۇلىدىغان ناماز، ئىككىنچىسى :ھېچقانداق بىر مىللەت ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدىغان، ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتەلمەيدىغان ئاسمان-زېمىننىڭ مەۋجۇت بولىشى بىلەن دائىم ئوقۇلىدىغان نامازدىن ئىبارەت، ۋەسىلە دېگەن غەيرىگە يېقىنلىشىدىغان نەرسە بولۇپ، ئاللاھنىڭ تەرىپىگە بولغان ۋەسىلە دېگەن بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن ئىبارەت، بۇ يەردە ۋەسىلىدىن :جەننەتتىكى ئالى

**ئورۇن مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ مەنا ئىمام مۇسلىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنغان، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ» :ئەگەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ دېگىنىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، ئاندىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلە سوراڭلار، چۈنكى ۋەسىلە جەننەتتىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا بەندىگە بېرىلىدۇ، شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن«.** پەزىلەت دېگەن :باشقا كىشىلەردىن يۇقىرى بولغان ئالاھىدە مەرتىۋە بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا كىشىلەردىن ئارتۇق قىلغىن دېگەن بولىدۇ، قىيامەت كۈنى كىشىلەر قەبرىدىن قوزغىلىپ ھېساب مەيدانىغا توپلانغاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختىلىنىدىغان مەرتىۋىگە يەتكۈزگىن، ماختىلىنىدىغان مەرتىۋە دېگەن :ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان ماختىلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە ئېشلىتىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋاقىتتىكى چوڭ شاپائەت مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختايدۇ، قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ ھەشىر مەيدانىدا تۇرۇشى ئۇزۇن بولۇپ كېتىدۇ، ئۇزۇن تۇرۇش ئۇلارغا قىيىن بولىدۇ، ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن شاپائەت تىلەشنى ۋە ،مۇشۇ قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزۈر ئېيتىدۇ ،ئاندىن ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزۈر ئېيتىدۇ شۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قېشىغىمۇ كېلىدۇ، ئاندىن كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام :**»مەن بۇنىڭغا ھەقلىق«** دەپ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ سەجدە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا گۈزەل مەدھىيىلەر ئىلھام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا :بېشىڭنى كۆتۈر، سورىغىن بېرىلىسەن، دېيىلىدۇ .ئۇ كىشىلەرگە شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ئاسان بولىدۇ، سەن ۋەدە قىلغان كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا بېرىشنى ۋەدە قىلغان چوڭ شاپائەتنى بەرگىن، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :**»ساڭا نەپلە )ئىبادەت (بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا )ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا( ئويغانغىن، )ئى مۇھەممەد (!پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا )يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا (تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر«** ئىسرا سۈرىسى 79-ئايەت .ئۇنىڭغا مەن شاپائەت قىلىمەن يەنى ئۇ كىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بېكىتىلىنىدۇ، مۇشۇ دۇئا بىلەن شاپائەتكە ھەقلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى قىيامەت كۈنىدە تاپىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نېمەتلىرى چەكسىز جەننەتكە كىرىشىگە ياكى مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا ياكى دوزاختىن قۇتۇلۇشىغا شاپائەت قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدە دەپ ئاتىلىشى، ئۇ كۈندە چوڭ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ قەبرىسىدىن

تۇرىدىغانلىقى، كىشىلەرگە گۇۋاھ بولىدىغان گۇۋاھچىلارنىڭ تۇرىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ھېساب ئورنىدا تۇرۇشى قاتارلىق ئىشلار بولىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(10635)

(119) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَجُلٌ أَعْمَى، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنَّهُ لَيْسَ لِي قَائِدٌ يَقُودُنِي إِلَى الْمَسْجِدِ، فَسَأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يُرَخِّصَ لَهُ فَيُصَلِّيَ فِي بَيْتِهِ، فَرَخَّصَ لَهُ، فَلَمَّا وَلَّى دَعَاهُ، فَقَالَ: «**هَلْ تَسْمَعُ النِّدَاءَ بِالصَّلَاةِ؟**» فَقَالَ: نَعَمْ، قَالَ: «**فَأَجِبْ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(119) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا )كۆزى كۆرمەيدىغان (ئەما كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !مېنى مەسچىتكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان كىشى يوق، قانداق قىلىمەن دەپ ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆيىدە ناماز ئادا قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىدى ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى، ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندا ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى چاقىرىپ : »**نامازغا ئەزان ئوقۇلسا ئاڭلامسەن؟دېدى ،«ئۇ كىشى :ھەئە دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام» :ئۇنداقتا مەسچىتكە كەلگىن دېدى**.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا )كۆزى كۆرمەيدىغان (ئەما كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !مېنىڭ يېنىمدا ماڭا ياردەم قىلىپ، بەش ۋاقىت نامازغا مېنى مەسچىتكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان كىشى يوق دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جامائەتنى تەرك قىلىپ نامازنى ئۆيىدە ئادا قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى، ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى چاقىرىپ:»**نامازغا ئەزان ئوقۇلسا ئاڭلامسەن؟دېدى، ئۇ كىشى :ھەئە دېدى ،«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام» :ئۇنداقتا مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇغىن دېدى**.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ۋاجىپتۇر .چۈنكى رۇخسەت دېگەن زۆرۈر بولغان ۋە ۋاجىپ بولغان ئىشلاردا بولىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :»**مەسچىتكە كەلگىن**« دېگەن سۆزى، ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئەسلىدە بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

(11287)

(120) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «**أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهَرًا بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ فِيهِ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسًا، مَا تَقُولُ ذَلِكَ يُبْقِي مِنْ دَرَنِهِ؟**» قَالُوا: لَا يُبْقِي مِنْ دَرَنِهِ شَيْئًا، قَالَ: «**فَذَلِكَ مِثْلُ الصَّلَوَاتِ الخَمْسِ، يَمْحُو اللَّهُ بِهِ الخَطَايَا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(120) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ :»**خەۋەر بېرىڭلار ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىمدىن يۇيۇنسا ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟**«، ئۇلار :ياق، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىردىن ھېچ نەرسە قالمايدۇ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :»**بۇ بەش ۋاقىت نامازنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ**«دېدى. [سەھىھ(بەش] [(شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاتالىق ۋە كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ ئۇنى يوق قىلىدىغان، بىر كېچە-كۈندۈزدە ئادا قىلىدىغان بەش ۋاقىت نامازنى ئىنساننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ھەر كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنسا بەدىنىدىن بارلىق كىرلارنى يۇيۇپ تازىلايدىغان ئۆستەڭگە ئوخشاتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ پەزىلەت كىچىك گۇناھلارغا خاس بولىدۇ، ئەمما چوڭ گۇناھلار ئۈچۈن چوقۇم تەۋبە قىلىش كېرەك بولىدۇ.
2. بۇ ھەدىستە بەش ۋاقىت نامازنى بارلىق شەرتلىرى، پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىدۇ.

(4968)

(121) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بِن مَسْعُودٍ رضي الله عنه قَالَ: سَأَلْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَيُّ العَمَلِ أَحَبُّ إِلَى اللَّهِ؟ قَالَ: «**الصَّلاَةُ عَلَى وَقْتِهَا**»، قَالَ: ثُمَّ أَيٌّ؟ قَالَ: «**ثُمَّ بِرُّ الوَالِدَيْنِ**» قَالَ: ثُمَّ أَيٌّ؟ قَالَ: «**الجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ**» قَالَ: حَدَّثَنِي بِهِنَّ، وَلَوِ اسْتَزَدْتُهُ لَزَادَنِي. [صحيح] - [متفق عليه]

(121) – :ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:قايسى ئىش ئاللاھ تائالاغا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام»:ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز «دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟ دېسەم، »:ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش «دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى دېسەم، :»**ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش**« دېدى، ماڭا ئۇلارنى سۆزلەپ بەردى، ئەگەر يەنە سورىغان بولسام ماڭا يەنە دەپ بېرەتتى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن :قايسى ئىش ئاللاھ تائالاغا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »**شەرئەت بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقتىتا ئوقۇلغان پەرز ناماز**« دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە ئۇلارنى قاقشاتماسلىق .ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى مۇداپىئە قىلىپ، ئىسلامنىڭ شۇئارلىرىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن جېنىنى ۋە مېلىنى سەرىپ قىلىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش.
ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇشۇ ئىشلاردىن خەۋەر بەردى، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ دەپ سوراۋەرگەن بولسام، ماڭا تېخىمۇ كۆپ جاۋاپ بېرەتتى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ياخشى كۆرۈلىشى ھېسابى بويىنچە ئەمەللەرنىڭ ئارىسى پەرقلىق بولىدۇ.

2. مۇسۇلماننى ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئەھۋالى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەمەللەرنىڭ ئەۋزەللى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى پەرقلىق بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە پايدىلىق بولىدۇ.

(3365)

(122) – عَنْ عُثْمَانَ رضي الله عنه قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَا مِنَ امْرِئٍ مُسْلِمٍ تَحْضُرُهُ صَلَاةٌ مَكْتُوبَةٌ فَيُحْسِنُ وُضُوءَهَا وَخُشُوعَهَا وَرُكُوعَهَا، إِلَّا كَانَتْ كَفَّارَةً لِمَا قَبْلَهَا مِنَ الذُّنُوبِ، مَا لَمْ يُؤْتِ كَبِيرَةً، وَذَلِكَ الدَّهْرَ كُلَّهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(122) – ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەتنى كامىل ئېلىپ نامازنى خۇشۇ، تەدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلسا، چوڭ خاتالىق سادىر قىلمىغان بولسىلا، ناماز ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى كىچىك خاتالىقلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، بۇ يىل بويى شۇنداق بولىدۇ. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، نامازنى پۈتۈن دىلى ۋە ئەزالىرى بىلەن، خۇشۇ بىلەن ،ئاللاھقا يۈزلىنىپ، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى، ئۇلۇغلىقىنى دىلىدا ھازىر قىلىپ، نامازنىڭ رۇكۇ سەجدە ۋە باشقا ھەرىكەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلسا، ئۇ كىشى چوڭ گۇناھ سادىر قىلمىغان بولسىلا، بۇ ناماز ئۇ كىشىنىڭ بارلىق كىچىك گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، بۇ ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلەت يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەر نامازنىڭ ۋاقتىدا داۋاملىشىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نامازنىڭ گۇناھقا كاپارەت بولىشى ئۈچۈن ئىنسان تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىشى ۋە نامازنى خۇشۇ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
2. ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى، بۇ كىچىك گۇناھلارنىڭ كاپارەت بولىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.
3. تاھارەتنى مۇكەممەل تولۇق ئېلىش، نامازنى خۇشۇ بىلەن تولۇق ئادا قىلىشنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.
4. كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت بولىشى ئۈچۈن چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولۇشنىڭ مۇھىملىقى.
5. چوڭ گۇناھلار پەقەت تەۋبە قىلىش بىلەن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

(6254)

(123) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يقول: «**الصَّلَوَاتُ الْخَمْسُ، وَالْجُمُعَةُ إِلَى الْجُمُعَةِ، وَرَمَضَانُ إِلَى رَمَضَانَ، مُكَفِّرَاتٌ مَا بَيْنَهُنَّ إِذَا اجْتَنَبَ الْكَبَائِرَ**».

[صحيح] - [رواه مسلم]

(123) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغاندا؛ بەش ۋاقىت نامازلار جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-

[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئىنسان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن؛ كىچە ۋە كۈندۈزدە ئادا قىلىنغان بەش ۋاقىت ناماز، ھەر ھەپتىدە ئادا قىلىنغان جۈمە ۋە ھەر يىلى تۇتۇلغان رامىزان روزىسى ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى .ئەمما زىنا، ھاراق ئىچىش قاتارلىق چوڭ گۇناھلار پەقەت تەۋبە قىلىش بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. گۇناھنىڭ چوڭ ۋە كىچىكى بولىدىغانلىقى.
2. چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش بولغاندا كىچىك گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.
3. چوڭ گۇناھلار؛ زىنا قىلىش ۋە ھاراق ئىچىش دېگەندەك، دۇنيادا جازا بېكىتىلگەن ياكى ئۇنى قىلغان كىشى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ياكى لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم بايان قىلىنغان گۇناھلاردۇر.

(3591)

(124) – عن عمرو بن شُعيب عن أبيه عن جدِّه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «مُرُوا أولادكِم بالصلاةِ وهم أبناءُ سبعِ سِنينَ، واضرِبوهم عليها وهم أبناءُ عَشرٍ، وفرِّقوا بينهم في المَضاجِعِ». [حسن] - [رواه أبو داود]

(124) – ئەمرۇ بىن شۇئەيىپ ئاتىسىدىن ئاتىسى چوڭ ئاتىسىدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئەۋلادلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ نامازنى ئادا قىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا ئاساسەن ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار«. ھەسەن(ھەدىسنى [(سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ -[ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاتىلارغا قىز-ئوغۇل ئەۋلادلىرىنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇشنى ۋە نامازنى ئادا قىلىش ئۇچۈن بىلىشكە ئېھتىياجلىق بولغان بىلىملەرنى ئۆگۈتۈش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بەردى .ئۇلار ئون ياشقا يەتكەندە بۇيرۇق تېخىمۇ كۈچلەندى، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىم قىلىش، نامازنى ئادا قىلمىغانلىقىغا ئاساسەن ئەدەپلەش.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. باللار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا دىنى بىلىملەرنى تەلىم بېرىش، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغىنى نامازدۇر.
2. كىچىك باللارنى ئەدەپلەش دېگەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ئازابلاش ئەمەس بەلكى ئۇلارنى ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالەتتە ئەدەپلەش دېمەكتۇر.
3. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ئامىللارنى چەكلىدى.

(5272)

(125) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عنه سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «قَالَ اللهُ تَعَالَى: قَسَمْتُ الصَّلَاةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ، وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ، فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ: {الْحَمْدُ لِلهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ}، قَالَ اللهُ تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي، وَإِذَا قَالَ: {الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ}، قَالَ اللهُ تَعَالَى: أَثْنَى عَلَيَّ عَبْدِي، وَإِذَا قَالَ: {مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ}، قَالَ: مَجَّدَنِي عَبْدِي، -وَقَالَ مَرَّةً: فَوَّضَ إِلَيَّ عَبْدِي-، فَإِذَا قَالَ: {إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ}، قَالَ: هَذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ، فَإِذَا قَالَ: {اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ، صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلا الضَّالِّينَ}، قَالَ: هَذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(125) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: »ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەم ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلدىم، بەندەمگە سورىغاننى بېرىمەن، بەندە» :جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر« دېسە ئاللاھ تائالا: بەندەم ماڭا ھەمدۇسانا ئېيتتى دەيدۇ. بەندە: »ئاللاھ تائالا ناھايتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىكتۇر« دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم مېنى مەدھىيەلىدى دەيدۇ. بەندە: »قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر« دېسە، ئاللاھ تائالا: بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى دەيدۇ، يەنە بىر قېتىم بەندەم ئىشىنى ماڭا تاپشۇردى دەيدۇ. بەندە:»ئى ئاللاھ !بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز« دېسە، ئاللاھ تائالا: بۇ مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدىكى ئىشتۇر، بەندەمگە سورىغىنىنى بېرىمەن دەيدۇ. بەندە:»بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە »يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن دېسە، ئاللاھ تائالا: بۇ بەندەم ئۈچۈن، بەندەمگە سورىغىنىنى بېرىمەن دەيدۇ.« [سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدە ئاللاھ تائالانىڭ پاتىھە سۈرىسىنى نامازدا ئۆزەم بىلەن بەندەم ئارىسىدا تەقسىم قىلدىم، يېرىمى مەن ئۈچۈن ۋە يېرىمى بەندەم ئۈچۈن دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.
پاتىھەنىڭ بىرىنچى يېرىمى: ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ ئۇ كىشىنى ياخشى مۇكاپاتلايدۇ.

ئىككىنچى يېرىمى بولسا :ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ ۋە سورىغان ھاجىتىنى بېرىدۇ.

«ناماز ئادا قىلغۇچى» :جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر دېسە، ئاللاھ تائالا :بەندەم ماڭا ھەمدۇسانا ئېيتتى دەيدۇ .»**ئاللاھ تائالا ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپىقەتلىكتۇر**« دېسە، ئاللاھ تائالا :بەندەم مېنى مەدھىيەلىدى، ماختىدى، مەخلۇقاتلىرىمغا ئاتا قىلىدىغان ئومۇمى نېمەتنىڭ مېنىڭدىن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى دەيدۇ» .قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر «دېسە، ئاللاھ تائالا :بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى، بۇ چەكسىز شەرەپ دەيدۇ.

ئى ئاللاھ !بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز «دېسە، ئاللاھ» تائالا :بۇ مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدىكى ئىشتۇر دەيدۇ.

سۈرىنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمى »**ئى ئاللاھ !بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز**«دېگەن ئايەتكىچە بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇھىيەتتە يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئىبادەت قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئىجابەت قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئايەتنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولغان يېرىمى ئاخىرلىشىدۇ.

«سۈرىنىڭ بەندە ئۈچۈن بولغان ئىككىنچى يېرىمى بولسا :»**سەندىنلا ياردەم سورايمىز** مەدەد، ياردەمنى ئاللاھتىنلا سوراش بولۇپ، ئاللاھ ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

بەندە :بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن «دېسە، ئاللاھ تائالا :بۇ بەندەمدىن قىلىنغان دۇئا ۋە يالۋۇرۇشتۇر، بەندەمگە سورىغىنىنى بېرىمەن، تىلىكىنى ئىجابەت قىلىمەن دەيدۇ».

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. سۈرە پاتىھەنىڭ ئۇلۇغلىقى سەۋەبىدىن، ئاللاھ تائالا پاتىھە سۈرىسىنى ناماز )يەنى دۇئا (دەپ ئاتىدى.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىگە ئىنتايىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، بەندە ئاللاھ تائالانى ماختىغاندا، ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقى، مەدھىيەلىگەنلىكى ۋە ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

3. ،بۇ ئېسىل سۈرە ئاللاھنى مەدھىيەلەش، قىيامەتنى ئەسلەش، ئاللاھقا دۇئا قىلىش ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، توغرا يولغا باشلاشنى سوراش، باتىل يوللاردا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى تىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ناماز ئادا قىلغۇچى پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغاندا مۇشۇ ھەدىسنى ھېس قىلسا ئۇ كىشىنىڭ نامازدىكى خۇشۇسى زىيادە بولىدۇ.

(65099)

(126) – عن بريدة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**إِنَّ الْعَهْدَ الَّذِي بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمُ الصَّلَاةُ، فَمَنْ تَرَكَهَا فَقَدْ كَفَرَ**». [صحيح] - [رواه الترمذي والنسائي وابن ماجه وأحمد]

(126) – بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »**ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەھدە نامازدۇر، نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ**«. [بەش سەھىھ(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[تولۇق بولغادا]

## شەرھىسى:

،بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بىلەن ئۇلارنىڭ غەيرىدىكى كاپىر مۇناپىقلار ئارىسىدىكى ئەھدىنىڭ ناماز ئىكەنلىكى، نامازنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. دىندا نامازنىڭ ئورنى ئۇلۇغدۇر .ناماز مۇئمىن بىلەن كاپىر ئارىسىنى ئايرىغىچىدۇر.
2. ئىسلامى ھۆكۈملەر كىشىلەرنىڭ كۆرۈنىشىگە قارىتا ئىسپاتلىنىدۇ، باتىنى ئاللاھقا تاپشۇرىلىدۇ.

(65094)

(127) – عن جابرٍ رضي الله عنه قال: سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «إِنَّ بَيْنَ الرَّجُلِ وَبَيْنَ الشِّرْكِ وَالْكُفْرِ تَرْكَ الصَّلَاةِ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(127) – جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ :»مۇسۇلمان بىلەن شىرىك ۋە كاپىر ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىشتۇر«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا] [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز نامازنى تەرك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، مۇسۇلمان بىلەن شىرىك ۋە كۇپرىغا چۈشۈپ قىلىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى .ناماز بولسا ئىسلام ئاساسلىرىدىن ئىككىنچى ئاساستۇر .ئىسلامدا نامازنىڭ مەقامى كاتتىدۇر .نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ ئوقۇمىغان كىشى بارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىرلىكى بىلەن كاپىر بولىدۇ .شۇنىڭدەك ھورۇنلۇق قىلىپ، سەل قاراپ نامازلارنىڭ ھەممىسىنى تەرك قىلغان كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ .بۇ توغرىدا ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى نەقىل قىلىنغان .شۇنىڭدەك نامازنى بەزى ۋاقىتلاردا ئادا قىلىپ يەنە بەزى ۋاقىتلاردا ئادا قىلمىغان كىشىمۇ قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر .ناماز بولسا كۇپىر بىلەن ئىمان ئارىسىنى ئايرىغۇچىدۇر.
2. نامازنى تەرك قىلىش ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋېتىشتىن قاتتىق ئاگاھ بولۇش.

(65093)

(128) – عن سالم بن أبي الجَعْدِ قال: قال رجل: ليتني صَلَّيتُ فاسترحْتُ، فكأنّهم عابُوا ذلك عليه، فقال: سمعتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقول: «**يا بلالُ، أقِمِ الصَّلاةَ، أرِحْنا بها**».
[صحيح] - [رواه أبو داود]

(128) – سالىم بىن ئەبى جەئدى مۇنداق دەيدۇ، بىر كىشى :كاشكى ناماز ئادا قىلىپ راھەتلەنگەن بولسام دېگەن ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن قارىدى، ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان :»**ئى بىلال !نامازغا تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىزنى راھەتلەندۈرگىن**«دېگەن. [بەش شەرت تولۇق (سەھىھ[ ([بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

شەرھىسى:

ساھابىلاردىن بىر كىشى كاشكى ناماز ئادا قىلىپ راھەتلەنگەن بولسام دېگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن قارىدى، ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :»**ئى بىلال !نامازغا ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتقىن ناماز بىلەن راھەتلىنەيلى**« دېگەنلىكىنى دەيدۇ. بۇنداق بولۇشى نامازدا ئىنسان ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىدۇ، دىلى ۋە روھى راھەتلىنىدۇ.

ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. نامازدا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ دىلى راھەتلىنىدۇ.
2. ئىبادەتنى ئېغىر كۆرگەن كىشىگە رەددىيە بېرىش.
3. ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىممىسىنى پاكلىغان كىشىگە بۇنىڭ بىلەن راھەت ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ھاسىل بولىدۇ.

(65095)

(129) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كَبَّرَ في الصلاة سكت هُنَيْهَةً قبل أن يقرأ، فقلت: يا رسول الله، بأبي أنت وأمي، أَرَأَيْتَ سُكُوتَكَ بين التكبير والقراءة: ما تقول؟ قال: أقول: اللَّهُمَّ باعد بيني وبين خطاياي كما باعدت بين المشرق والمغرب. اللَّهُمَّ نَقِّنِي من خطاياي كما يُنَقَّى الثوب الأبيض من الدَّنَسِ. اللَّهُمَّ اغْسِلْني من خطاياي بالماء والثَّلْجِ وَالْبَرَدِ. [صحيح] - [متفق عليه]

(129) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تەكبىر بىلەن قۇرئان ئوقۇش ئارىلىقىدا بىر ئاز جىم تۇراتتى، مەن :ئى رەسۇلۇللاھ !ئاتا-ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، تەكبىر بىلەن قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئارىلىقىدا جىم تۇرغانلىرىدا نېمە دەيلا؟ دېسەم رەسۇلۇللاھ :ئى ئاللاھ !گۇناھلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمنى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىنى يىراق قىلغاندەك يىراق قىلغىن، ئى ئاللاھ !مېنى ئاق كىيىم كىردىن تازىلانغىدەك تازىلىغىن، ئى ئاللاھ !گۇناھلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇيغىن، دەيمەن، دېدى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا تەكبىر ئىھرام قىلغاندىن كېيىن پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى جىم تۇراتتى .ساھابىلەر :رەسۇلۇللاھ بۇ ۋاقىتتا بىر نەرسە ئوقۇيدۇ، دەپ ئويلىدى، چۈنكى نامازنىڭ ھەممىسى زىكىر ياكى زىكىرنى ئوقۇش بىلەن ياكى ئاڭلاش بىلەن بولىدۇ، نامازدا جىم تۇرۇش يوق .ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلىمگە ۋە سوئال سوراشقا بەك ھېرىسمەن بولغانلىقىدىن، ئۇ :ئى رەسۇلۇللاھ ئاتا-ئانام سىلىگە پىدا !بولسۇن !بۇ ئارىلىقتىكى جىم تۇرۇشلىرىدا نىمە ئوقۇيلا؟ دېدى .رەسۇلۇللاھ :ئى ئاللاھ گۇناھلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمنى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىنى يىراق قىلغاندەك يىراق ،قىلغىن، ئى ئاللاھ !مېنى گۇناھلىرىمدىن خۇددى ئاق كىيىم كىردىن تازىلانغاندەك تازىلىغىن ئى ئاللاھ !گۇناھلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن، دەيمەن، دېدى .بۇ دۇئا نامازدىكى بۇ ئورۇنغا ناھايىتى مۇناسىپ، چۈنكى ناماز ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدىغان ئىبادەت، ناماز ئوقۇغۇچى ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، گۇناھنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە ئۇ گۇناھ بىلەن قەتئى ئۇچرىشىپ قالمايدىغان شەكىلدە يىراق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، خۇددى شەرىق بىلەن غەرىپ ئۇچراشمىغاندەك، ئاق كىيىمدىن كىرنى پاكىزلىغاندەك گۇناھلاردىن ئۇ كىشىنى پاك قىلىۋېتىشنى، خاتالىقلىرىنى يۇيۇپ، گۇناھ ھېرىسمەنلىكىنى بۇ ماددىلار بىلەن

پەسەيتنشنى سورايدۇ .بۇ يەردە ناھايىتى ئىنچىكە ۋە ئۇيغۇن بىر ئوخشۇتۇش بار .بۇ دۇئا ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىدىن پاك بولغان ھالدا ۋە مۇكەممەل بىر شەكىلدە تۇرىدۇ .ناماز ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەللى ھەر خىل باشلاش دۇئالىرىنى ئوقۇپ ناماز باشلىشى كېرەك .ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھەدىسى سەھىھ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقا دۇئالارمۇ كەلگەن .ئاللاھ توغرىسىنى بىلگۈچى

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3104)

(130) – عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يرفع يديه حَذْوَ مَنْكِبَيْهِ إذا افْتَتَحَ الصلاة، وإذا كبّر للرُّكُوعِ، وإذا رفع رأسه من الركوع رَفَعَهُمَا كذلك، وقال: سَمِعَ الله لمن حَمِدَهُ رَبَّنَا ولك الحمد، وكان لا يفعل ذلك في السُّجُودِ. [صحيح] - [متفق عليه]

(130) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز باشلىغاندا قولىنى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى، رۇكۇغا تەكبىر ئېيتقاندا ۋە رۇكۇدىن يانغاندىمۇ شۇنداق كۆتۈرەتتى ھەم **»سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە، رەببەنا لەكەلھەمدۇ«** دەيتتى .سەجدىدە ئۇنداق قىلمايتتى [سەھىھ(بەش [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

ناماز كاتتا ئىبادەت بولۇپ، تەندىكى ھەر بىر ئەزانىڭ خاس بىر ئىبادىتى بولۇپ، مىسالغا ئالساق ئىككى قول، ئۇنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىلىرى، تەكبىرەتۇل ئىھرام **»نامازنى باشلىغاندىكى تەكبىر«**دە قولنى كۆتۈرىدۇ، تەكبىر دېمەك؛ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ئۈستۈنلۈك ۋە سەلتەنەت ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ .**»ئاللاھۇ ئەكبەر«** بولسا؛ ھۆرمەت ئۈستۈنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .ئىككى قولنى كۆتۈرۈش مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، بارلىق رۇكۇلاردا شۇنداق كۆتۈرلىدۇ، يەنە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندىمۇ ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ قويىدۇ، ھەممە رەكئەتتە شۇنداق بولىدۇ .مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە قول كۆتۈرمەيدىغان باشقا ۋاقىتلاردا كۆتۈرىدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3095)

(131) – عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصَّامِتِ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**لَا صَلَاةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(131) – ئۇبادەتە بىن سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »**سۈرە پاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەستۇر**« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىسا نامازنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى، نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش بولسا نامازنىڭ ئاساسلىرىدىندۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيالايدىغان تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سۈرە ئوقۇسا توغرا بولمايدۇ.
2. قەستەنلىك بىلەن بولسۇن ياكى بىلمەسلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن بىرەر رەكئەتتە پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىسا بۇ رەكئەت ھېساب بولمايدۇ، چۈنكى پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزدۇر، پەرز ھەرقانداق ھالەتتە ساقىت بولمايدۇ.
3. ئەگەر نامازغا كېچىكىپ قالغۇچى ئىمام رۇكۇ قىلىۋاتقان ھالەتتە نامازغا كىرگەن بولسا، ئۇ كىشىدىن پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش ساقىت بولىدۇ.

(5378)

(132) – عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه «أنَّ النبي صلى الله عليه وسلم دخل المسجد، فدخل رجل فصلَّى، ثم جاء فسلَّم على النبي صلى الله عليه وسلم فقال: ارجع فصلِّ، فإنك لم تُصَلِّ، فرجع فصلَّى كما صلَّى، ثم جاء فسلَّم على النبي -صلى الله عليه وسلَّم- فقال: ارجع فصلِّ، فإنك لم تُصَلِّ -ثلاثا- فقال: والذي بعثك بالحق لا أُحْسِنُ غيره، فَعَلِّمْنِي، فقال: إذا قُمْتَ إلى الصلاة فَكَبِّرْ، ثم اقرأ ما تيسر من القرآن، ثم اركع حتى تَطْمَئِنَّ راكعا، ثم ارفع حتى تعتدل قائما، ثم اسجد حتى تَطْمَئِنَّ ساجدا، ثم ارفع حتى تطمئن جالسا، وافعل ذلك في صلاتك كلها». [صحيح] - [متفق عليه]

(132) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسچىتكە كىرگەن ئىدى، كەينىدىن بىر ئادەم كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: نامازنى قايتا ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدۇڭ، دېدى. ئۇ كىشى قايتىپ بېرىپ ئاۋالقىدەكلا ناماز ئوقۇپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا سالام قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ: بېرىپ نامازنى قايتا ئوقۇ، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدۇڭ، دېدى. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم: سىلنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى: مەن بۇنىڭدىن ياخشىراق ئوقۇيالمايمەن ماڭا ئۆگىتىپ قويسىلا، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: نامازغا تۇرغىنىڭدا تەكبىر ئېيىت، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغىنىنى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇغا بېرىپ رۇكۇدا تەمكىن تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس تۇرغىن، ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە تەمكىن تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس ئولتۇرغىن پۈتۈن نامىزىڭدا مۇشۇنداق قىلغىن، دېدى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسچىتكە كىردى، كەينىدىن ساھابىلەردىن خەللاد ئىبنى راپىئ ئىسىملىك بىر ساھابە كىرىپ تىز ھەم كەمتۈك بىر ناماز ئوقۇدى، نامازدىن بىكار بولغاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇغىن، سەن بايا ناماز ئوقۇمىدىڭ، دېدى. ئۇ كىشى بېرىپ ئاۋۋال قانداق ئوقۇغان بولسا بۇ قېتىممۇ شۇ پەددە ئوقۇدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇغىن، سەن بايا ناماز ئوقۇمىدىڭ، دەپ

بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى .ئۈچىنچى قېتىمدا بۇ كىشى قەسەم قىلىپ :سىلىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى **»ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا«** مەن بۇنىڭدىن ياخشى ئوقۇيالمايمەن، ماڭا ئۆگۈتۈپ قويسىلا، دېدى .بۇ كىشىنىڭ ئىلىمگە ھېرىسمەنلىكى ۋە ئىچ-ئىچىدىن ئۆگۈنۈش ئېستىكىنىڭ بارلىقى، تەلىمنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىقى، تەكرار قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ كېيىن ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى نامايەن بولدى .پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگەتتى :سەن نامازغا تۇرغىنىڭدا باشلاش تەكبىرىنى ئېيىت، ئاندىن پاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغىنىنى ئوقۇغىن، ئاندىن ،رۇكۇغا بېرىپ رۇكۇدا تەمكىن تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس، تەمكىن تۇرغىن ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە تەمكىن تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس ئۆلتۇرغىن، پۈتۈن نامىزىڭدا مۇشۇنداق قىلغىن، دېدى .باشلاش تەكبىرىدىن باشقا ھەر قېتىملىق تەكبىرلەردە شۇنداق قىلىنىدۇ، چۈنكى باشلاش تەكبىرى بىرىنچى رەكەتتە .ئاز دېگەندە سۈرە پاتىھەنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى باشقا ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنىدۇ

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3185)

(133) – عن أَبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه: أنه كَانَ يُكَبِّرُ فِي كُلِّ صَلَاةٍ مِنَ الْمَكْتُوبَةِ وَغَيْرِهَا، فِي رَمَضَانَ وَغَيْرِهِ، فَيُكَبِّرُ حِينَ يَقُومُ، ثُمَّ يُكَبِّرُ حِينَ يَرْكَعُ، ثُمَّ يَقُولُ: سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، ثُمَّ يَقُولُ: رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ، قَبْلَ أَنْ يَسْجُدَ، ثُمَّ يَقُولُ: اللهُ أَكْبَرُ حِينَ يَهْوِي سَاجِدًا، ثُمَّ يُكَبِّرُ حِينَ يَرْفَعُ رَأْسَهُ مِنَ السُّجُودِ، ثُمَّ يُكَبِّرُ حِينَ يَسْجُدُ، ثُمَّ يُكَبِّرُ حِينَ يَرْفَعُ رَأْسَهُ مِنَ السُّجُودِ، ثُمَّ يُكَبِّرُ حِينَ يَقُومُ مِنَ الْجُلُوسِ فِي الِاثْنَتَيْنِ، وَيَفْعَلُ ذَلِكَ فِي كُلِّ رَكْعَةٍ، حَتَّى يَفْرُغَ مِنَ الصَّلَاةِ، ثُمَّ يَقُولُ حِينَ يَنْصَرِفُ: وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ، إِنِّي لَأَقْرَبُكُمْ شَبَهًا بِصَلَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، إِنْ كَانَتْ هَذِهِ لَصَلَاتَهُ حَتَّى فَارَقَ الدُّنْيَا. [صحيح] - [متفق عليه]

(133) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :ناماز ئوقۇغان كىشى ھەر بىر پەرز ۋە نەپلە نامازلاردا، رامىزاندا ۋە رامىزاننىڭ غەيرىدە ناماز باشلايدىغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇ قىلىدىغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن :ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدە قىلىشتىن بۇرۇن :رەببەنا لەكەل ھەمد)ئى رەببىمىز ئاللاھ !بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر سىلىگە خاستۇر(دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ سەجدىگە بارىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ، ئىككىنچى رەكەتتە تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرىدىغان ،ۋاقىتتىمۇ تەكبىر ئېيتىدۇ، نامازنى ئادا قىلىپ بولغۇچە ھەر بىر رەكەتتە شۇنداق قىلىدۇ ئۇنىڭدىن كېيىن نامازنى ئوقۇپ بولۇپ جامائەتكە بۇرۇلۇپ :»**مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم !مەن سىلەرگە پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە ناماز ئوقۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوقۇغان نامىزى مۇشۇنداق ئىدى دېدى**«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ناماز ئادا قىلىش سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىلدۈرىشىچە :پەيغەمبەر ،ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا، ناماز باشلاش تەكبىرىنى )تەكبىرەتۇل ئىھرام (ئېيتاتتى

ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇغا، سەجدىگە بارغاندا، رۇكۇدىن ۋە سەجدىدىن تۇرغاندا، ئىككىنچى سەجدىگە بارغاندا ۋە ئۇنىڭدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئۈچ رەكەتلىك ياكى تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىرىنچى قېتىملىق تەشەھھۇتتىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئاخىرلاشقۇچە ھەممە رەكەتتە بۇ ئىشلارنى قىلىدۇ، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆرە تۇرغان ھالەتتە: رەببەنا لەكەل ھەمد)ئى رەببىمىز ئاللاھ !بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر سىلىگە خاستۇر(دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئادا قىلىپ بولۇپ جامائەتكە قاراپ: مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم !مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە ناماز ئوقۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوقۇغان نامىزى مۇشۇنداق ئىدى دېدى».

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. نامازدا ھەر قېتىم ئىگىلگەندە ۋە تۇرغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ لېكىن رۇكۇدىن تۇرغاندا سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(دەيدۇ،
2. بۇ ھەدىستىن ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە سۈننەتنى ئىسىدە تۇتۇشقا بەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

(65098)

(134) – عن ابنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنهما عن النبيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «**أُمِرْتُ أَنْ أَسْجُدَ عَلَى سَبْعَةِ أَعْظُمٍ: عَلَى الْجَبْهَةِ وَأَشَارَ بِيَدِهِ عَلَى أَنْفِهِ، وَالْيَدَيْنِ، وَالرُّكْبَتَيْنِ، وَأَطْرَافِ الْقَدَمَيْنِ، وَلَا نَكْفِتَ الثِّيَابَ وَالشَّعَرَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(134) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم دەپ پىشانىگە، قولى بىلەن بۇرنى، ئىككى قولى، ئىككى تىزى ۋە ئىككى قەدىمىنىڭ ئەتراپىغا ئىشارەت قىلدى ۋە كىيىمنى تۈرىۋالماسلىق، چاچنى بانتىلىۋالماسلىق كېرەك، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نامازدا ئىنسان جىسمىدىكى يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى .بۇ ئەزالار:

.بىرىنچى: پېشانىسى، ئۇ: بۇرنى ۋە ئىككى كۆزنىڭ ئۈستىدىكى كەڭلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن بۇرنىغا ئىشارەت قىلىپ پىشانە بىلەن بۇرۇننىڭ يەتتە ئەزادىن بىر ئەزا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، سەجدە قىلغۇچىنىڭ بۇرنىنىڭ زېمىنغا تېگىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

.ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەزا بولسا: ئىككى قول

.تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئەزا بولسا: ئىككى تىز

.ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى ئەزا بولسا: ئىككى قەدەمنىڭ بارماقلىرى

بىز زېمىنغا سەجدە قىلغاندا چاچلىرىمىز بىلەن كىيىممىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ چاچلىرىمىزنى چېگىۋالماسلىق، كىيىملىرىمىزنى بىر-بىرىگە چېگىۋالماسلىقا، بەلكى زېمىنغا تەككىدەك قويىۋېتىشكە بۇيرۇلدۇق .كىيىملىرىمىز ئەزالار بىلەن بىرگە سەجدە قىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. .نامازدا يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى
2. .نامازدا كىيىمنى ۋە چاچنى تۈگۈۋېلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقى

3. ناماز ئادا قىلغۇچىنىڭ نامازنى تىنچ-خاتىرجەم ئادا قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ سەجدە قىلىدىغان يەتتە ئەزانى زېمىنغا قويۇش بىلەن بولىدۇ، زېمىنغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۇقۇلىدىغان زىكىرلەرنى راھەت ئوقۇغىلى بولىدۇ.

4. نامازدا چېچىنى بوغۇۋېلىش ئەرلەرگە خاس بولىدۇ، چۈنكى ئاياللار نامازدا چېچىنى ئوراشقا بۇيرۇلغان.

(10925)

(135) – عن جَرِيْرِ بنِ عبدِ الله رضي الله عنه قال: كُنَّا عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَنَظَرَ إِلَى الْقَمَرِ لَيْلَةً -يَعْنِي الْبَدْرَ- فَقَالَ: «إِنَّكُمْ سَتَرَوْنَ رَبَّكُمْ كَمَا تَرَوْنَ هَذَا الْقَمَرَ، لَا تُضَامُونَ فِي رُؤْيَتِهِ، فَإِنِ اسْتَطَعْتُمْ أَنْ لَا تُغْلَبُوا عَلَى صَلَاةٍ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا فَافْعَلُوا» ثُمَّ قَرَأَ: «{وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ}» [صحيح] - [متفق عليه]

(135) – جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئايغا قارىدى يەنى تولۇن ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى:»سىلەر رەببىڭلارنى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك قىيامەت كۈنىدە ئۇچۇق كۆرىسىلەر، رەببىڭلارنى كۆرۈشتە قىستىلىپ قالمايسىلەر، ئەگەر ئىمكانىيىتىڭلار بولسا بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار« ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:»وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ«تەرجىمىسى:»ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋرى قىلغىن، مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن )يەنى ناماز ئوقۇغىن (ۋە ھەمدە ئېيتقىن« ]سۈرە تاھا 130-ئايەت[ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق[ [(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

،ساھابىلار بىر كېچىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىر يەردە بولغان ئىدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر قىيامەت كۈنىدە رەببىنى ھېچ قانداق توسالغۇسىز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ئۇلار رەببىنى كۆرىدىغاندا قىيىنچىلىق تارتمايدۇ، چارچىمايدۇ، قىستىلىشىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى :»**سىلەرنى بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىشتىن چەكلەپ قويىدىغان سەۋەپلەرنى يوق قىلىشقا قادىر بولالىساڭلار شۇنداق قىلىڭلار، ئۇ ئىككى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىڭلار، بۇ ئىش قىيامەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىغا قاراشقا سەۋەپ بولىدۇ .ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى﴿ :وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ﴾ تەرجىمىسى»:ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋرى قىلغىن، مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن )يەنى ناماز ئوقۇغىن (ۋە ھەمدە ئېيتقىن«** ]سۈرە تاھا 130-ئايەت[.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىمان ئەھلىگە جەننەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا بىشارەتتۇر
2. دەۋەتنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن :تەكىتلەش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە مىسال بايان قىلىش قاتارلىقلار

(5657)

(136) – عن أبي موسى الأشعري - رضي الله عنه- قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم :

«**من صلى البَرْدَيْنِ دخل الجنة**». [صحيح] - [متفق عليه]

(136) – ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ :كىمكى )سالاتۇل بەردەين (يەنى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا جەننەتكە كىرىدۇ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە [مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

ھەدىسنىڭ مەنىسى :بۇ ئىككى نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەپلىرىدىندۇر، ئۇ ئىككىسى بىلەن مەقسەت بامدات بىلەن ئەسىر نامىزى ئىكەنلىكىگە جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ :»**كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ناماز**« دېگەن سۆزى دالالەت قىلىدۇ. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە :»**ئەسىر ۋە بامدات نامىزى**« دەپ زىيادە بايان قىلىنغان، ئاندىن جەرىر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى :»**كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن )يەنى ناماز ئوقۇغىن (ۋە ھەمدە ئېيتقىن**«، بۇ ئىككى ناماز »**سوغۇقتا ئوقۇيدىغان ناماز**« دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ ئىككى ناماز كۈندۈزى ھاۋا سوۋۇغان، كۈننىڭ ھارارىتى كەتكەن ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ، بۇ ئىككى نامازنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى، شۇنىڭ جۈملىسىدىن :ئەممارە ئىبنى رۇۋەيبە دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام »**كۈن چىقىشتىن ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنقى نامازنى ئوقۇغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ**« دېگەن، مۇسلىم رىۋايىتى)634(،بۇ ئىككى نامازنى خاس قىلىش بولسا :بامدات نامىزى ئۇيقۇ لەززىتىگە چۆمگەن ۋاقىتتا بولىدۇ، ئەسىر نامىزى بولسا كۈندۈزلۈك مەشغۇلىيەت، تىجارەتنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىتدا بولىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئۇ ئىككى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشى ئۇ كىشىنىڭ نەپسىنى ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىبادەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن باشقا نامازلارنىمۇ ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بۇ ئىككى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلغان كىشى ئەلۋەتتە ،قالغان نامازلارنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بۇ يەردە پەقەت بۇ ئىككى نامازنى بايان قىلىشتىن باشقا نامازنى ئوقۇماي پەقەت بۇ ئىككى نامازنى ئوقۇسا پەزىلەت ھاسىل بولىدۇ دېگەنلىك ئىپادىلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ تېكىستكە زىت .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»**كىمكى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا**« دېدى، بۇنىڭدىن بۇ ئىككى نامازنى بۇيرۇلغان شەكىلدە، ئەرلەر جامائەت بىلەن ئادا قىلىدۇ، چۈنكى ئەرلەرنىڭ پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ،ۋاجىب بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ مەسچىتكە بېرىشكە تاقىتى يېتىپ تۇرۇپ جامائەتنى تاشلىشى توغرا بولمايدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4198)

(137) – عن جُندب بن عبد الله القَسْرِي رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ صَلَّى صَلَاةَ الصُّبْحِ فَهُوَ فِي ذِمَّةِ اللهِ، فَلَا يَطْلُبَنَّكُمُ اللهُ مِنْ ذِمَّتِهِ بِشَيْءٍ، فَإِنَّهُ مَنْ يَطْلُبْهُ مِنْ ذِمَّتِهِ بِشَيْءٍ يُدْرِكْهُ، ثُمَّ يَكُبَّهُ عَلَى وَجْهِهِ فِي نَارِ جَهَنَّمَ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(137) – جۇندۇب بىن ئابدۇللاھ قەسرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كىمكى بامدات نامىزىنى ئادا قىلسا ئاللاھنىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئۆزىنىڭ كېپىللىكىدىكى نەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ، كىمكى ئاللاھنىڭ كېپىللىكىدىكى نەرسىنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنى تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىچە جەھەننەمگە سۆرەپ تاشلىنىدۇ**». سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس] [(سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى، قوغدىشى ۋە ھىمايە قىلىشىدا بولىدىغانلىقى، ئۇ كىشىنى مۇداپىئە قىلىدىغانلىقى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىمكى بامدات نامازىنى ئادا قىلماسلىق ياكى ناماز ئادا قىلغۇچىغا ھەددىدىن ئېشىش ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن بۇ ۋەدىنى بۇزسا ياكى بىكار قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، خوشىندارچىلىقنى ئاياغ-ئاستى قىلغان بولىدى، چەكتىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ ھەققىدىكى بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا ھەقلىق بولىدى، كىمكى ئۇنى تەلەپ قىلىدىكەن تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىچە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بامدات نامىزىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى.
2. بامدات نامىزى ئادا قىلغان كىشىگە يامانلىق قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش.
3. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە يامانلىق قىلغان كىشىلەردىن ئىنتىقام ئالىدۇ.

(5435)

(138) – عن بريدة بن الحصيب رضي الله عنه أنه قال: بَكِّرُوا بِصَلَاةِ الْعَصْرِ، فَإِنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَنْ تَرَكَ صَلَاةَ الْعَصْرِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(138) – بۇرەيدە بىن ھۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسىر نامىزىنى دەل ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى قەستەن ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى ۋە بۇنداق قىلغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھېچ قانداق ساۋاپقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئەسىر نامىزىنى دەل ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئالدىراشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
2. ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقى، بۇ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋېتىشنىڭ جىنايىتى باشقا نامازلارنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەندىن ئېغىر بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى ئەسىر نامىزى بولسا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مەخسۇس بۇيرىغان ئوتتۇرىدىكى نامازدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى﴾ تەرجىمىسى: )«بەش ناماز غا بولۇپمۇ نامازدىگەرگە ئەھمىيەت بېرىڭلار )يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار«.( ]سۈرە بەقەرە 238-ئايەت[

(6261)

(139) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**مَنْ نَسِيَ صَلَاةً فَلْيُصَلِّ إِذَا ذَكَرَهَا، لَا كَفَّارَةَ لَهَا إِلَّا ذَلِكَ: {وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي}** [طه: **14**]». [صحيح] - [متفق عليه]

(139) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**نامازنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇشى كېرەك، نامازنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا كاپارىتى يوق، ﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ لِذِكْرِي﴾ تەرجىمىسى: مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن«.** ]سۈرە تاھا 14-ئايەت[

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :پەرز نامازنى ئادا قىلىشنى ئۇنتۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشىنىڭ، ئېسىگە كەلگەن ھامان دەرھال ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئالدىراش كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ .چۈنكى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغانلىقنىڭ خاتالىقىنى يۇشۇرۇش ۋە ئۆچۈرۈشنىڭ بىردىن بىر يولى ئېسىگە ئالغان ھامان دەرھال ئادا قىلىشتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ لِذِكْرِي﴾ تەرجىمىسى :»**ئۇنتۇلۇپ قالغان نامازنى ئېسىڭگە ئالغان ھامان ئوقۇغىن«** ]سۈرە تاھا 14-ئايەت[

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. نامازنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋە قازاسىنى قىلىشقىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ.
2. نامازنى ئۆزۈرسىز، قەستەن ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.
3. ئۇنتۇپ قالغان نامازنىڭ قازاسىنى ئېسىگە كەلگەندە، ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتىكى نامازنىڭ قازاسىنى ئويغانغاندا ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر.
4. نامازنىڭ قازاسىنى تېزدىن ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر .ھەتتا ناماز ئادا قىلىش چەكلەنگەن ۋاقىتتا بولسىمۇ.

(65088)

(140) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**إِنَّ أَثْقَلَ صَلَاةٍ عَلَى الْمُنَافِقِينَ صَلَاةُ الْعِشَاءِ وَصَلَاةُ الْفَجْرِ، وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِيهِمَا لَأَتَوْهُمَا وَلَوْ حَبْوًا، وَلَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ بِالصَّلَاةِ فَتُقَامَ، ثُمَّ آمُرَ رَجُلًا فَيُصَلِّيَ بِالنَّاسِ، ثُمَّ أَنْطَلِقَ مَعِي بِرِجَالٍ مَعَهُمْ حُزَمٌ مِنْ حَطَبٍ إِلَى قَوْمٍ لَا يَشْهَدُونَ الصَّلَاةَ، فَأُحَرِّقَ عَلَيْهِمْ بُيُوتَهُمْ بِالنَّارِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(140) – ئەبۇ: ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى ئەجىر-ساۋاپنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ مەسچىتكە كېلەتتى، مەن جامائەتنى نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ، نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا بىر كىشىنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئادا قىلىشقا قالدۇرۇپ، مەن بىر باغلامدىن ئوتۇن كۆتۈرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئېلىپ جامائەت نامىزىغا كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەمكەن دەپ كەتتىم**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇناپىقلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ نامازغا كېلىشكە سۇسلۇق قىلىشىدىن بولۇپمۇ خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىغا كەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇشنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى بىلگەن بولسا ئىدى، كىچىك بالا ئۆمىلىگەنگە ئوخشاش ئۆمىلەپ بولسىمۇ جامائەتكە كېلەتتى.
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا بىر - كىشىنى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئادا قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر باغلامدىن ئوتۇن كۆتەرگەن بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن بىرگە جامائەت نامىزىغا كەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ )ئۇلارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقى بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قېتىپ كۆيدۈرىۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۆيدە نامازغا كەلمىگەن ئەرلەردىن باشقا گۇناھسىز، ئۈزۈرلۈك كىشىلەر، ياشانغانلار، كېسەللەر، ئاياللار ۋە بالىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىغان.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مەسچىتكە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا كەلمەسلىكنىڭ خەتىرى

2. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىشنى يەنى رىيا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، نامازغا پەقەت كىشىلەر بىزنى كۆرسۇن دەپ كېلىدۇ.

3. خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن بىرگە ئادا قىلىشنىڭ ساۋابى بۈيۈكتۇر .بۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلىش كېرەك.

4. خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش مۇناپىقلىقتىن ساقلايدۇ، بۇ ئىككى نامازنى قىلماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ سۈپىتىدۇر.

(3366)

(141) – عَنِ ابْنِ أَبِي أَوْفَى رضي الله عنه قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا رَفَعَ ظَهْرَهُ مِنَ الرُّكُوعِ قَالَ: «سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، اللَّهُمَّ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ، مِلْءَ السَّمَاوَاتِ وَمِلْءَ الْأَرْضِ وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(141) – ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە :»سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(، رەببەنا لەكەل ھەمدۇ، مىلئەس سەماۋاتى ۋە مىلئەل ئەرزى ۋە مىلئە ما شىئتە مىن شەيئىن بەئدۇ)«ئى رەببىمىز ئاللاھ! ئاسمانلار، زېمىنلار، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەن خالىغان چەكسىز بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ساڭا خاستۇر(دەيدۇ. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە»:سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(دەيتتى، يەنى :كىمكى ئاللاھنى مەدھىيىلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، مەدھىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆزلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيدۇ: رەببەنا لەكەل ھەمدۇ، مىلئەس سەماۋاتى ۋە مىلئەل ئەرزى ۋە مىلئە ما شىئتە مىن شەيئىن بەئدۇ)«ئى رەببىمىز ئاللاھ !ئاسمانلار، زېمىنلار، ئۇلارنىڭ ئارىسى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەن خالىغان چەكسىز بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ساڭا خاستۇر).

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىس ناماز ئوقۇغۇچى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە دېيىش ياخشى كۆرۈلىدىغان زىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ.
2. رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن نورمال ھالەتتە تۇرۇش يوللۇق بولۇپ، نورمال، خاتىرجەم ھالەتتە تۇرمىغاندا بۇ زىكىرلەرنى دېيىش مۇمكىن بولمايدۇ.
3. بۇ زىكىرلەرنى پەرز ۋە نەپلە بولغان بارلىق نامازلاردا ئېيتىش يوللۇقتۇر.

(65101)

(142) – عن حُذَيْفَةَ رضي الله عنه: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقُولُ بَيْنَ السَّجْدَتَيْنِ: «رَبِّ اغْفِرْ لِي، رَبِّ اغْفِرْ لِي». [صحيح] - [رواه أبو داود والنسائي وابن ماجه وأحمد]

(142) – ھۆزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا: «رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دەيتتى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغاندا: «رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: بەندىنىڭ رەببىدىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى، ئەيىبىنى يوشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەرز ۋە نەپلە نامازلاردا ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا بۇ دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر.
2. رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن دېگەن سۆزنى بىر قېتىم دېيىش ۋاجىپ، تەكرار دېيىش ياخشىدۇر.

(65104)

(143) – عن ابن عباس رضي الله عنهما: كان النبي صلى الله عليه وسلم يقول بين السجدتين: «اللَّهمَّ اغْفِرْ لي، وارْحَمْني، وعافِني، واهْدِني، وارزقْني». [حسن بشواهده] - [ رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وأحمد]

(143) – ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دەيتتى :»ئى ئاللاھ! **مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت قىلغىن، مېنى ساق-سالامەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە رىزىق ئاتا قىلغىن**«. []-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامىزىدا ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا بەش تۈرلۈك دۇئانى قىلاتتى، بۇنىڭغا مۇسۇلمان بەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ دۇئا دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ،ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەغپىرەت تەلەپ قىلىش، گۇناھىنىڭ يوشۇرۇلىشى، ئەپۇ قىلىنىشى رەھمەتنىڭ كەڭرى بولىشى، تۈرلۈك زاھىرى ۋە باتىنى كېسەللەر، شەك-شۈبھىلەردىن سالامەت بولىشى، ئاللاھ تائالادىن ھەق ئۈستىدە تەۋرەنمەستىن مۇستەھكەم قىلىشنى سورىشى، پاكىزە ھالال مال، ياخشى ئەمەل، ئىلىم ۋە ئىماننى رىزىق قىلىپ بېرىشنى سورىشىدىن ئىبارەتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ دۇئانى ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغاندا ئوقۇش يولغا قويۇلغان.
2. بۇ دۇئا دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەزىلەتلىك دۇئادۇر.

(10930)

(144) – عَنْ حِطَّانَ بْنِ عَبْدِ اللهِ الرَّقَاشِيِّ قَالَ: صَلَّيْتُ مَعَ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيِّ صَلَاةً، فَلَمَّا كَانَ عِنْدَ الْقَعْدَةِ قَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: أُقِرَّتِ الصَّلَاةُ بِالْبِرِّ وَالزَّكَاةِ، قَالَ: فَلَمَّا قَضَى أَبُو مُوسَى الصَّلَاةَ وَسَلَّمَ انْصَرَفَ فَقَالَ: أَيُّكُمُ الْقَائِلُ كَلِمَةَ كَذَا وَكَذَا؟ قَالَ: فَأَرَمَّ الْقَوْمُ، ثُمَّ قَالَ: أَيُّكُمُ الْقَائِلُ كَلِمَةَ كَذَا وَكَذَا؟ فَأَرَمَّ الْقَوْمُ، فَقَالَ: لَعَلَّكَ يَا حِطَّانُ قُلْتَهَا؟ قَالَ: مَا قُلْتُهَا، وَلَقَدْ رَهِبْتُ أَنْ تَبْكَعَنِي بِهَا، فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: أَنَا قُلْتُهَا، وَلَمْ أُرِدْ بِهَا إِلَّا الْخَيْرَ، فَقَالَ أَبُو مُوسَى: أَمَا تَعْلَمُونَ كَيْفَ تَقُولُونَ فِي صَلَاتِكُمْ؟ إِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَطَبَنَا فَبَيَّنَ لَنَا سُنَّتَنَا وَعَلَّمَنَا صَلَاتَنَا، فَقَالَ: «**إِذَا صَلَّيْتُمْ فَأَقِيمُوا صُفُوفَكُمْ، ثُمَّ لِيَؤُمَّكُمْ أَحَدُكُمْ فَإِذَا كَبَّرَ فَكَبِّرُوا، وَإِذْ قَالَ: {غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلا الضَّالِّينَ}** [الفاتحة: 7]**، فَقُولُوا: آمِينَ، يُجِبْكُمُ اللهُ، فَإِذَا كَبَّرَ وَرَكَعَ فَكَبِّرُوا وَارْكَعُوا، فَإِنَّ الْإِمَامَ يَرْكَعُ قَبْلَكُمْ، وَيَرْفَعُ قَبْلَكُمْ**»، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**فَتِلْكَ بِتِلْكَ، وَإِذَا قَالَ: سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، فَقُولُوا: اللَّهُمَّ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ، يَسْمَعِ اللهُ لَكُمْ، فَإِنَّ اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى قَالَ عَلَى لِسَانِ نَبِيِّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: سَمِعَ اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، وَإِذَا كَبَّرَ وَسَجَدَ فَكَبِّرُوا وَاسْجُدُوا، فَإِنَّ الْإِمَامَ يَسْجُدُ قَبْلَكُمْ وَيَرْفَعُ قَبْلَكُمْ**»، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**فَتِلْكَ بِتِلْكَ، وَإِذَا كَانَ عِنْدَ الْقَعْدَةِ فَلْيَكُنْ مِنْ أَوَّلِ قَوْلِ أَحَدِكُمْ: التَّحِيَّاتُ الطَّيِّبَاتُ الصَّلَوَاتُ لِلهِ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(144) – ھەتتان بىن رەققاشى مۇنداق دەيدۇ :مەن بىر قېتىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا جامائەت ئارىسىدىن بىر كىشى" :ناماز ياخشىلىق ۋە زاكات بىلەن بىرگە كەلدى "دېدى، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ،نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ :بۇ سۆزنى قايسىڭلار دېدىڭلار؟دېدى ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جامائەتكە قاراپ :بۇ سۆزنى قايسىڭلار دېدىڭلار؟دېدى، ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا :ئى ھەتتان سەن دېگەن ئوخشىمامسەن؟دېدى، مەن ئەبۇ مۇسانىڭ ماڭا كايىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلمىدىم، جامائەت ئارىسىدىن بىر كىشى :ئۇ سۆزنى مەن دېگەن، مەن پەقەت ياخشىلىقنى مەخسەت قىلىپ دېگەن ئىدىم دېدى، ئەبۇ مۇسا مۇنداق دېدى" :سىلەر نامىزىڭلاردا نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە خۇتبە سۆزلەپ نامازنى قانداق ئادا قىلىشىمىزنى تەلىم بەردى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى :»**ناماز ئادا قىلماقچى بولساڭلار، سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئۇ ،تەكبىر ئېيتقاندا، تەكبىر ئېيتىڭلار، »غەيرىل مەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلەددالليين«** دېسە ،ئامىين دەڭلار، ئاللاھ تائالا دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ .ئىمام تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلسا سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىمام سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىپ سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىدۇ«، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:»**ئۇنداق قىلىشى ئىمام سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇغا بارغانلىقى ئۈچۈن سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىدۇ«** دېدى. ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(دېسە، سىلەر :ئاللاھۇممە رەببەنالەكەل ھەمد)ئى رەببىمىز ئاللاھ !بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر سىلىگە خاستۇر (دەڭلار .ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا ئاساسەن مۇنداق دېدى :»**ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى«**، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىمام سىلەردىن بۇرۇن سەجدىگە بارىدۇ ۋە سىلەردىن بۇرۇن سەجدىدىن تۇرىدۇ .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»**ئۇنداق قىلىشى ئىمام سىلەردىن بۇرۇن سەجدە قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋە سىلەردىن بۇرۇن سەجدىدىن تۇرىدۇ«** دېدى، تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تۇنجى دەيدىغان سۆزى :ھۆرمەت، گۈزەل سۆز، دۇئا-تىبلەكلەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر .ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى !سىلىگە، بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ئاللاھنىڭ ئەمىنلىكى، رەھمىتى، بەرىكىتى، سالامى بولسۇن. ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن .مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن«. سەھىھ(بەش]

[(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە] رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

ھۆرمەتلىك ساھابى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم نامازدا تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئادا قىلىۋاتقانلاردىن بىرى :ناماز قۇرئان كەرىمدە ياخشىلىق ۋە زاكات بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلدى دېدى، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن جامائەتكە يۈزلىنىپ ئۇلاردىن :ناماز قۇرئان كەرىمدە ياخشىلىق ۋە زاكات بىلەن بىرگە كەلتۈرۈلدى دېگەن سۆزنى قايسىڭلار دېدىڭلار؟ دەپ سورىدى، جامائەت جىم تۇردى، ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىدى، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرار سورىدى، ئۇنىڭغا ھېچ كىشى جاۋاپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :ئى ھەتتان سەن دىگەن ئوخشىمامسەن؟دېدى، بۇنداق دېيىشى :ھەتتاننىڭ جاسارەتلىك بولغانلىقى، ئۆزىگە يېقىن بولغانلىقى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋېتى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلمايدىغانلىقى پەقەت بۇ سۆزنى دېگەن كىشىنىڭ ئېنىراپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئىدى .ھەتتان ئۆزىنىڭ دېمىگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەبۇ مۇسا :سەن مېنىڭ ئەيىپلىشىمدىن ئەنسىرەپ مەن دېمىدىم دېدىڭمۇ؟ دېدى، شۇ ۋاقىتتا جامائەتنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى :مەن دېدىم، ئۇ سۆزنى دېيىش بىلەن پەقەت ياخشىلىقنى مەخسەت قىلغان دېدى .ئەبۇ مۇسا ئۇ كىشىگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېدى :سىلەر نامازدا نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ !دېدى، بۇ، ئۇ كىشىنىڭ نامازدا سۆز قىلغانلىقىغا ئىنكار قىلىش ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ مۇسا بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبە سۆزلەپ ئۇلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى، نامازنى قانداق ئادا قىلىشنى تەلىم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**«ناماز ئادا قىلماقچى بولساڭلار، سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئۇ تەكبىر ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئوخشاش تەكبىر ئېيتىڭلار، »غەيرىل مەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلەددالليىن«** دېسە، ئامىين دەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىمام سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىپ سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىدۇ، ئىمامغا ئەگىشىپ بولماڭلار، ئىمامنىڭ سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇغا بېرىشى ۋە سىلەردىن بۇرۇن رۇكۇدىن تۇرىشى سىلەرنىڭ ئىمامدىن كېيىن رۇكۇغا بارغان ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ، ئىمامنىڭ بۇرۇن تۇرغان ۋاقتى سىلەرنىڭ كېيىن تۇرغان ۋاقتىڭلار بىلەن باراۋەر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ رۇكۇ قىلىش ۋاقتىڭلار ئىمامنىڭ رۇكۇ قىلغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ، ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە )ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيلىگەن !كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى(دېسە، سىلەر :ئاللاھۇممە رەببەنالەكەل ھەمد)ئى رەببىمىز ئاللاھ بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر سىلىگە خاستۇر (دەڭلار، ناماز ئادا قىلغۇچى شۇنداق دېسە، ئاللاھ

تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ۋە سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېدى»:ئاللاھ ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى«، ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، ناماز ئادا قىلغۇچىلارمۇ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئىمام ئۇلاردىن بۇرۇن سەجدىگە بارىدۇ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ .ئىمامنىڭ بۇرۇن تۇرغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ كېيىن تۇرغان ۋاقتى بىلەن باراۋەر بولىدۇ .ئۇلارنىڭ رۇكۇ قىلىش ۋاقتى ئىمامنىڭ رۇكۇ قىلغان ۋاقتىنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ .تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ تۇنجى دەيدىغان سۆزى: ،ھۆرمەت، گۈزەل سۆز، دۇئا-تىلەكلەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، مۈلكىيەت، ئىگىدارچىلىق ئەبەدىيلىك، كاتتىلىق بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر، شۇنىڭدەك بەش ۋاقىت نامازمۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر .ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى !سىلىگە، بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ،ئاللاھنىڭ ئەمىنلىكى، رەھمىتى، بەرىكىتى، سالامى بولسۇن، ھەرقانداق ئەيىپ-نۇقسان ئاپەت، مۇسىبەت، بۇزۇقچىلىقتىن سالامەت بولۇشنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، سالامنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزگە سالامەتلىك تىلەيمىز .ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ۋاجىپ بولغان ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە بەندىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىۋاتقان ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە سالامەتلىك تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز«».

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. .نامازنىڭ ئاخىرىدىكى تەشەھھۇتتا ئوقۇيدىغان دۇئانىڭ شەكلىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ
2. ناماز ئوقۇش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەر چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان دەلىللەر بىلەن بولىشى كېرەك، ھېچ بىر كىشى ئۈچۈن نامازدا سۈننەتتە ئىسپاتلانمىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلىشى توغرا بولمايدۇ.
3. نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئىمامدىن بۇرۇن قىلىشمۇ ياكى ئىمامدىن بەك كېچىكىپ قىلىشمۇ توغرا بولمايدۇ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامازنى ئادا قىلىشتا ئىمامنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىشى يولغا قويۇلغان.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۈممىتىگە دىنى ھۆكۈملەرنى بىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.
5. ئىمام دېگەن ئىقتىدا قىلغۇچىغا ئۈلگە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدىكى ھەرىكەتلەردە ئىمامدىن ئىلگىرى بولىۋېلىشى ياكى ئىمام بىلەن باراۋەر بولىۋېلىشى ياكى ئىمامدىن

بەك كېچىكىپ ئادا قىلىشى توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۆزى قىلماقچى بولغان ھەر قانداق ھەربىكەتتىن ئىمامنىڭ باشلىغانلىقى تەكىت بولغاندىن كېيىن ئىمامغا ئەگىشىپ قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

6. .نامازغا تۇرغاندا سەپنى تۈز قىلىشنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىنىدۇ

(65097)

(145) – عَنِ ابْنَ مَسْعُودٍ رضي الله عنه قَالَ: عَلَّمَنِي رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَكَفِّي بَيْنَ كَفَّيْهِ، التَّشَهُّدَ، كَمَا يُعَلِّمُنِي السُّورَةَ مِنَ الْقُرْآنِ: «التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ».

وفي لفظ لهما: «إِنَّ اللهَ هُوَ السَّلَامُ، فَإِذَا قَعَدَ أَحَدُكُمْ فِي الصَّلَاةِ فَلْيَقُلْ: التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ، فَإِذَا قَالَهَا أَصَابَتْ كُلَّ عَبْدٍ لِلَّهِ صَالِحٍ فِي السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، ثُمَّ يَتَخَيَّرُ مِنَ الْمَسْأَلَةِ مَا شَاءَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(145) – ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئالقىنىمنى ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قۇرئان كەرىمدىن سۈرە ئۆگەتكەندەك تەشەھھۇتنى ئۆگەتتى»:التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ، وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ .«بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ لەپزىدە: »ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تىنچلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازدا تەشەھھۇتتا ئولتۇرغاندا :التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ« دېسە، بۇ سۆز ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەر بىر سالىھ بەندىگە يېتىدۇ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ «دەپ بولغاندىن كېيىن خالىغان دۇئا-تىلەكلەرنى دېسە بولىدۇ. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نامازدا دېيىلىدىغان تەشەھھۇتنى تەلىم بەردى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىققەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، تەشەھھۇتنى خۇددى قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك ئۆگۈتتىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەشەھھۇتنىڭ لەپزى ۋە مەنىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :»ھۆرمەت، ئۇلۇغلاش ئاللاھ ئۈچۈندۇر« :ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. نامازلار :بۇ

پاكلىقلار ئۇ: سۆزلەردىن بولسۇن، ئىش-ھەرىكەتلەردىن بولسۇن، مۇكەممەللىكنى بىلدۈرىدىغان پاك سۈپەتلەر بولسۇن بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالا ھەقلىقتۇر. **«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن»:** پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بارلىق بالايى-ئاپەت ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلاردىن سالامەتلىك تىلەپ، ياخشىلىقىنىڭ كۆپ ۋە زىيادە بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتۇر. **«بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە سالامەتلىك بولسۇن»:** ناماز ئادا قىلغۇچى ۋە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىلىش. **«ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن»:** كەسكىن جەزىم قىلىپ ئىقرار قىلىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر. **«ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر»:** پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناماز ئادا قىلغۇچىنى ئۆزى خالىغان دۇئالارنى تاللاپ قىلىشقا قىزىقتۇردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ تەشەھھۇتنىڭ ئورنى بولسا: ھەر نامازدىن ئاخىرقى سەجدىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن بولىدۇ، ئىككىنچى رەكەتتە، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكەتتە بولىدۇ.
2. تەشەھھۇتتا ئەتتەھىياتۇنى ئوقۇش ۋاجىپ بولىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغان تەشەھھۇت لەپزىلىرىنىڭ قايسىسىنى ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.
3. نامازدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن دۇئالارنى قىلسا بولىدۇ.
4. دۇئانى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاش ياخشىدۇر.

(3096)

(146) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَدْعُو وَيَقُولُ: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ القَبْرِ، وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ، وَمِنْ فِتْنَةِ المَحْيَا وَالمَمَاتِ، وَمِنْ فِتْنَةِ المَسِيحِ الدَّجَّالِ».

وفِي لَفْظٍ لِمُسْلِمٍ: «إِذَا فَرَغَ أَحَدُكُمْ مِنَ التَّشَهُّدِ الْآخِرِ، فَلْيَتَعَوَّذْ بِاللهِ مِنْ أَرْبَعٍ: مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ، وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ شَرِّ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(146) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن».
مۇسلىمنىڭ لەپزىدە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاخىرقى تەشەھھۇتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ تۆت تۈرلۈك ئىشتىن پاناھلىق تىلىسۇن: جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرى ئازابىدىن، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن» دەپ كەلگەن. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازدا ئاخىرقى تەشەھھۇتتىن كېيىن سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ تۆت تۈرلۈك ئىشتىن پاناھلىق تىلەيتتى.
بىرىنچىسى: قەبرى ئازابى.
ئىككىنچىسى: قىيامەت كۈنى بولىدىغان دوزاخ ئازابى.
ئۈچىنچىسى: ھاياتلىقنىڭ پىتنىسى، دۇنيانىڭ ھارام بولغان شەھۋەتلىرى، ئازدۇرغۇچى شۈبھاتلىرى، ئۆلگەندىن كېيىنكى پىتنىلەر: سەكراتقا چۈشكەندە ئىسلامدىن تېيىلىپ كېتىش سۈننەتنى تەرك ئېتىش، ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئال سورىغىنىغا ئوخشاش قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق تىلەيتتى.
تۆتىنچى: ئاخىر زاماندا چىقىدىغان مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سىنايدۇ، ئۇنى ئايرىم زىكىر قىلىشى، ئۇنىڭ پىتنىسىنىڭ كاتتا بولغانلىقى ۋە ئازدۇرىشىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ياناھلىق تىلەش بولسا دۇئالارنىڭ مۇھىملىرى ۋە جۇغلانمىلىرى بولۇپ، ئۇ دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2. قەبرە ئازابىنىڭ ئىنىقلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكى.
3. پىتنىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇئا قىلىش ۋە ئاللاھدىن ياردەم سوراشنىڭ مۇھىملىقى.
4. مەسىھ دەججالنىڭ چىقىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پىتنىسىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش.
5. تەشەھھۇتنىڭ ئاخىرىدا بۇ دۇئانى ئوقۇش ياخشىدۇر.
6. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش ياخشىدۇر.

(3103)

(147) – عن عَائِشَةَ رضيَ الله عنها قالت: إِنِّي سمعْتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقول: «لَا صَلَاةَ بِحَضْرَةِ الطَّعَامِ، وَلَا هُوَ يُدَافِعُهُ الْأَخْبَثَانِ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(147) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تاماق ھازىر بولغاندا ۋە چوڭ-كىچىك تەرەت قىستىغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ئىمام مۇسلىم "سەھىھ مۇسلىم" ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق ھازىر بولۇپ ناماز ئادا قىلغۇچىنىڭ كۆڭلى تاماققا مايىل بولۇپ كۆڭلى تارتىۋاتقاندا ناماز ئادا قىلىشتىن چەكلىگەن.
شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ-كىچىك تەرەت قىستىغاندا ئەزىيەتنى قىسىش بىلەن مەشغۇل بولغاندا ناماز ئادا قىلىشتىن چەكلىدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نامازخان نامازغا باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى نامازدا مەشغۇل قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(3088)

(148) – عن عُثْمَانَ بْنَ أَبِي الْعَاصِ رضي الله عنه: أنه أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، إِنَّ الشَّيْطَانَ قَدْ حَالَ بَيْنِي وَبَيْنَ صَلَاتِي وَقِرَاءَتِي يَلْبِسُهَا عَلَيَّ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**ذَاكَ شَيْطَانٌ يُقَالُ لَهُ خِنْزَبٌ، فَإِذَا أَحْسَسْتَهُ فَتَعَوَّذْ بِاللهِ مِنْهُ، وَاتْفُلْ عَلَى يَسَارِكَ ثَلَاثًا**»، قَالَ: فَفَعَلْتُ ذَلِكَ فَأَذْهَبَهُ اللهُ عَنِّي. [صحيح] - [رواه مسلم]

(148) – ئوسمان بىن ئەبۇل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە :ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ :ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى !شەيتان مەن بىلەن مېنىڭ نامىزىم، ئوقۇغان تېلاۋىتىمنىڭ ئارىسىدا ماڭا توسانجا بولۇپ ئۇنى ماڭا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:»**ئۇ ھىنزەپ دەپ ئاتىلىدىغان شەيتاندۇر، سەن بۇنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭدا، ئۇنىڭ ئازدۇرىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلىگىن، سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈفلىۋەتكىن**« دېدى .ئۇ كىشى :مەن شۇنداق قىلغان ئىدىم، ئاللاھ تائالا ئۇ ۋەسۋەسىنى مەندىن كەتكۈزىۋەتتى دېدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

:ئوسمان بىن ئەبۇل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى !شەيتان مەن بىلەن مېنىڭ نامىزىم ئارىسىدا ماڭا توسانجا بولىدۇ، مېنى نامازنى خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىشتىن كاشىلا بولىدۇ، ئوقۇغان تىلاۋىتىمنى ماڭا ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭدا ماڭا شەك پەيدا قىلىپ قويىدۇ دېدى .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:»**ئۇ ھىنزەپ دەپ ئاتىلىدىغان شەيتاندۇر، سەن بۇنى ھېس قىلغان ۋە تاپقان ،ۋاقتىڭدا، ئۇنىڭ ئازدۇرىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلىگىن، ئاللاھ بىلەن ساقلانغىن سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈفلىۋەتكىن**« دېدى .ئوسمان بىن ئەبۇل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغاننى قىلغان ئىدىم، ئاللاھ تائالا ئۇ ۋەسۋەسىنى مەندىن : كەتكۈزىۋەتتى دېدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نامازدا كۆڭلىنى جايىدا قويۇپ خۇشۇ بىلەن تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى، شەيتان نامازدا ئىنساننى تەشۋىشكە سېلىش ۋە شەك قىلدۇرۇشقا تىرىشچانلىق قىلىدۇ.

2. نامازدا شەيتان ۋەسۋەسە قىلغاندا، سول تەرەپكە ئۈچ قېتىم تۈفلۈۋېتىش بىلەن بىرگە شەيتاننىڭ ئازدۇرىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

3. ساھابىلار ئارىسىدا ھەر قانداق قىيىنچىلىق پەيدا بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. ساھابىلار ئاخىرەت ئىشلىرىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ دىلى ئويغاق ئىدى

(65105)

(149) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**أَسْوَأُ النَّاسِ سَرَقَةً الَّذِي يَسْرِقُ صَلَاتَهُ**» قَالَ: وَكَيْفَ يَسْرِقُ صَلَاتَهُ؟ قال: «**لَا يُتِمُّ رُكُوعَهَا، وَلَا سُجُودَهَا**». [صحيح] - [رواه ابن حبان]

(149) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : »**كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى نامازنى ئوغۇرلىغۇچىدۇر**«، ئەبۇ ھۇرەيرە :نامىزنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام»: نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ« دېدى. [سەھىھ(بەش]

[(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىبنى ھىببان"سەھىھ ئىبنى ھىببان"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئوغۇرلىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، چۈنكى باشقىلارنىڭ مېلىنى ئوغۇرلىغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىدۇ، ئەمما نامىزىنى ئوغۇرلىغان كىشى بولسا ئۆزىنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجىر-ساۋاپتىن بولغان ھەققىنى ئوغۇرلىغان بولىدۇ .ساھابىلار :ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى !ئىنسان ئۆزىنىڭ نامىزىنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :»**نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى مۇكەممەل تولۇق ئادا قىلمايدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئالدىراپ قىلىپ، مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلمايدۇ**«دېدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نامازنى مۇكەممەل تولۇق ئوقۇشقا، ئۇنىڭ پەرز-ۋاجىپلىرىنى سالماقلىق بىلەن ۋە خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى.
2. نامىزىنىڭ رۇكۇ-سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغان كىشىنى ئوغرى دەپ سۈپەتلەشتىن بولغان مەقسەت :ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋە بۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.
3. نامازدا رۇكۇ ۋە سەجدىنى تولۇق قىلىش، ئۇ ئىككىسىدە ئوتتۇرھال بولۇشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

(65100)

(150) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «أَمَا يَخْشَى أَحَدُكُمْ - أَوْ: لاَ يَخْشَى أَحَدُكُمْ - إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ قَبْلَ الإِمَامِ، أَنْ يَجْعَلَ اللَّهُ رَأْسَهُ رَأْسَ حِمَارٍ، أَوْ يَجْعَلَ اللَّهُ صُورَتَهُ صُورَةَ حِمَارٍ». [صحيح] - [متفق عليه]

(150) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :سىلەرنىڭ بىرىڭلار قورقمامدۇ؟ !ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئايلاندۇرىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرگەن كىشىنىڭ بېشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئېشەكنىڭ بېشىغا ئوخشاش ياكى سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئوخشاش قىلىپ قويىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قاتتىق ئازابنى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئىمام بىلەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى ئۈچۈن تۆت تۈرلۈك ھالەت بولىدۇ، ئۈچ تۈرلۈك ھالەت چەكلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ :ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرۈش، ئىمام بىلەن

باراۋەر كۆتۈرۈش ۋە ئىمامدىن بەك كېيىن كۆتۈرۈش، ئىمامغا ئەگەشكۈچى ئۈچۈن پەقەت ئىمامغا ئەگىششلا يولغا قويۇلغاندۇر.

2. نامازدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ ئىمامغا ئەگىششى ۋاجىپتۇر.

3. نامازدا ئىمامدىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرگەن كىشىنىڭ بېشىنى ياكى شەكلىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا كەلگەن ئازاب يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ سۈرەتنى مۇبەددەل قىلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

(3086)

(151) – عن ابن مسعود رضي الله عنه قال: ذُكِرَ عند النبي صلى الله عليه وسلم رجل نام ليلة حتى أصبح، قال: «ذاك رجل بال الشيطان في أُذُنَيْهِ – أو قال: في أُذُنِه». [صحيح] - [متفق عليه]

(151) – ،ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىر كىشىنىڭ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ياكى قۇلىقىغا شەيتان سىيىپ قويغان ئادەم ئىكەن» دېدى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بىر كىشىنىڭ كېچىسى كېچىلىك ناماز ئوقۇش ئۈچۈنمۇ ئويغانماستىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدىغانلىقى زىكىر قىلىنغان ئىدى. ئىككىنچى رىۋايەتتە: ،بامداتقىمۇ ئويغانماستىن ھەتتا كۈن چىققۇچە ئۇخلايدىغانلىقى زىكىر قىلىنغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا شەيتان سىيىپ قويغان ئادەم ئىكەن ،دېدى. ھەدىسنىڭ زاھىرى مەناسى بويىچە، ھەقىقەتتە شۇنداق چوڭكى شەيتانمۇ يەيدۇ ئىچىدۇ ۋە توي قىلىدۇ، ئۇنىڭ سىيىشىدىن چەكلىنىدىغان توسالغۇ يوق، بۇ ئاشۇنداق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى خارلىق ۋە ئاھانەت بولۇپ، شەيتان ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاجەتخانىسى قىلىۋالغان، گەرچە ئۇيقۇ كۆزگە نىسبەتەن بېرىلسىمۇ لېكىن بۇ يەردە قۇلاقنى خاس قىلىش ئېغىر ئۇيقۇنى بىلدۈرىدۇ، ئاگلاش ئەزاسى دېگەن دىققەت قىلىدىغان ۋە تېز سەگەك بولىدىغان ئورۇن، بۇ ئەزانى سىيىشكە خاس قىلىشى، بۇ ئەزانىڭ كاۋاك

بولغانلىقى،تومۇرلارغا تىز تارايدىغانلىقى بۇنىڭدىن پۈتۈن بەدەندە هورۇنلۇق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(3714)

(152) – عن أبي هُرَيْرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «من اغتسل يوم الْجُمُعَةِ غسل الجنابة، ثم راح في الساعة الأولى فكأنما قرّب بَدَنَة، ومن راح في الساعة الثانية فكأنما قرَّب بقرة، ومن راح في الساعة الثالثة فكأنما قرَّب كَبْشا، ومن راح في الساعة الرابعة فكأنما قرَّب دَجَاجَةً، ومن راح في الساعة الخامسة فكأنما قرَّب بَيْضة، فإذا خرج الإمام حضرت الملائكة يستمعون الذِّكْرَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(152) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :كىمىكى جۈمە كۈنى مۇكەممەل غۇسلى قىلىپ بىرىنچى سائەتتە جۈمەگە «بارسا بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، ئىككىنچى سائەتتە بارسا بىر كالا» قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، ئۈچىنچى سائەتتە بارسا مۆڭگۈزلۈك بىر قوچقار قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، تۆرتىنچى سائەتتە بارسا بىر توخۇ قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، كىمىكى بەشىنچى سائەتتە بارسا بىر تال تۇخۇم سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ، ئىمام خۇتبىگە چىققاندا مالائىكىلەرمۇ كېلىپ خۇتبە ئاڭلايدۇ [سەھىھ سەھىھ ھەدىس بولغادا تولۇق شەرت بەش(سەھىھ [(بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنىدە يۇيۇنۇش، جۈمە نامىزىغا بۇرۇن بېرىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سائەتنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بەرگەن، قانداق بىر كىشى نامازغا بېرىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇپ، دەسلەپكى بىرىنچى سائەتلەردە نامازغا بارسا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تۆگە قۇربانلىق قىلىپ سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئىككىنچى سائەتتە بارغان كىشى كالا قۇربانلىق قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچى سائەتتە بارغان كىشى قوينىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ياخشىسى بولغان مۆڭگۈزلۈك قوچقار قۇربانلىق قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، تورتىنچى سائەتتە بارغان كىشى توخۇ قۇربانلىق قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، بەشىنچى سائەتتە بارغان كىشى تۇخۇم

سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئىرشىدۇ، ئىمام خۇتبە ۋە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چىققاندا بۇرۇن كەلگەنلەرنى يازىدىغان پەرىشتىلەر يېزىشتىن توختاپ مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. كېچىككەنلەر يۇقىرىدىكى پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ قاتارىدا يېزىلمايدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(5393)

(153) – عن ثَوْبَانَ رضي الله عنه قال: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا انْصَرَفَ مِنْ صَلَاتِهِ اسْتَغْفَرَ ثَلَاثًا، وَقَالَ: «**اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ، وَمِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ**»، قَالَ الْوَلِيدُ: فَقُلْتُ لِلْأَوْزَاعِيِّ: كَيْفَ الْاسْتِغْفَارُ؟ قَالَ: تَقُولُ: أَسْتَغْفِرُ اللهَ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ. [صحيح] - [رواه مسلم]

(153)– سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام پەرز نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئىستىغپار ئېيتاتتى، ۋە : »**ئى ئاللاھ! سەن سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى!، سالامەتلىك سېنىڭدىن بولىدۇ، سەن بەرىكەتلىك، سەن كاتتا ئۇلۇغ زاتسەن**« دەيتتى. ۋەلىد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەۋزائىيدىن: ئىستىغپارنى قانداق ئېيتىدۇ؟ دەپ سورىسام، ئەۋزائىي: ئەستەغپىرۇللاھ!، ئەستەغپىرۇللاھ!، دەيسەن دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

،!پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەستەغپىرۇللاھ ئەستەغپىرۇللاھ!، ئەستەغپىرۇللاھ !دەپ ئۈچ قېتىم دەيتتى.
ئۇنىڭدىن كېيىن رەببىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيتتى »:ئى ئاللاھ !سەن سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى!، سالامەتلىك سېنىڭدىن بولىدۇ، سەن بەرىكەتلىك، سەن كاتتا ئۇلۇغ زاتسەن»، تولۇق سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىدۇر، ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاكتۇر، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت قىلىش ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىككى دۇنيادا ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى كۆپ بولىدۇ، ئاللاھ كاتتا ياخشىلىق ئىگىسىدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەرز نامازدىن كېيىن ئىستىغپار ئېيتىش ۋە بۇنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2. ئىستىغپارنىڭ ياخشىلىقى ئۇ ئىبادەتتىكى كەمچىللىكلەرنى تولۇقلايدۇ، تائەتتىكى نۇقسانىنى پۈتۈنلەيدۇ.

(10947)

(154) – عَنْ أَبِي الزُّبَيْرِ قَالَ: كَانَ ابْنُ الزُّبَيْرِ يَقُولُ فِي دُبُرِ كُلِّ صَلَاةٍ حِينَ يُسَلِّمُ: «**لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَلَا نَعْبُدُ إِلَّا إِيَّاهُ، لَهُ النِّعْمَةُ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثَّنَاءُ الْحَسَنُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ**» وَقَالَ: «**كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُهَلِّلُ بِهِنَّ دُبُرَ كُلِّ صَلَاةٍ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(154) – ئەبۇ زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەير ھەر نامازدا سالام بەرگەندىن كېيىن، مۇنداق دەيتتى: »**ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يالغۇزدۇر ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، بارلىق مۇلكىيەت ۋە پادىشاھلىق ئۇنىڭ ئۆچۈندۇر، بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، بارلىق پەزىلەت ۋە گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىمىز گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ**« ۋە مۇنداق دەيدۇ: »**پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بۇ كەلىمىلەرنى دەيتتى**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۇلۇغ زىكىرلەرنى ئېيتاتتى، ئۇنىڭ مەنىسى:

ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق: يەنى ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد بەرھەق يوق.

، ئاللاھ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، يەنى: ئاللاھقا ئىلاھلىقتا پەرۋەردىگارلىقتا ۋە ئىسىم-سۈپەتلەردە ھېچ شېرىك بولغۇچى يوقتۇر.

مۇلكىيەت ۋە پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر، يەنى: ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق ئىگىدارچىلىقى ھەممە تەرەپتىن ئاللاھقا خاستۇر.

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر، يەنى: ئاللاھ مۇكەممەل مۇتلەق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. خۇرسەنلىك ۋە خاپىلىق ھەر قانداق ھالەتتە ئۇلۇغلۇق ۋە ياخشى كۆرۈشتە مۇكەممەل ماختالغۇچىدۇر.

ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، يەنى: ئاللاھنىڭ قۇدرىتى مۇكەممەلدۇر، ھەممە تەرەپتىن تولۇقتۇر، ھېچ قانداق نەرسە ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ، ئاللاھ بۇيرىغان ئىشتىن ھېچ قانداق بىر ئىش باشتارتالمايدۇ بەلكى شەرتسىز ئىجرا قىلىنىدۇ.

بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە يۆتكىلىش پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر. يەنى: بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىش، ئاسىيلىقتىن ئىتائەتكە يۆتكىلىش ۋە كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر، ئاللاھ بۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىدۇر، بۇنىڭدا ئاللاھ تايانچىدۇر.

ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، يەنى: بۇ ئىلاھلىقنىڭ مەنىسىنى كۈچلاندۇرۇش ۋە شېرىكنى رەت قىلىشتۇر، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىرى ئىبادەتكە لايىق ئەمەستۇر.

بارلىق نېئمەتلەر ۋە پەزىلەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر، يەنى: ئاللاھ نېئمەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر، بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە ئۆز پەزلىدىن نېئمەت ئاتا قىلىدۇ.

گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر. يەنى: ئاللاھ تائالا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە، نېمەتلىرىدە ھەرقانداق ھالەتتە ماختاشقا سازاۋەردۇر.

**«ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىمىز گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ»**، يەنى: ئاللاھنى يەككە يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاللاھغا تائەت-ئىبادەت قىلىشتا رىيا قىلمايدۇ ۋە باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلمايدۇ.

**«گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىسىمۇ»**، يەنى: گەرچە كاپىرلار ياقتۇرمىغان «تەقدىردىمۇ ئاللاھنى يېگانە بىلىشتە ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا تەۋرەنمەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بۇ زىكىرلەرنى ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنى بىلەن ئىززەتلىك بولىدۇ، دىنى شۇئارلىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ، گەرچە بۇنى كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ.

3. ئەگەر ھەدىستە :»**نامازدىن كېيىن** « دېگەن سۆز كەلسە، ھەدىستە سۆزلەنگەنى زىكىر بولسا بۇنىڭدىكى ئەسلى سالامدىن كېيىن دېگەن بولىدۇ، ئەگەر دۇئا بولسا سالامدىن بۇرۇن نامازدا بولىدۇ.

(6203)

(155) – عَنْ وَرَّادٍ كَاتِبِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: أَمْلَى عَلَيَّ الْمُغِيرَةُ بْنُ شُعْبَةَ فِي كِتَابٍ إِلَى مُعَاوِيَةَ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقُولُ فِي دُبُرِ كُلِّ صَلَاةٍ مَكْتُوبَةٍ: «**لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(155) – مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاتىپى ۋەرراد مۇنداق دەيدۇ :مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇغا ئەۋەتىدىغان خەتنى ماڭا يازدۇردى: **ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن مۇنداق دەيتتى»:لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ«**تەرجىمىسى :»**ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر .ئى ئاللاھ !سىلە بىر نەرسە ئاتا قىلسىلا ئۇنى چەكلىگۈچى يوق، سىلە چەكلىسىلە ئۇنى ئاتا قىلغۇچى يوقتۇر، سىلىنىڭ كاتتىلىقلىرى ئالدىدا باشقىلارنىڭ كاتتىلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]

-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

**پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن»:لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، اللَّهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ«** تەرجىمىسى :»**ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر .ئى ئاللاھ !سىلە بىر نەرسە ئاتا قىلسىلا ئۇنى چەكلىگۈچى يوق، سىلە چەكلىسىلە ئۇنى ئاتا قىلغۇچى يوق،**

**سىلىنىڭ كاتتىلىقلىرى ئالدىدا باشقىلارنىڭ كاتتىلىقىنىڭ ياكى بايلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ**«دەيتتى.

يەنى :ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىمەن ۋە ئېتىراپ قىلىمەن .ھەقىقى ئىبادەتنى ئاللاھ ئۈچۈن ئىسپاتلايمەن ۋە ئاللاھدىن باشقا باتىللاردىن چەكلەيمەن .ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ھەقىقى تولۇق مۈلكىيەت -ئىگىدارچىلىقنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىمەن .ئاسمانلار ۋە زېمىنلەردىكى بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر .ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان-بېكىتكەن ئاتا-ئېھساننى چەكلىگۈچى ۋە رەت قىلغۇچى يوق، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ئالدىدا باشقىلارنىڭ كاتتىلىقى ياكى بايلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ ھەقىقەتەن پايدىسى بولىدىغىنى ياخشى ئەمەلدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تەۋھىد ۋە ئاللاھنى مەدھىيلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ زىكرنى ھەر نامازدىن كېيىن دېيىش ياخشى بولىدۇ.
2. سۈننەتكە ئەگىشىش ۋە ئۇنى تارقىتىشقا ئالدىراش.

(65102)

(156) – عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ: حَفِظْتُ مِنَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَشْرَ رَكَعَاتٍ: رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الظُّهْرِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَهَا، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ المَغْرِبِ فِي بَيْتِهِ، وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ العِشَاءِ فِي بَيْتِهِ، وَرَكْعَتَيْنِ قَبْلَ صَلاَةِ الصُّبْحِ، وَكَانَتْ سَاعَةً لاَ يُدْخَلُ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِيهَا، حَدَّثَتْنِي حَفْصَةُ أَنَّهُ كَانَ إِذَا أَذَّنَ المُؤَذِّنُ وَطَلَعَ الفَجْرُ صَلَّى رَكْعَتَيْنِ، وَفِي لَفْظٍ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يُصَلِّي بَعْدَ الْجُمُعَةِ رَكْعَتَيْنِ. [صحيح] - [متفق عليه بجميع رواياته]

(156) – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون رەكەت نەپلە نامازنى ئېسىمدە تۇتتۇم:پېشىنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت، پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكەت، شامدىن كېيىن ئۆيدە ئىككى رەكەت، خۇپتەندىن كېيىن ئۆيدە ئىككى رەكەت، بامداتتىن ئىلگىرى ئۆيدە ئىككى رەكەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرمەيدىغان بىر ۋاقىتتا ھەمشىرەم ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ: مۇئەززىن ئەزان ئوقۇپ تاڭ يورۇغاندا بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇيتتى .يەنە بىر لەپزىدە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى دەپ كەلگەن. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنىڭ جىمى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان]

## شەرھىسى:

ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېسىدە تۇتتۇالغان ئون رەكەت نەپلە نامازنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇ پەرز نامازلارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئادا قىلىنىدىغان سۈننەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. پېشىنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت، پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت، شامدىن كېيىن ئۆيدە ئىككى رەكەت، خۇپتەندىن كېيىن ئۆيدە ئىككى رەكەت، بامداتتىن ئىلگىرى ئۆيدە ئىككى رەكەت .بۇنىڭ بىلەن ئون رەكەت تامام بولدى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ نامازلارنى ئادا قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش سۈننەتتۇر.
2. سۈننەت نامازنى ئۆيدە ئادا قىلىش ياخشىدۇر.

(3062)

(157) – عَنْ أَبِي قَتَادَةَ السَّلَمِيِّ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمُ الْمَسْجِدَ فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يَجْلِسَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(157) – ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرسە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن». [بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ (سەھىھ) ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان - بولىدۇ]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كەلگەن كىشىنى، قايسى ۋاقىتتا كەلسە ۋە قانداق مەقسەت بىلەن مەسچىتكە كىرسە، ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇ ئىككى رەكەت ناماز مەسچىت ھۆرمىتى نامىزىدۇر) تەھىييەتۇل مەسچىت نامىزى).

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مەسچىتكە كىرگەندە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى مەسچىتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلىش ياخشىدۇر.
2. بۇ ئىش ئولتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئۈچۈندۇر، ئەمما بىر كىشى مەسچىتكە كىرىپ، ئولتۇرماي چىقىپ كەتسە ئۇ كىشىگە ناماز ئادا قىلىش كېرەك بولمايدۇ.
3. ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرگەندە، كىشىلەر نامازغا تۇرغان بولسا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ نامازغا قىتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەسچىت ھۆرمىتى نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

(65091)

(158) – عن أَبِي هُرَيرةَ رضي الله عنه أنَّ رسول الله صلى الله عليه وسلمَ قال: «إذا قُلْتَ لِصَاحِبِكَ: أَنْصِتْ، يومَ الجمعةِ، والْإِمامُ يَخْطُبُ، فَقَدْ لَغَوْتَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(158) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنىدە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يېنىڭدىكى ھەمراھىڭغا: جىم تۇرغىن دېسەڭ، جۈمەنىڭ پەزىلىتىنى بىكار قىلغان بولىسەن».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە خۇتبىسىگە ھازىر بولغان كىشى ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان ئەدەپلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ: كۆڭۈل قويۇپ ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشاش، ۋەز نەسىھەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا باشقىلارغا :جىم تۇرۇڭ، خۇتبە تىڭشاڭ دېگەندەك سۆزنىمۇ قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق قىلغاندا جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. خۇتبە تىڭشاۋاتقاندا سۆز قىلىشنىڭ؛ گەرچە يامانلىقتىن چەكلەش، سالامغا جاۋاپ بېرىش ۋە چۈشكۈرگەن كىشىگە جاۋاپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بولغان تەقدىردىمۇ چەكلەندى.
2. بۇ چەكلىمىدىن ئىمامغا سۆز قىلغان ياكى ئىمام ئۇنىڭغا سۆز قىلغان كىشى ئىستىسنادۇر.
3. ئېھتىياجلىق بولغاندا ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىسىدا سۆز قىلسا بولىدۇ.
4. ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنسا سىز ئېيتىڭىز دە دۇرۇت-سالام يوللىسىڭىز شۇنىڭدەك دۇئا قىلسا ئامىن دېسىڭىز بولىدۇ.

(3107)

(159) – عن عمران بن حصين رضي الله عنه قال: كَانَتْ بِي بَوَاسِيرُ، فَسَأَلْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ الصَّلَاةِ، فَقَالَ: «صَلِّ قَائِمًا، فَإِنْ لَمْ تَسْتَطِعْ فَقَاعِدًا، فَإِنْ لَمْ تَسْتَطِعْ فَعَلَى جَنْبٍ».
[صحيح] - [رواه البخاري]

(159) – ئىمران بىن ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مېنىڭ بەۋاسىر كېسىلىم بار ئىدى، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن نامازنى قانداق ئوقۇش توغرىسىدا سورىسام ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :ئۆرە تۇرۇپ ئوقىغىن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ يېنى يېتىپ ئوقۇغىن.«»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەسلىدە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالمىغاندا ئولتۇرۇپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئولتۇرۇشقىمۇ قادىر بولالمىسا يېنىچە يېتىپ ئوقۇش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىنساننىڭ ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولىدىكەن ئۇ كىشىدىن ناماز ساقىت بولمايدۇ، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكۈلۈش قادىر بولالىغان ھالىتىگە كۆرە بولىدۇ.
2. ئىسلام دىنى بەك ئاسان ھەممىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانغا ئىبادەتنى قادىر بولالىغان ھالەتتە ئادا قىلىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى.

(10951)

(160) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «صَلَاةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ صَلَاةٍ فِيمَا سِوَاهُ إِلَّا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(160) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»مېنىڭ مۇشۇ مەسچىتىمدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشىدۇر«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مەسچىتىدە ناماز ئادا قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ پەيغەمبەر مەسچىتىدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ساۋاپ جەھەتتە، مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا زېمىندىكى ھەر قانداق مەسچىتتە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەرەم مەسچىتىدە ئوقۇلغان ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە ئوقۇلغان نامازدىن ئەۋزەلدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ھەرەم مەسچىتىدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە ئوقۇلغان نامازلارنىڭ ئەجىر-ساۋابى زىيادە بولىدۇ.
2. ھەرەم مەسچىتىدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ئۇنىڭ غەيرىدىكى بارلىق مەسچىتلەردە ئادا قىلىنغان يۈزمىڭ رەكەت نامازدىن ياخشىدۇر.

(65090)

(161) – عَنْ مَحْمُودِ بْنِ لَبِيدٍ رضي الله عنه: أَنَّ عُثْمَانَ بْنَ عَفَّانَ أَرَادَ بِنَاءَ الْمَسْجِدِ فَكَرِهَ النَّاسُ ذَلِكَ، وَأَحَبُّوا أَنْ يَدَعَهُ عَلَى هَيْئَتِهِ، فَقَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَنْ بَنَى مَسْجِدًا لِلهِ بَنَى اللهُ لَهُ فِي الْجَنَّةِ مِثْلَهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(161) – مەھمۇد بىن لەبىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :ئوسمان بىن ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنى كېڭەيتىپ ياسىماقچى بولغاندا كىشىلەر بۇنى ياقتۇرمىدى، مەسچىتنى ئەسلى ھالىتىدە قالدۇرۇشنى ياخشى كۆردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ:»**كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن بىر مەسچىت بىنا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە ئۇنىڭ ئوخششىنى بىنا قىلىدۇ**«دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

## شەرھىسى:

ئوسمان بىن ئەپپان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنى بۇرۇنقىدىن كېڭەيتىپ گۈزەل شەكىلدە قايتىدىن ياسىماقچى بولغاندا كىشىلەر بۇنى ياقتۇرمىدى، چۈنكى قايتا بىنا قىلغاندا مەسچىتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياسالغان شەكىللىرى ئۆزگىرىپ كېتەتتى .مەسچىتنىڭ تېمى قىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈستى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلغان ئىدى، لېكىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسچىتنى تاش ۋە گەج بىلەن ياساشنى مەخسەت قىلغان ئىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى سۆزلەپ» :كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەخسەت قىلىپ، رىيا قىلماستىن ۋە باشقىلارغا ئاڭلىتىشنى مەخسەت قىلماستىن مەسچىت بىنا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ تۈرىدىن ياخشى بولغان مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇ مۇكاپات بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر قەسىر بىنا قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. .مەسچىت ياساشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى
2. مەسچىتنى كېڭەيتىش ۋە رىمونۇت قىلىپ يېڭىلاشمۇ مەسچىت بىنا قىلغاننىڭ پەزىلىتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.
3. .بارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىشنىڭ ئەھمىيتى

(65089)

(162) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : «ما مِن صاحب ذَهب، ولا فِضَّة، لا يُؤَدِّي منها حقَّها إلا إذا كان يوم القيامة صُفِّحَتْ له صَفَائِحُ من نار، فَأُحْمِيَ عليها في نار جهنَّم، فيُكْوى بها جَنبُه، وجَبينُه، وظهرُه، كلَّما بَرَدَت أُعِيْدَت له في يوم كان مِقداره خمسين ألف سنة، حتى يُقْضَى بين العِباد فَيَرى سَبِيلَه، إما إلى الجنة، وإما إلى النار». قيل: يا رسول الله، فالإبْل؟ قال: «ولا صَاحِبِ إبل لا يُؤَدِّي منها حَقَها، ومن حقِّها حَلْبُهَا يوم وِرْدِهَا، إلا إذا كان يوم القيامة بُطِح لها بِقَاعٍ قَرْقَرٍ. أوْفَرَ ما كانت، لا يَفْقِد منها فَصِيلا واحِدَا، تَطَؤُهُ بِأخْفَافِهَا، وتَعَضُّه بِأفْوَاهِهَا، كلما مَرَّ عليه أُولاَهَا، رَدَّ عليه أُخْرَاهَا، في يوم كان مِقْداره خمسين ألف سنة، حتى يُقضى بين العباد، فَيَرَى سَبِيلَه، إما إلى الجنة، وإما إلى النار». قيل: يا رسول الله، فالبقر والغنم؟ قال: «ولا صاحب بقر ولا غَنَم لاَ يُؤَدِّي منها حقها، إلا إذا كان يوم القيامة، بُطِح لها بِقَاعٍ قَرْقَرٍ، لا يَفْقِد منها شيئا، ليس فيها عَقْصَاء، ولا جَلْحَاء، ولا عَضْبَاء، تَنْطَحُهُ بِقُرُونِها، وتَطَؤُهُ بِأظْلاَفِهَا، كَلَّمَا مَرَّ عليه أُولاَهَا، رَدَّ عليه أُخْرَاهَا، في يوم كان مِقداره خمسين ألف سنة حتى يُقضى بين العِباد، فَيَرَى سَبيلَه، إما إلى الجنة، وإما إلى النار». قيل: يا رسول الله فالخيل؟ قال: «الخَيل ثلاثة: هي لرَجُلٍ وِزْرٌ، وهي لرَجُل سِتْر، وهي لِرَجُلٍ أجْرٌ. فأمَّا التي هي له وِزْرٌ فَرَجُلٌ ربطَهَا رِيَاءً وَفَخْرًا وَنِوَاءً على أهل الإسلام، فهي له وِزْرٌ، وأما التي هي له سِتْرٌ، فرَجُل ربطَها في سبيل الله، ثم لم يَنْس حَقَّ الله في ظُهورها، ولا رِقَابِها، فهي له سِتْرٌ، وأما التي هي له أَجْرٌ، فرَجُل ربَطَها في سبيل الله لأهل الإسلام في مَرْج، أو رَوْضَةٍ فما أكلت من ذلك المَرْجِ أو الرَّوْضَةِ من شيء إلا كُتِبَ له عَدَدَ ما أَكَلَتْ حسنات وكتب له عَدَد أرْوَاثِهَا وَأبْوَالِهَا حسنات، ولا تَقْطَعُ طِوَلَهَا فَاسْتَنَّتْ شَرَفا أو شَرَفَيْنِ إلا كَتَب الله له عَدَد آثَارِهَا، وَأرْوَاثِهَا حسنات، ولا مَرَّ بها صَاحِبُها على نَهْر، فشَرِبَت منه، ولا يُرِيد أن يَسْقِيهَا إلا كَتَب الله له عَدَد ما شَرِبت حسنات» قيل: يا رسول الله فالحُمُرُ؟ قال: «ما أُنْزِل عليَّ في الحُمُر شيء إلا هذه الآية الفَاذَّة الجَامعة: ?فمن يعمل مثقال ذرة خيرا يره ومن يعمل مثقال ذرة شرا يره? [الزلزلة: 7 – 8]». [صحيح] - [متفق عليه]

(162) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى :»**ھەققىنى ئادا قىلمايدىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىگىسىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن لېگەنلەر ياسىلىپ، ئۇنى جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىگىسىنىڭ بىقىن، پېشانە ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ**«، بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، جەننەت ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگەنگە قەدەر، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، لېگەنلەر سوۋۇپ قالسا، قايتا قىزىتىلىپ تۇرىدۇ.- دېدى بەزىلەر :ئى رەسۇلۇللاھ !تۆگىنىڭچۇ؟ ـ دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :تۆگىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىمۇ قىيامەت كۈنى بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، جەننەت ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگۈچە، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، ئۇ كىشى كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىكتە تۆگىلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىنىدۇ، تۆگىلەر ئەڭ تولۇق ھالەتتە، بىر بوتىلاقنىمۇ يوقىتىپ قويماستىن، ئۇ كىشىنى دەسسەپ ۋە چىشلەپ ئۆتىدۇ، بېشىدا ئۆتۈپ بولغان تۆگىلەر چۆگىلەپ كېلىپ، ئارقىدىكى تۆگىلەرگە قوشۇلۇپ، توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ .تۆگىنى سۇغارغان كۈنى ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىپ مۇھتاجلارغا بېرىشمۇ تۆگىسى بار كىشىنىڭ ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك ھەققۇر، - دېدى .ساھابىلار :ئى رەسۇلۇللاھ !كالا ۋە قويلارچۇ؟ ـ دەپ سورىدى .پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :كالا ۋە قوينىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىمۇ قىيامەت كۈنى بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، جەننەت ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگۈچە، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، ئۇ كىشى بارلىق كالا ـ قويلانىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىلىدۇ، ئۇ كالا ۋە قويلار بىرسىمۇ كەم بولمايدۇ، ئىچىدە مۈڭگۈزى ئەگرى ياكى مۈڭگۈزى يوق ۋە ياكى مۈڭگۈزى سۇنۇقلىرى تېپىلمايدۇ، كالا ۋە قويلار ئۇ كىشىنى –مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ، تۇياقلىرى بىلەن دەسسەپ ئۆتىدۇ، بېشىدا ئۆتۈپ بولغان كالا قويلار چۆگىلەپ كېلىپ، ئارقىدىكى كالا–قويلارغا قوشۇلۇپ، توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ـ دېدى .ساھابىلار :ئى رەسۇلۇللاھ !ئاتچۇ؟ ـ دەپ سوراشتى .پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ئات ئۈچكە بۆلۈنىدۇ .بىرسى ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىرسى ئىگىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، يەنە بىرسى ئىگىسىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ .گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئاتنى ئىگىسى پەخىرلىنىش، رىيا قىلىش ۋە ياكى ئىسلام ئەھلىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن باقىدۇ .بۇنداق ئات ئۆز ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ .ھاجەتتىن چىقىدىغان ئاتنى ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن باقىدۇ، ھەمدە ئۇ ئاتنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بۇنداق ئات ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ .ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان ئاتنى ئىگىسى ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئاتنۇۋېتىدۇ .ئۇ ئات ئوتلاقلاردا قانچىلىك ئوت-چۆپ يېسە ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئەجىر بولىدۇ .قانچىلىك تېزەكلىسە ياكى قانچىلىك سىيسە، ئىگىسىگە

شۇنچىلىك ئەجىر بولىدۇ. ھەتتا باغلاقلىق يىپىدىن ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۇ دۆڭدىن-بۇ دۆڭگە چىپىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ھەر بىر ئىزىغا ۋە ھەر بىر تېزىكىگە ئاللاھ تائالا كۆپ ئەجىر بېرىدۇ. ئات ئىگىسىنىڭ ئاتنى سۇغۇرۇش نىيىتى يوق تۇرۇپمۇ، ئېتىنى سۇ بويىدىن ئۆتكۈزىۋاتقاندا، ئات ئۆزى ئىچىۋالغان سۈيىگىمۇ ئاللاھ تائالا ئەجىر بېرىدۇ، - دېدى. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! ئېشەكلەرچۇ؟ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: ماڭا ئېشەكلەر توغرىسىدا بۇ مول مەزمۇنلۇق ئايەتتىن باشقا ئايرىم ۋەھيى چۈشمىدى، دېگەن: «**كىمىكى زەررە چاغلىق ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىدۇ كىمىكى زەررە چاغلىق يامانلىق قىلسا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**» ئايەت [بەش(ھەيسە]

[(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ئىگە بولغان ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، قىيامەت كۈنى بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇ كىشى جەننەت ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگۈچە، بىر كۈنى ئەللىك مىڭ يىلغا توغرا كېلىدىغان شۇ كۈنلەردە، ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن لېگەنلەر ياسىلىپ، جەھەننەم ئوتلىرى بىلەن قىزىتىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ بىقىن پېشانە ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ، لېگەنلەر سوۋۇپ قالسا، قايتا قىزىتىلىپ تۇرىدۇ. ئالتۇن ۋە كۆمۈشلەرگە ھەر قانداق ئەھۋالدا زاكات كېلىدۇ. ئەگەر زاكاتنى بەرمىسە ئۇ كىشىنىڭ جازاسى يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھ بايان قىلغان شەكىلدە بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تۆگىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىمۇ شۇنداق، دېگەن، تۆگىسى بار كىشى ئاللاھ تائالا ۋاجىپ قىلغان زاكاتنى ۋە تۆگىنى سۇغارغان كۈنى ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىپ مۇھتاجلارغا بېرىشتەك ھەقلەرنى ئادا قىلمايدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە تاشلىنىدۇ. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: تۆگىلەر ئۇ كۈندە شۇ قەدەر چوڭكى، ئىگىسىنى دەسسەپ ئازابلاشتا ئېغىر ۋە كۈشلۈك بولۇپ پەيدا بولىدۇ. بېشىدا ئۆتۈپ بولغان تۆگىلەر چۆگىلەپ كېلىپ، ئارقىدىكى تۆگىلەرگە قوشۇلۇپ، توختىماستىن ئايلىنىپ، دەسسەپ تۇرىدۇ. بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى: بۇ كىشى بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ جەننەت ياكى دوزاخقا بولغان يولىنى كۆرگۈچە، ئەللىك مىڭ يىل ئىزچىل ئازابلىنىدۇ، - دېدى. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! كالا ۋە قويلارچۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: كالا ۋە قوينىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى بارلىق كالا-قويلانىڭ ئالدىغا كەڭ كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە تاشلاپ بېرىلىدۇ، كالا، قوي ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىگە تۆگىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىگە دېيىلگەن گەپلەر دېيىلىدۇ، - شۇنىڭدەك ئازابلاش ئېغىر بولۇش ئۈچۈن كالا-قويلار تولۇق مۈڭگۈزلۈك بولىدۇ

دېدى .ساھابىلار :ئى رەسۇلۇللاھ !ئاتچۇ؟ دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم :ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرسى ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىرسى ئىگىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، يەنە بىرسى ئىگىسىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ، دېدى .ئاندىن بۇ ئۈچ تۈرنى بايان قىلىپ بەردى .بىرىنچى تۈرى :گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئات، ئۇنى ئىگىسى ،پەخىرلىنىش، رىيا قىلىش ۋە ياكى ئىسلام ئەھلىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن باقىدىغان بولۇپ بۇنداق ئات ئۆز ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ .چۈنكى بۇ كىشى ئاتنى پەخىرلىنىش، رىيا قىلىش ۋە ياكى ئىسلام ئەھلىگە زىيان سېلىش ئۈچۈن باققان، قىيامەت كۈنى بۇ كىشىگە ئېغىر گۇناھ بولىدۇ .ئەمما ئىككىنچى تۈرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :ئۇ بولسىمۇ ھاجەتتىن چىقىدىغان ئات، ئىگىسى ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان، ھەمدە ئۇ ئاتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، يەنى بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئات بېقىپ، ئۇنىڭ بالىسى ۋە سۈتلىرىدىن پايدىلانسا، يۈك ئارتسا، كىراغا ئىشلەتسە ۋە شۇ ئىشلار ئارقىلىق كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمىسا، يۇقارقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بولسا بۇنداق ئات ئىگىسىنى پېقىرلىقتىن ساقلايدۇ .چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئۆزىدە يېتەرلىك بىر نەرسىسى بار تۇرۇپ، يەنە كىشىلەردىن خەير-ئېھسان تەلەپ قىلىشى ھارامدۇر . **»ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھەقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسا«** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاتنى ئاللاھ يولىدا مىنسە، ھاجىتى چۈشكەندە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتماي لايىقىدا يۈك ئارتىپ ماڭسا، ئاتنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا، ھەر تۈرلۈك تەھلىكىدىن ساقلىسا، ئات بۇ كىشىنى پېقىرلىقتىن ساقلايدۇ .رەسۇلۇللاھ ئۈچىنچى تۈرنى مۇنداق بايان قىلغان :ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان ئات :ئۇنى ئىگىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يايلاقتا باغلىغان بولۇپ، ئۇ ئات يايلاقلاردا قانچىلىك ئوت-چۆپ يېسە، ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئەجىر بولىدۇ .قانچىلىك تېزەكلىسە ياكى قانچىلىك سىيسە، ئىگىسىگە شۇنچىلىك ئەجىر بولىدۇ. ھەتتا ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۇ دۆڭدىن بۇ دۆڭگە چېپىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ھەر بىر ئىزىغا ۋە ھەر بىر تېزىكىگە ئاللاھ كۆپ ئەجىر بېرىدۇ .ئىگىسىنىڭ ئاتنى سۇغۇرۇش نىيىتى يوق تۇرۇپمۇ، سۇ بويىدىن ئۆتكۈزىۋاتقاندا، ئات ئۆزى ئىچىۋالغان سۇيىگىمۇ ئاللاھ ئەجىر بېرىدۇ، دېدى .يۇقارقى سۆزنىڭ مەنىسى :ئۇ كىشى ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد ئۈچۈن تەييارلىغان، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ئىگىسى جىھاد قىلسۇن ياكى ئۇ ئات بىلەن باشقىلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئاتتۇەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ ئاللاھ تائالا ئوخشاشلا ئەجىر بېرىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ :كىمكى مۇجاھىدنى قۇراللاندۇرسا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، دېگەن .بۇ كىشى ئېتىنى جىھاد ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان بولغاچقا، ئاتنىڭ يېگەن، ئىچكەن، تېزەكلىگەن ۋە سىيگەن ھەر بىر ئىشىغا ئاللاھ تائالا ئەجىر-ساۋاب يازىدۇ .چۈنكى **»ئاللاھ تائالا ھېچبىر بەندىسىگە زۇلۇم قىلمايدۇ«** دېگەن . **»ھەتتا ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۇ دۆڭدىن بۇ دۆڭگە چېپىپ**

**«يۈرگەن چاغلىرىدىكى ھەر بىر ئىزىغا ۋە ھەر بىر تېزىكىگە ئاللاھ كۆپ ئەجىر بېرىدۇ** يەنى بىر ئورۇندا ئوتلاش ئۈچۈن ۋە قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن باغلاپ قويۇلغان ئارقاننى ئۈزۈپ يىراق ئورۇنلارغا ئوتلاش ئۈچۈن كەتكەن بولسا ئاللاھ تائالا ئات ئىگىسىگە ھەر بىر ئىزى، تىزىگى ۋە سۈيدۈكىنىڭ سانىنىڭ مىقدارىدا ئەجىر بېرىدۇ. **«ئىگىسىنىڭ ئاتنى سۇغۇرۇش نىيىتى يوق تۇرۇپمۇ، سۇ بويىدىن ئۆتكۈزىۋاتقاندا، ئات ئۆزى ئىچىۋالغان سۈيىگىمۇ ئاللاھ ئەجىر بېرىدۇ»** يەنى ئۇ دەريا ياكى ئېرىقلاردىن ئىگىسى سۇغۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئات ئۆزى سۇ ئىچىۋالسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ئەجىر بېرىدۇ. چۈنكى بۇ كىشى ئىلگىرى ئېتىنى ئاللاھ يولىدا، دەپ نىيەت قىلغان، نىيەتنى ھەر بىر ئىشتا ئايرىم-ئايرىم قايتىلاش زۆرۈل، شەرت ئەمەس. بۇ كىشى ئۆيدىن چىققاندا باشقا ئىشقا نىيەت قىلمىغانلا بولسا ئىلگىرى قىلغان نىيىتى ھېساب بولىدۇ. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! ئېشەكلەرچۇ؟ دەپ سوراشتى. يەنى ئېشەكلەرنىڭ ھۆكمى يۇقارقى زاكات ۋاجىپ بولىدىغان ھايۋانلار ھۆكمىدە بولامدۇ ياكى ئاتنىڭ ھۆكمىدە بولامدۇ، دەپ سورىغاندا. رەسۇلۇللاھ: ماڭا ئېشەك ھەققىدە بۇ مول مەزمۇنلۇق ئايەتتىن باشقا ئايەت نازىل بولمىدى، دېگەن **«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»** دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان. يەنى ئېشەك ھەققىدە ئوچۇق بىر ئايەت نازىل بولمىدى، لېكىن بۇ ئايەت ھەممە ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئايەت، دېگەن. ھەقىقەتەن بۇ ئايەت بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى ئەڭ ئەرزىمەس، زەررىچىلىك نەرسىگە ئىنسان جازالانسا ياكى مۇكاپات بېرىلسە ئۇنىڭدىن كاتتا ۋە چوڭ بولغان ئىشلاردا ئەلۋەتتە جازا-مۇكاپات ئېغىر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«ئۇ قىيامەت كۈنىدە ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، ئۇلار ئۆزى بىلەن قىلغان يامان ئىشلىرى ئارىسىدا مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ»** ئال ئىمران سۈرىسى 30- ئايەت

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(6611)

(163) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ، وَمَا زَادَ اللهُ عَبْدًا بِعَفْوٍ إِلَّا عِزًّا، وَمَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ لِلهِ إِلَّا رَفَعَهُ اللهُ». [صحيح] - [ رواه مسلم]

(163) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ، ئاللاھ بەندىسىگە ئەپۇچانلىقنى زىيادە قىلىدىكەن ئۇ كىشى ئەزىز بولىدۇ، ئاللاھ ئۇچۈن كەمتەر بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللاھ تائالا يۇقىرى قىلىدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەدىقىنىڭ مالنى كېمەيتىۋەتمەيدىغانلىقىنى، بەلكى مالغا كېلىدىغان ئاپەتلەرنى يوق قىلىدىغانلىقى، مال ئىگىسىگە ئاللاھ كاتتا ياخشىلىقنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، سەدىقە قىلىش بىلەن مالنىڭ كېمەيمەستىن زىيادە بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ بەردى.

ئىنسان ئىنتىقام ئېلىشقا ياكى جازالاشقا قادىر بولۇپ تۇرۇغلۇق ئەپۇ قىلىۋەتسە ئەپۇچانلىق ئۇ كىشىگە ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى زىيادە قىلىدۇ.

ئىنسان بىر كىشىدىن قورقماستىن، خوشامەت قىلماستىن، بىرەر مەنپەئەت تەلەپ قىلماستىن پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپىتى ئۈستۈنلۈك ۋە شان-شەرەپ بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ياخشىلىق ۋە ئۇتۇق شەرىئەتكە بويسۇنۇش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بولىدۇ، گەرچە بەزى كىشىلەر بۇنىڭ ئەكسىنى ئويلىسىمۇ.

(5512)

(164) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «قَالَ اللّٰهُ: أَنْفِقْ يَا ابْنَ آدَمَ أُنْفِقْ عَلَيْكَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(164) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ» :ئى ئادەم بالىسى !نەپىقە قىلغىن، ساڭىمۇ نەپىقە قىلىنىدۇ«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ :»ئى ئادەم بالىسى !زۆرۈر بولغان ۋە زۆرۈر بولمىغان خەيرى-ئېھسانلارنى ئادا قىلغىن، ساڭا كەڭرىچىلىك قىلىپ بېرىمەن، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىمەن، ساڭا بەرىكەت بېرىمەن دەيدۇ«.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. سەدىقە قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
2. ياخشىلىق يوللىرىغا نەپىقە قىلىش بولسا رىزىققا بەرىكەت ۋە ھەسسىلەپ زىيادە بولۇشنىڭ كاتتا سەۋەبلىرىدىندۇر .ئاللاھ تائالا بەندە نەپىقە قىلغان نەرسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ.
3. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىدىن بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس قۇدسىي ياكى ھەدىس ئىلاھىي دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ھەدىسنىڭ لەپزى ۋە مەنىسى ئاللاھ تائالادىن، لېكىن بۇ تۆردىكى ھەدىس باشقا ھەدىسلەردىن پەرقلىق بولسىمۇ ئۇنىڭدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يوقتۇر .چۈنكى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ئىبادەت، تاھارەت بىلەن تۇتۇش، مۆجىزىلىك ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭ ئۆخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز لاشتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر يوقتۇر.

(5805)

(165) – عن أبي مسعود رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «إِذَا أَنْفَقَ الرَّجُلُ عَلَى أَهْلِهِ يَحْتَسِبُهَا فَهُوَ لَهُ صَدَقَةٌ». [صحيح] - [متفق عليه]

(165) – ئەبى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن» :ئىنسان ئۆز ئەھلىگە خەير-ئېھسان قىلىپ ئۇنىڭدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلسا بۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ :ئەر كىشى ئائىلىسىگە ۋە ئۆزى نەپىقە قىلىش كېرەك بولغان كىشىلەرگە يەنى ئايالى، ئاتا-ئانىسى، بالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىدىكى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى ۋە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ نەپىقە قىلسا ئۇ كىشىگە سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجىر-ساۋابى بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئائىلىسىگە نەپىقە قىلىش بىلەنمۇ ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.
2. مۆمىن ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئەجىر-ساۋاپلارنى تەلەپ قىلىدۇ.
3. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا نىيەتنى توغرىلاش كېرەك، ھەتتا ئائىلىسىگە نەپىقە قىلغاندىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك.

(6460)

(166) – عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه مرفوعاً: «الذهب بالذهب رِباً، إلا هَاءَ وَهَاءَ، والفضة بالفضة ربا، إلا هَاءَ وهَاءَ، والبُرُّ بالبُرِّ ربا، إلا هاء وهاء. والشعير بالشعير ربا، إلا هاء وهاء». [صحيح] - [متفق عليه]

(166) – ،ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئالتۇننى ئالتۇنغا ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ كۈمۈشنى كۈمۈشكە ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ، بۇغداينى بۇغدايغا ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ، ئارپىنى ئارپىغا ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ، دېگەن [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە :ئۆسۈم بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ – ساتقاندا قانداق قىلغاندا توغرا شەكىلدە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ .ئۇ بولسا، قانداق بىر ئادەم ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتسا، شۇ نەخ مەيداندا ھازىر بولۇشى ۋە مالنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە تاپشۇرۇۋېلىشى لازىم بولىدۇ .بۇ سودا پۇل ئالماشتۇرۇش تۈرىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن، نەخ مەيداندا تاپشۇرۇۋېلىش شەرت قىلىنىدۇ .كىمكى بۇغداينى ئارپىغا ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ،ئالماشتۇرسا، ئۇلار، ئۇ نەرسىلەرنى نەخ مەيداندا تاپشۇرۇۋالماستىن ئۇ يەردىن ئايرىلسا بۇ سودىنى بۇزىدىغان جازانە بارلىققا كەلگەن بولىدۇ .يەنى ئەگەر نەرسىلەرنىڭ تۈرى ئوخشاش بولسا، مەسىلەن :ئالتۇننى ئالتۇنغا ئالماشتۇرغاندەك، گەرچە ئۇنىڭ سۈپىتىدە پەرقى بولسىمۇ نەخ مەيداندا تاپشۇرۇۋېلىشى لازىمدۇر .ئەگەر تۈرى ئوخشىمىسا جازانە ئىللەتلىرى ئوخشاش بولسىمۇ نەخ مەيداندا تاپشۇرۋېلىش لازىم .ئەمما نەخ پۇلدا، ئالتۇن – كۈمۈشكە ئوخشاش ئېغىرلىقىنىڭ باراۋەر بولۇشى شەرت ئەمەس .ئەگەر جازانىدىن ئىبارەت ئىللەتتە ،ئوخشاش بولمىسا ياكى جازانە بولىدىغان مالنىڭ تۈرىدىن بولمىسا ھېچنېمە شەرت قىلىنمايدۇ بۇنداق ئەھۋالدا نىسى قىلىش ۋە كام - زىيادە قىلىشقا رۇخسەتتۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(5889)

(167) – عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: «فَرَضَ رسول الله صلى الله عليه وسلم صَدَقَةَ الفطر -أو قال رمضان- على الذَّكر والأنثى والحُرِّ والمملوك: صاعا من تمر، أو صاعا من شعير، قال: فَعَدَل الناس به نِصْفَ صَاعٍ مِنْ بُرٍّ، على الصغير والكبير».

وفي لفظ: « أن تُؤدَّى قبل خروج الناس إلى الصلاة» [صحيح] - [متفق عليه]

(167) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، خورما ياكى ئارپىدىن بىر سا سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن»رامىزاندا دېگەندەك رىۋايەتمۇ بار «بەزى ساھابىلەر ئارپا، خورمىنىڭ ئورنىغا بۇغداي بىرىم سا بەرگەن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن مەيلى چوڭ كىشى بولسۇن ئوخشاش .يەنە بىر ئىبارەتتە ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىش كېرەك دېگەن سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارلىق مۇسۇلمانلار سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلدى .شۇ كۈندە يەتكۈدەك ئۇزۇق-تۈلۈكى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرز قىلدى،چوڭ-كىچىك ئەر- ئايال، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خورما ياكى ئارپىدىن بىر سا سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن .مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەدىقە پىترنى ۋاجىپ قىلدى .بۇ مەسئۇلىيەت ئائىلە ئىگىسى ۋە باشلىقىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇ كىشى ئايال بالا-چاقىلار ۋە قۇللارنىڭ سەدىقە پىترىسىنى بېرىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4520)

(168) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ لَا يَقْبَلُ إِلَّا طَيِّبًا، وَإِنَّ اللهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِينَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسَلِينَ، فَقَالَ: {يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا، إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ} [المؤمنون: 51] وَقَالَ: {يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ} [البقرة: 172] ثُمَّ ذَكَرَ الرَّجُلَ يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ، يَمُدُّ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ، يَا رَبِّ، يَا رَبِّ، وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ، وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ، وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ، وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ، فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ؟.

[صحيح] - [رواه مسلم]

(168) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنى نېمىگە بۇيرىغان بولسا، مۆمىنلەرنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەرلەر ھالال نەرسىنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن» [سۈرە مۆئمىنۇن 51-ئايەت]. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆئمىنلەر بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار». ئاندىن كېيىن ئۇزۇن سەپەرگە چىققان چاچلىرى چۇۋۇق ۋە چاڭ توزاڭ بولغان، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئى پەرۋەردىگارىم، ئى پەرۋەردىگارىم، دەيدىغان بىر كىشىنىڭ مىسالىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ھارامدىن، كىيىم-كېچىكى ھارامدىن، ھارام يېگۈزۈلگەن تۇرسا قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن، دېدى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر، گۈزەل ۋە مۇكەممەل سۈپەت ئىگىسىدۇر، بەندە ئاللا تائالاغا ھارام يول بىلەن ياكى شۈبھە بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مالنى سەدىقە قىلىش، ئاللاھ يولىدا خىراجەت قىلىش ئارقىلىق، ياكى بۇزۇلغان ئاشلىقلارنى سەدىقە قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىشالمايدۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە قانداق بىر نەرسىلەرنى يېيىشنى دۇرۇس قىلغان بولسا، شۇ نەرسىنى مۆئمىن بەندىلىرىگىمۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە نېمىتىگە شۈكۈر قىلغان ئاساستا يېيىشنى دۇرۇس قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايان قىلىپ: ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆز يولىدا چىقىم قىلغۇچىلاردىن ھالال نەرسىلەرنى چىقىم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە شۇنىڭدەكلا ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمەل-ئىبادەتلەردىن شەرىئەت كۆرسەتكىنىنى ئىخلاس بىلەن قىلىش گۈزەل

بولىدۇ .رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممىتىنى ھارامدىن ئاگاھلاندۇرۇپ بىر كىشىنىڭ مىسالىنى تىلغا ئالغان، ئۇ كىشى ھەج، جىھاد ياكى تىرىكچىلىك يولىدا سەپەر قىلىدىغان، ئىبادەت ئۈچۈن قىلىنغان بۇ سەپەردە چاچلىرى چۇۋۇق، تويپا-تەرەت ھالدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ئۈنىڭغا يالۋۇرغان ھالدىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇ پۇلنى ھارامدىن تاپقان، يېمەك-ئىچمىكىمۇ ھارامدىن بولغانلىق سەۋەبىدىندۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4316)

(169) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**مَنْ أَنْظَرَ مُعْسِرًا، أَوْ وَضَعَ لَهُ، أَظَلَّهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تَحْتَ ظِلِّ عَرْشِهِ يَوْمَ لَا ظِلَّ إِلَّا ظِلُّهُ**». [صحيح] - [رواه الترمذي وأحمد]

(169) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**كىمكى قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە ياكى ئۈنىڭدىن قەرزنى ئۆتتۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەرزدارغا مۆھلەت بەرگەن ياكى ئۈنىڭدىن قەرزنى ئۆتتۈۋەتكەن كىشىنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى توغرىسىدا :ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قۇياش ئىنسانلارنىڭ بېشىغا يېقىن بولۇپ، ئۈنىڭ ھارارىتى كۈچلۈك بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى .بۇ كۈندە ئاللاھ سايىداتقان كىشىدىن باشقا ھېچ قانداق بىر كىشى سايىدايدىغان بىر سايە تاپالمايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاسانچىلىق يارىتىپ بېرىشنىڭ پەزىلىتى بولسا، ھەقىقەتەن بۇ قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

2. جازا-مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ تۈردىن بولىدۇ

(4186)

(170) – عن جابر رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «رَحِمَ اللَّهُ رَجُلًا سَمْحًا إِذَا بَاعَ، وَإِذَا اشْتَرَى، وَإِذَا اقْتَضَى». [صحيح] - [رواه البخاري]

(170) – جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ۋە ساتقاندىمۇ ۋە قەرز ئادا قىلغاندىمۇ كەڭ قورساق بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سودا-سېتىق ئىشلىرىدا سېخى، مەرد ۋە ئاسانلىق يارىتىپ بەرگۈچى ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلدى .سېتىۋالغۇچىغا باھادا قاتتىقلىق قىلماسلىق، چىرايلىق، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش .بىر نەرسە سېتىۋالسا سېخى، مەرد ۋە ئاسان پۈتتۈرىدىغان بولۇش، بېخىللىق قىلماسلىق ۋە مالنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك .باشقىلاردىن ھەققىنى تەلەپ قىلسىمۇ سېخى، مەرد ۋە ئاسان ،پۈتتۈرىدىغان بولۇش، كەمبەغەللەرگە ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە قاتتىقلىق قىلماسلىق .مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، قىيىنچىلىق بار كىشىگە مۆھلەت بېرىش

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى ياخشىلايدىغان ئىشلارنى ساقلاپ قىلىش شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن:
2. كىشىلەر ئارىسىدا ئىلىم-سېتىم ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرىنى قىلغاندا گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

(3716)

(171) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**كان رجلٌ يُدَايِنُ النَّاسَ، فكان يقول لفتاه: إذا أتيتَ مُعسِرًا فتجاوز عنه، لعل اللَّهَ يَتجاوزُ عنا، فلقي اللَّهَ فتجاوز عنه**». [صحيح] - [متفق عليه]

(171) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**بىر كىشى ئىنسانلارغا قەرز بېرىدىغان بولۇپ، قەرز سۈيلەيدىغان ۋاقىتتا خىزمەتچىلىرىگە :قىيىنچىلىق بار كىشى بولسا ئۆتۈۋەتكىن، ئاللاھ تائالامۇ چوقۇم بىزدىن خاتالىقلىرىمىزنى ئۆتۈۋېتىدۇ دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا ئۇچراشقاندا ئاللاھمۇ ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆتۈۋەتتى**«. سەھىھ(بەش شەرت [تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر بىلەن قەرز ۋە نىسى سودا مۇئامىلىسى قىلغان كىشى توغرىسىدا خەۋەر بەردى .ئۇ كىشى خىزمەتچىلىرىنى كىشىلەردىن قەرزنى يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى :قەرز ئادا قىلىدىغان كىشىنىڭ يېنىغا بارغىنىڭدا ئۇ كىشىدە كەمبەغەللىكتىن قەرز ئادا قىلغۇدەك بىر نەرسە بولمىسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەت، ياكى مەلۇم مۇددەت مۆھلەت بەرگىن، قەرزنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالمىغىن .ياكى ئاز بولسىمۇ بەرگەننى ئېلىپ، قالغىنىنى ئۇ كىشى ئۈيلىگىنىدەك ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆتۈۋېتىش ياكى بەزىسىنى بولسىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتىش كېرەك بولىدۇ .ئەگەر ۋاپات بولۇپ كەتسە ئاللاھ ئۇ كىشىدىن خاتالىقلىرىنى ئۆتۈۋېتىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ،كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش قىيىنچىلىقنى ئۆتۈۋېتىش بەندىنى قىيامەت كۈنىدە قۇرتۇلۇشنىڭ ئەڭ كاتتا سەۋەپلىرىدىندۇر.
2. ،كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىش خاتالىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدىغان سەۋەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىت قىلىش.

(172) – عن خَولة الأنصاريةِ رضي الله عنها قالت: سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول:
«إِنَّ رِجَالًا يَتَخَوَّضُونَ فِي مَالِ اللهِ بِغَيْرِ حَقٍّ، فَلَهُمُ النَّارُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(172) – خوۋلە ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «بىر تۈركۈم كىشلەر ئاللاھنىڭ ماللىرىنى توغرا بولمىغان يوللارغا تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدە ئۇلار دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈركۈم كىشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مال-مۈلكىنى قانۇنسىز يوللار بىلەن ئېلىپ، توغرا بولمىغان يوللارغا سەرپ قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ، بۇ مال-دۇنيانى ھالال بولمىغان يوللار ۋە كەسىپلەر بىلەن توپلاش، ئۇنى توغرا بولمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمى مەنانى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭ قاتارىغا يېتىمنىڭ، ۋەقپىنىڭ مال-مۈلكىنى يېۋېلىش، ئامانەتكە تېنىۋېلىش، ئومۇمنىڭ مېلىنى ھەقسىز ئېلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ كىرىدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭ ئاخىرەتتە دوزاخ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. كىشلەرنىڭ قوللىرىدىكى مال بولسا ئاللاھنىڭ مېلى بولۇپ، ئاللاھ ئۇ ماللارنى توغرا ئىشلارغا سەرپ قىلىش ۋە توغرا بولمىغان يوللارغا سەرپ قىلىپ بۇزۇپ-چېچىشتىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا ئىگە قىلدى، بۇ ھۆكۈم رەھبەرلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا بارلىق كىشلەرگە ئومۇمدۇر.

2. ئومۇمنىڭ مېلىنى شەرئەت قانۇنى كۈچلۈك قوغدايدۇ، كىمكى ئومۇمنىڭ مېلىدىن بىر نەرسىگە ئىگە بولىدىكەن، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ توپلىغان ۋە سەرپ قىلغان ھەممە ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

3. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى توغرا بولمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغانلارمۇ ھېساب ئېلىنىدىغان بۇ شەرئىي قانۇننىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

(173) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ صَامَ رَمَضَانَ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» [صحيح] - [متفق عليه]

(173) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن»: رامىزان روزىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھدىن ساۋاب ئۈمىت قىلىپ تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. [سەھىھ(بەش شەرت] [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، كىمكى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ، بۇ روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ ئاللاھ تائالانىڭ روزىدارلارغا تەييارلىغان كاتتا مۇكاپات ۋە ئىسىل ساۋابلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، باشقىلارغا ئاڭلىتىش ۋە كۆز-كۆز قىلماستىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ رامىزان روزىسى ۋە ياخشى ئەمەللەردىكى ئەھمىيتى.

(4196)

(174) – عن سهل بن سعد رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**إن في الجنة بابا يقال له: الرَّيَّانُ، يدخل منه الصائمون يوم القيامة، لا يدخل منه أحد غيرهم، يقال: أين الصائمون؟ فيقومون لا يدخل منه أحد غيرهم، فإذا دخلوا أغلق فلم يدخل منه أحد**» [صحيح] - [متفق عليه]

(174) – ،سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**جەننەتتە رەييان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن روزا تۇتقانلارلا كىرىدۇ، باشقىلار كىرەلمەيدۇ، روزا تۇتقۇچىلار قەيەردە؟دېيىلسە، روزا تۇتقۇچىلار ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇ ئىشىكتىن ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ، ئۇلار كىرىپ بولسا ئىشىك تاقىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىگە ئېچىلمايدۇ**« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى [ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

ھەدىسنىڭ مەنىسى :جەننەتتە روزا تۇتقۇچىلارغا خاس بولغان رەييان ئاتلىق بىر ئىشىك بولۇپ بۇ ئىشىكتىن ئۇلاردىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ، پەرز ۋە نەپلە روزىلارنى تولۇق تۇتقان ،كىشىلەرنى قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەر ئاشۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن چاقىرىدۇ ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىك تاقىلىپ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمگە ئېچىلمايدۇ

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3738)

(175) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ نَسِيَ وَهُوَ صَائِمٌ فأَكل أو شَرِب، فَلْيُتِمَّ صَوْمَهُ، فَإِنَّمَا أَطْعَمَهُ الله وَسَقَاهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(175) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن قانداق بىر روزا تۇتقۇچى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ-ئىچكەن بولسا، ئۇ روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى [ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

ئىسلام شەرىئىتى ئاسانلىق ۋە قۇلايلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، تەكلىپلەر ئىنسان تاقىتىگە قارىتا بولىدۇ، كۈچى يەتمىگەن ئىشلاردىن ئىنسان سورالمايدۇ .شۇنىڭ جۈملىسىدىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ۋە ياكى باشقا ئايلاردا يەپ-ئىچىپ قېلىپ ياكى روزىنى بوزىدىغان بىر ئىشنى ،سەھۋەنلىكتىن قىلىپ قالسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، روزىسى ساغلام بولىدۇ چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان ئەمەس .بىر كىشىنىڭ مەقسەتسىز ئۇنۇتقان ھالدا قىلغان ئىشى روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ .شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بېرىلگەندۇر

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(4525)

(176) – عن عائشة رضي الله عنها : «أن رسول الله صلى الله عليه وسلم كان يعتكف في الْعَشْرِ الْأَوَاخِرِ من رمضان، حتى توفاه الله عز وجل ، ثم اعتكف أزواجه بعده».

وفي لفظ «كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يَعتكِفُ في كلِّ رمضان، فإذا صلى الغَدَاةَ جاء مكانه الذي اعْتَكَفَ فيه». [صحيح] - [الرواية الأولى متفق عليها الرواية الثانية رواها البخاري]

(176) – ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاپات تاپقۇزغۇچە رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدە ئېتىكاپتا تۇراتتى، پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئاياللىرىمۇ ئېتىكاپ قىلىشتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر رامىزاندا ئېتىكاپتا تۇراتتى، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا ئېتىكاپتا تۇرىدىغان جايىغا كېلەتتى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس) [(سەھىھ بولىدۇ- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى) [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ كېچىنى ئىزدەپ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدە ئېتىكاپتا تۇرغانلىقىنى، بۇ ئىشنى ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاپات تاپقۇزغۇچە داۋاملاشتۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغانلىقىغا ۋە بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس ئەمەسلىكىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئاياللىرىنىڭمۇ ئېتىكاپ قىلغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇئا تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىش يۈزىسىدىن ئېتىكاپتا تۇرىدىغان جايىغا كىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەلۋەتتە مەلۇم بىر ئىبادەتكە ۋاقىت ئاجرىتىش، ئىنسانلاردىن ئالاقىلىرىنى ئۈزمەي تۇرۇپ بولمايدۇ. تەيسىرىل ئەللام -تەنبىھۇل ئەفھام )3- توم، 476- بەتلەر(، تەئسىسۇل ئەھكام )3- توم، 296 ،(بەت -351 بەت)

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(4495)

(177) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا دَخَلَ العَشْرُ أَحْيَا الليلَ، وأَيْقَظَ أَهْلَهُ، وَجَدَّ وَشَدَّ المِئْزَرَ. [صحيح] - [متفق عليه]

(177) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى :پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە كېچىچە ئىبادەت قىلاتتى، ئائىلىسىنى نامازغا ئويغىتاتتى ۋە ھىممەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ ئىبادەتتە تىرىشچانلىق قىلاتتى سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە كېچىنى تولۇق ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئائىلىسىنى نامازغا ئويغىتاتتى ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىن بەكرەك ئىبادەتتە چىڭ تۇراتتى، ھەم ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولمايتتى

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4944)

(178) – عن أبي سعيد الخُدْرِي رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : «**من صام يومًا في سبيل الله بَعَّدَ الله وجهه عن النَّار سَبْعِين خريفا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(178) – ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :كىمكى ئاللاھ يولىدا بىركۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق مۇساپىدە يىراقلىقتا قىلىدۇ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ :كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدىكى جىھاد جەريانىدا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ بىر كۈن روزا تۇتسا، ئۇنىڭ

مۇكاپاتى ئۇچۇن ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوزاختىن 70 يىللىق مۇساپە يىراقلاشتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ جىھادتىكى مۇشەققەت بىلەن روزا مۇشەققىتىنى تەڭ تارتتى. ئۇ كىشىنى دوزاختىن يىراقلاشتۇرۇش جەننەتكە يېقىنلاشتۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ، ئاخىرەتتە پەقەت ئىككى يوللا بار يا جەننەت يا دوزاخ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4436)

(179) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: «**أوصاني خليلي صلى الله عليه وسلم بثلاث: صيام ثَلاثَةِ أَيَّامٍ من كل شهر، وَرَكْعَتَيِ الضُّحَى، وأن أُوتِرَ قبل أن أنام**». [صحيح] - [متفق عليه]

(179) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىس شەرىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچ ئالى يوليۇرىقنى ئۆزئىچىگە ئالغان بىرىنچى: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇش، چۈنكى ياخشىلىقنىڭ ساۋابى10ھەسسە بولىدۇ، ئۈچ كۈن روزا تۇتقانلىق ئوتتۇز كۈنگە باراۋەردۇر. ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك ئاينىڭ13-14-15 كۈنلىرىدە تۇتۇلغان روزا ياخشىدۇر. ئىككىنچى: چاشگاھ نامىزى ئوقۇش خۇسۇسەن كېچىدىكى نامازنى ئوقۇيالمايدىغانلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەڭ ئىزى ئىككى رەكئەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرەگە ئوخشاش، ئۇ كىشى كېچىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى كۈن نۇرى يەرنى قىزىتقان ۋاقتىدۇر. ئۈچىنجى: كېچىسى تۇرۇپ ناماز ئوقۇمايدىغان كىشى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر ئوقۇپ يېتىشى كېرەك

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4538)

(180) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم «تَسَحَّرُوا؛ فإن في السَّحُورِ بَرَكَة». [صحيح] - [متفق عليه]

(180) – ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :سوھۇرلۇق يەڭلار !ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا بەرىكەت باردۇر
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام روزا تۇتۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن سوھۇرلۇق )يەنى تاڭ ئېتىشنىڭ ئالدىدىكى يېيىش ۋە ئىچىش (يېيىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلاھى ھىكمىتىنى بايان قىلىدۇ، بۇنىڭدىكى ھىكمەت بەرەكەتنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر .بۇ بەرەكەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .سوھۇرلۇقنىڭ بەرىكىتىدىن كۈندۈزى ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئوزۇقلۇنۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالامغا ئەگىشىشتىن ھاسىل بولىدىغان ساۋاپ ۋە ئەھلى كىتاپقا ئوخشاپ قالماسلىقتىن ئىبارەتتۇر .يەنە بۇنىڭ بەرىكىتىدىن :كىشى سوھۇرلۇققا تۇرسا، بەلكى نەپلە ناماز ئوقۇشى، ياكى ئۆزى بىلىدىغان بىرەر ھاجەتمەنگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن، بەلكى قۇرئان ئوقۇشى مۇمكىن .يەنە بۇ سوھۇرلۇقنىڭ بەرەكەتلىرىدىن :ئەگەر بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلسا بۇ ئىبادەتتۇر .ئاللاھ تائالانىڭ بۇ شەرىئەتنى نۇرغۇنلىغان ھىكمەت ۋە سىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر .يەنە بۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ پايدىلاردىن بىرى :بامدات نامىزىغا ئويغۇنۇش، شۇڭا سوھۇرلۇقتىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىپ بامدات نامىزى قازا بولماسلىقى ئۈچۈن، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يېيىشكە بۇيرۇدى، بۇ سوھۇرلۇق يېمىگەنلەرگە ئوخشىمايدۇ .مانا بۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئىشتۇر .سوھۇرلۇق سەۋەبىدىن، باشقا ئايلارغا قارىغاندا رامىزان ئېيىدا بامدات نامىزىدىكى جامائەتلەر كۆپ بولىدۇ .تەيسىيرىل ئەللام 317- بەت، تەنبىھۇل ئەفهام 3- توم 417- بەت، تەئسىسۇل ئەھكام 3- توم217- بەت

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(4498)

(181) – عن أبي عبيد، مولى ابن أزهر، قال: شهدت العيد مع عمر بن الخطاب رضي الله عنه ، فقال: هذان يومان نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن صيامهما: يوم فطركم من صيامكم، واليوم الآخر تأكلون فيه من نُسُكِكُم. [صحيح] - [متفق عليه]

(181) – ئىبنى ئەزھەرنىڭ ئازاتگەردىسى ئەبى ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ :مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر ھېيت نامىزىنى بىللە ئوقۇدۇم، ئۇ خۇتبىدە مۇنداق دېدى :رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشتىن توسقان، رامىزان روزىسىدىن ئېغىز ئاچقان كۈندە، يەنە بىر كۈن بولسا، قۇربانلىق قىلغان گۆشنى يەيدىغان كۈندە [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە [مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ئىككى كۈننى مۇسۇلمانلارغا ھېيت قىلىپ بېكىتىپ بەردى، ئۇنىڭ ھەر بىرى دىنى ئەھكاملار بىلەن باغلانغان بولۇپ، روزا ھېيت بولسا، رامىزان روزىسىنىڭ تۈگىشىگە باغلانغان .بۇ كۈندە مۇسۇلمان روزىنى تولۇق تۇتۇش نېمىتىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا رەھمەت ئېيتىپ، ئېغىز ئېچىپ تەبرىكلەيدۇ ۋە روزىدىن كېيىن ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئېغىز ئېچىش نېمىتىنى نامايەن قىلىدۇ. **»ئاغزىڭلار ئوچۇق يۈرگەن، كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى سىلەرنى ھىدايەت قىلغان ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىشىڭلارنى ۋە نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ«** زارىيات سۈرىسى17-ئايەت .ئىككىنچى كۈن بولسا ئۇ قۇربان ھېيت كۈنى، قۇربانلىق قىلىش ھەجگە ھەدىيە ئېلىپ كېلىش ئىشلىرىغا باغلانغان .كىشىلەر بۇ كۈندە ھەجگە ھەدىيە ھەيدەپ كېلىدۇ، قۇربانلىق قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىش ئارقىلىق نامايەن قىلىدۇ .شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىككى كۈندە مۇسۇلمان كىشىگە ئېغىز ئېچىش ۋاجىپ، ئۇ كۈندە روزا تۇتۇش ھارامدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4527)

(182) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: **«مَنْ يَقُمْ لَيْلَةَ الْقَدْرِ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ»** [صحيح] - [متفق عليه]

(182) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».** [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە [مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە بولىدىغان قەدىر كېچىسى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ :كىمكى قەدىر كېچىسىدە دۇئا، ناماز، قۇرئان تىلاۋىتى، زىكىر-تەسبىھ قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلسا، چىن دىلىدىن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كەلگەن خەۋەرلەرگە ئىشەنسە، ئەمەلدە رىيا قىلماستىن ۋە باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلماستىن پەقەت ئاللاھ تائالادىن ساۋاپ ئۈمىد قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇ كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش.
2. ياخشى ئەمەللەر پەقەت سەمىمى نىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ.
3. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن» :كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھدىن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

(4202)

(183) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «مَنْ حَجَّ لِلهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(183)– ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغان كىشى ھەجگە بېرىپ قايتقىچە ناچار گەپ-سۆز ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىدەك گۇناھدىن پاك بولغان ھالەتتە قايتىدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا] [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغىلى چىققان كىشىنىڭ ناچار گەپ-سۆزلەر، شەھۋانى سۆز-ھەرىكەتلەردىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. پىسقى-پۇجۇر دېگەندىن: ئېھراملىق ھالىتىدە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش دېگەن بولۇپ، بۇ شەكىلدە ھەج قىلغان كىشى خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك مەسۇم ھالەتتە قايتىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پىسقى-پۇجۇر قىلىش ھەرقانداق ھالەتتە چەكلەنگەن بولسىمۇ ھەج پائالىيىتىنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن ھەج قىلىش جەريانىدا ئالاھىدە چەكلىنىدۇ.
2. ئىنسان دۇنياغا كۆز ئاچقاندا مەسۇم، گۇناھدىن پاك ھالەتتە دۇنياغا كېلىدۇ. باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

(2758)

(184) – عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما : «أن تَلْبِيَةَ رسول الله صلى الله عليه وسلم : لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لبيك لا شريك لك لبيك، إن الحمد والنعمة لك والملك، لا شريك لك».

قال: وكان عبد الله بن عمر يزيد فيها: «لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ، والخير بيديك، وَالرَّغْبَاءُ إليك والعمل». [صحيح] - [متفق عليه]

(184) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج ۋە ئۆمرىدىكى تەلبىيەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ-سانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق پەقەت ساڭىلا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر .ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر يۇقىرىدىكى تەلبىيەگە تۆۋەندىكى بۇ سۆزلەرنى قېتىپ دېيىتتى :مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئەمرىڭگە تەييارمەن، ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر ئۈمىد ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەر پەقەت سەن ئۈچۈندۇر .ئىخلاس ۋە ساۋاب جەھەتتىن ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ قارارگاھى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدۇر [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج ۋە ئۆمرىدىكى تەلبىيەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق.بۇ تەلبىيە ئاللاھ تائالانىڭ ھەجگە چاقىرغان چاقىرقىغا ،ئاۋاز قوشقانلىقنىڭ بەلگىسى ۋە قايتا-قايتا ئاۋاز قوشۇش ۋە ئىخلاس قىلىش ۋە يۈزلىنىش ئۇنىڭغىلا ھەمدۇ سانا ئوقۇش، جىمى نېمەت ئۇنىڭدىنلا دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئۇ ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر.ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر يۇقىرىدىكى تەلبىيەگە تۆۋەندىكى بۇ سۆزلەرنى قېتىپ دېيىتتى :مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ يارديمىڭ بىلەن ئەمرىڭگە تەييارمەن، ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر ئۈمىد ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەر پەقەت سەن ئۈچۈندۇر .ئىخلاس ۋە ساۋاب جەھەتتىن ئەمەل ئىبادەتلەرنىڭ قارارگاھى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4535)

(185) – عن ابن عباس رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**ما مِنْ أيَّامٍ العمَلُ الصَّالِحُ فيها أحبُّ إلى اللهِ مِن هذه الأيام**» يعني أيامَ العشر، قالوا: يا رسُولَ الله، ولا الجهادُ في سبيلِ الله؟ قال: «**ولا الجهادُ في سبيلِ الله، إلا رجلٌ خَرَجَ بنفسِه ومالِه فلم يَرْجِعْ من ذلك بشيءٍ**». [صحيح] - [رواه البخاري وأبو داود، واللفظ له]

(185) – ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىنمۇ بەكرەك ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل يوقتۇر، ساھابىلار :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام» :ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل، لېكىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ يولىدا چىقىپ قايتمىغان بولسا بۇنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ ئەلۋەتتە،«** دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى، يىلنىڭ باشقا كۈنلىرىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن :بۇ ئون كۈندىن باشقا ۋاقىتتا ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادنىڭ ئەجىر-ساۋابى ئەۋزەلمۇ ياكى مۇشۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر ساۋابى ئەۋزەلمۇ؟ دەپ سورىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ھەممە ئەمەللەردىن ئەۋزەل دېگەن ئۇقۇم ئورۇنلاشقان ئىدى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ :مۇشۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى بۇ ئون كۈننىڭ غەيرىدە قىلىنغان جىھادتىنمۇ ئەۋزەل بولىدىغانلىقى، لېكىن بىر كىشى ئاللاھ يولىدا مېلى بىلەن ئۆزىنى خەتەرگە تەييارلاپ جىھادقا چىقىپ، مېلىنى چىقىم قىلىپ ئۆزى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن بولسا بۇنىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى .مۇشۇنداق قىلسا بۇنىڭ ئەجىر-ساۋابى مۇشۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن كاتتا بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمان كىشى بۇ كۈنلەرنى غەنىمەت بىلىپ، تائەت-ئىبادەتلەرنى، زىكىر -تەسبىھلەرنى، قۇرئان تىلاۋىتى، تەكبىر، تەھلىل، تەمھىد ناماز، سەدىقە، روزا قاتارلىق ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشى كېرەك.

(6255)

(186) – عن الحسن بن علي بن أبي طالب رضي الله عنهما قال: حفظت من رسول الله -صلى الله عليه وآله وسلم-: «دَعْ ما يَرِيبك إلى ما لا يَرِيبك». [صحيح] - [ رواه الترمذي والنسائي وأحمد والدارمي]

(186) – ھەسەن ئىبنى ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن :سېنى شەكتە قويغان ئىشنى تاشلاپ، كۆڭلۈڭ ئارام تاپقان ئىشنى قىلغىن سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نەسائىي"سۈنەن نەسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

مۆئمىن كىشى بىلمەي ھارامغا چۈشۈپ قىلىشتىن ئەنسىرىگەن جەھەتتىن ھالاللىقىدا شۈبھىلەنگەن نەرسىنىمۇ قىلماسلىقى كېرەك .بەلكى بىر ئاز شۈبھى بار نەرسىلەرنى تاشلاپ تامامەن ھالاللىقىغا ئىشەنگەن قەلبى، كۆڭۈل-كۆكسى خاتىرجەم بولغان ئىشلارغا يۈزلىنىشى، ھارام ۋە شۈبھىلىك سەۋەبىدىن ئىككىلىنىش بولغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4564)

(187) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِنَّ اللَّهَ لَا يَنْظُرُ إِلَى صُوَرِكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ، وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَى قُلُوبِكُمْ وَأَعْمَالِكُمْ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(187) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكلىڭلار ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ دىلىڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ.«
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە :ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئۇ چىرايلىقمۇ ياكى سەتمۇ؟، چوڭمۇ ياكى كىچىكمۇ؟، ساقمۇ ياكى كېسەلمۇ؟ دەپ شەكلىگە ۋە جىسىملىرىگە قارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ .ئۇلارنىڭ ماللىرىغا قارىمايدۇ، كۆپمۇ ياكى ئازمۇ؟ دەپ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلاردا پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن جازا بەرمەيدۇ ياكى مۇكاپاتلىمايدۇ، شۇنداقلا ھېساب ئالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قارايدۇ شۇنداقلا دىلىدىكى ئىشەنچ، تەقۋادارلىق، راستچىللىق، سەمىمىيلىك ۋە ئىخلاسقا ياكى رىياخورلۇق، باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش تەرەپلىرىگە، ئىشنىڭ توغرا بولغان ياكى بولمىغان تەرەپلىرىگە قارايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. دىلنى ئىسلاھ قىلىپ، بارلىق يامان ئىللەت، سۆكەلگۈچى سۈپەتلەردىن پاك تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
2. دىلنىڭ ئىخلاس بىلەن ساغلام بولۇشى، ئەمەللەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىش، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئەھمىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ.
3. ئىنسان ئۆزىنىڭ مېلى، جىسمى، گۈزەللىكى ۋە مۇشۇ دۇنيانىڭ كۆرۈنىشىدىن بولغان نەرسىلەرگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك.
4. قەلبنى تۈزەتمەي تۇرۇپ سىرتقى كۆرۈنۈشنىڭ شەكلىگە تايىنىۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

(188) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قال: قال رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم: «**إِنَّ اللهَ يَغَارُ، وَإِنَّ الْمُؤْمِنَ يَغَارُ، وَغَيْرَةُ اللهِ أَنْ يَأْتِيَ الْمُؤْمِنُ مَا حَرَّمَ عَلَيْهِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(188) – ئەبۇ: ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كۈنلەيدۇ، مۇئمىنمۇ كۈنلەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۈنلىشى بولسا، مۇئمىننىڭ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشقا يېقىنلىششىدىن ئىبارەتتۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ كۈنلەيدىغانلىقى، غەزەپلىنىدىغانلىقى، ئۆچ كۆرۈدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ كۈنلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مۆمىن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھارام قىلغان زىنا، بەچچىۋازلىق، ئوغۇرلۇق، ھاراق ئىچىش قاتارلىق پاھىشە ئىشلارغا يېقىنلىششىدىن ئىبارەتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلغاندا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ۋە ئازابىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

(3354)

(189) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**اجْتَنِبُوا السَّبْعَ الْمُوبِقَاتِ**»، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا هُنَّ؟ قَالَ: «**الشِّرْكُ بِاللهِ، وَالسِّحْرُ، وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلَّا بِالْحَقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وَقَذْفُ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ الْغَافِلَاتِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(189) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پەيغەنبەر ئەلەيھىسسالام: »**ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار**« دېگەندە، سەھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ نېمىلەردىن ئىبارەت؟ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: »**ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش ئۇرۇش مەيدانىدىن بۇرۇلۇپ قېچىش، ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، پاك ئىپپەتلىك مۇئمىنە ئايالغا بۆھتان چاپلاش**« قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دېدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا]

[(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك جىنايەت ۋە گۇناھلاردىن يىراق بولۇشقا بۇيرىدى، ئۇ ئىشلار قايسى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت دېدى:

بىرىنچى: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولسا؛ قايسى شەكىلدە بولسۇن ئاللاھنىڭ ئوخشىشى بار، باراۋىرى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش، ھەر قانداق ئىبادەتنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەدىستە؛ شېرىك لەپزىنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلىشى بولسا ئۇ گۇناھلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

ئىككىنچى: سېھىر، )سېھىر دېگەن: چېگىك چېگىش، بىر نەرسىگە سۈپلەش، ئۆت-چۆپ دورىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە تۈتۈن چېقىرىش قاتارلىقلار (سېھىر سېھىرە قىلىنغۇچىغا ماددى ۋە مەنىۋىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەر-ئايالنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش دېگەندەك ئىشلارغا سەۋەپ بولىدۇ، بۇ شەيتانى ئەمەل بولۇپ، بۇنى قىلىدىغانلار كۆپ ھالەتلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، پاسكىنا روھلار ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ.

ئۈچىنچى: ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈش. لېكىن شەرئى مەھكەمەدىن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان كىشىنى ھاكىمنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئۆلتۈرسە بولىدۇ.

تۆتىنچى :جازانە قىلىش، ئۇنى يېسۇن ياكى باشقا تەرەپلەردىن پايدىلانسۇن ئوخشاشلا هارامدۇر.
بەشىنچى :ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ مال-مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىش.
ئالتىنچى :كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان مەيداندىن قېچىش.
يەتتىنچى :ئىپپەتلىك هۆر پاك ئايالغا، شۇنىڭدەك ئىپپەتلىك پاك ئەرگە بوهتان چاپلاش.

## هەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ،چوڭ گۇناهلار بۇ يەتتە ئىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، هەدىستە بۇنىڭغا خاس قىلىش بولسا بۇ يەتتە ئىشنىڭ خەتىرى ۋە جىنايىتىنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدىندۇر.
2. قىساس ئېلىش ئۈچۈن، مۇرتەدنى ۋە توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆلتۈرۈشكە هەقلىق بولغان ئىنسانلارنى، شەرئى هۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن هاكىم ئۆلتۈرسە دۇرۇس بولىدۇ.

(3331)

(190) – عن أبي بكرة رضي الله عنه قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم: «**أَلَا أُنَبِّئُكُمْ بِأَكْبَرِ الْكَبَائِرِ؟**» ثَلَاثًا، قَالُوا: بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ، قَالَ: «**الْإِشْرَاكُ بِاللهِ، وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ**» وَجَلَسَ وَكَانَ مُتَّكِئًا، فَقَالَ: «**أَلَا وَقَوْلُ الزُّورِ**»، قَالَ: فَمَا زَالَ يُكَرِّرُهَا حَتَّى قُلْنَا: لَيْتَهُ سَكَتَ. [صحيح] - [متفق عليه]

(190) – ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :سىلەرگە گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ساھابىلار :ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى !خەۋەر بەرسىلە دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش «دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرغان بولۇپ بۇ سۆزنى دەپ بولغاندىن كېيىن تىك ئولتۇرۇپ :«**يالغان سۆز قىلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار**« دەپ، بۇ سۆزنى كۆپ تەكرارلىدى، ھەتتا بىز :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىغان بولسىكەن دەپ قالدۇق.« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بېرىپ تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك گۇناھنى زىكىر قىلدى:

1-ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش :بۇ ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىدىن قايسى بىر تۈرىنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا، پەرۋەردىگارلىقىغا، گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىدە يېگانىلىقىغا ئاللاھنىڭ غەيرىنى باراۋەر قىلىش دېمەكتۇر.

2-ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش :بۇ ئاغزاكى ياكى ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن بولسۇن ئاتا-ئانىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەرك قىلىش دېمەكتۇر.

3-يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش :باشقىلارنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش، ھەق-ھوقۇق، يۈز ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىش دېگەندەك باشقىلارنى چۈشۈرۈش مەقسەت قىلىنىدىغان يالغان ۋە ئويدۇرما سۆزلەردىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغان، ئويدۇرما سۆزنىڭ قەبىھلىكى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە بولغان سەلبى تەسرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى تەكرار سۆزلىدى، ھەتتا ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ چەكلىگەن ئىشنى ئۈچ كۆرۈپ كاشكى توختىغان بولسا ئىكەن دېيىشتى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. گۇناھنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېرىكنى چوڭ گۇناھنىڭ بېشى ۋە ئەڭ كاتتىسى دەپ بېكىتتى .رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتى تەكىتلەيدۇ :﴿إن الله لا يَغْفِرُ أن يشرَكَ به وَيَغْفِرُ مَا دونَ ذَلِكَ لِمَنْ يشَاء﴾ تەرجىمىسى :**»ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەننى كەچۈرمەيدۇ، شېرىكتىن باشقا گۇناھلارنى خالىغان كىشىدىن مەغپىرەت قىلىدۇ«.**

2. ئايەتتە ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بىلەن بىرگە زىكىر قىلىنغانلىقى ،ئۈچۈن، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈستىدىكى ھەققى بۈيۈكتۇر

3. گۇناھلار چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، چوڭ گۇناھ دېگەن :دۇنيادا ئازابلىنىدىغان، لەنەتكە ئۇچرايدىغان جازا بېكىتىلگەن ياكى ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىش بىلەن ئازاب ۋەدە قىلىنغان گۇناھلاردۇر .چوڭ گۇناھلارنىڭ ھاراملىق دەرىجىسى بىربىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ .چوڭ گۇناھلاردىن باشقىلىرى كىچىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

(2941)

(191) – عن عبد الله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**الْكَبَائِرُ: الْإِشْرَاكُ بِاللهِ، وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ، وَقَتْلُ النَّفْسِ، وَالْيَمِينُ الْغَمُوسُ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(191) – ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :**»چوڭ گۇناھلار :ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ھەقسىز جاننى ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم قىلىش«.** [سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت [قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىغا دۇنيا-ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغان گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەۋۋىلى :ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر :ئۇ بولسا، ئىبادەتنىڭ ،تۈرلىرىدىن قايسى بىر تۈرىنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا پەرۋەردىگارلىقىغا، گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرىگە ئاللاھنىڭ غەيرىنى باراۋەر قىلىش دېمەكتۇر.

ئىككىنچىسى :ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش :بۇ ئاغزاكى ياكى ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن بولسۇن ئاتا-ئانىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەرك قىلىش دېمەكتۇر.

ئۈچىنچىسى :باشقىلارغا زۇلۇم ياكى دۈشمەنلىك قىلىپ بولسۇن ھەقسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش.

تۆتىنچىسى :ئۇ ساھىبىنى چۆكتۈرىۋېتىدىغان قەسەم :ئۇ بىلىپ تۇرۇپ يالغان قەسەم قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ئاتىلىشى بۇ شەكىلدىكى قەسەم، قەسەم قىلغۇچىنى گۇناھقا ياكى دوزاخ ئازابىغا چۆكتۈرىۋېتىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. يالغان قەسەم قىلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر ۋە خەتىرى كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كاپارەت يوق، پەقەت تەۋبە قىلىش لازىم بولىدۇ.
2. ھەدىستە چوڭ گۇناھدىن تۆرتىنلا زىكىر قىلىش بولسا، ئۇنىڭ تۆرت تۈرلۈك بىلەنلا توختىتىش ئەمەس بەلكى بۇ تۆرت چوڭ گۇناھنىڭ ھەممىدىن ئېغىر بولغانلىقىدۇر.
3. گۇناھلار چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، چوڭ گۇناھ دېگەن :دۇنيادا جازاسى بېكىتىلگەن، لەنەتكە ئۇچرايدىغان ياكى ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىش بىلەن ئازاب ۋەدە قىلىنغان گۇناھلاردۇر .چوڭ گۇناھلار ھارامىلىقتا بەزىسى بەزىسىدىن پەرقلىق ۋە ئېغىر بولىدۇ .چوڭ گۇناھلاردىن باشقىلىرى كىچىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

(3044)

(192) – عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ مَسْعُودٍ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «أَوَّلُ مَا يُقْضَى بَيْنَ النَّاسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فِي الدِّمَاءِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(192) – ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەر – ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ قان قىساس مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ] [(بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار ئارىسىدا بەزىسىنىڭ بەزىسىگە قىلغان زۇلمى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۆلتۈرۈش ۋە جاراھەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت قان-قىساس مەسىلىسىگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. قان-قىساس ئىشى كاتتا بولغاچقا، دەسلەپتە شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ.
2. گۇناھنىڭ كاتتا بولۇشى، ئۇنىڭ يۇز بېرىشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان بۇزۇقچىلىقنىڭ كاتتىلىقىغا كۆرە بولىدۇ. پاك بىر جاننى ئۆلتۈرۈش ئەڭ كاتتا گۇناھتۇر، گۇناھنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كۇپۇرلۇقتۇر.

(2962)

(193) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**مَنْ قَتَلَ مُعَاهَدًا لَمْ يَرَحْ رَائِحَةَ الْجَنَّةِ، وَإِنَّ رِيحَهَا تُوجَدُ مِنْ مَسِيرَةِ أَرْبَعِينَ عَامًا**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(193) – ئابدۇللاھ بىن ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**غەيرى دىندىكى ئەمىنلىك بېرىلگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن كىشى گەرچە جەننەتنىڭ ھىدىنى قىرىق يىللىق مۇساپىدىن پۇرىغىلى بولسىمۇ، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ھىدىنى ئالالمايدۇ**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئەمىنلىك بېرىلىپ ئىسلام دىيارىغا كىرگەن غەيرى دىندىكى ئىنسانىنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقىنى، گەرچە جەننەتنىڭ ھىدىنى قىرىق يىللىق ئارىلىقتىن پۇرىغىلى بولسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتنىڭ ھىدىنى ئالالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. كاپىرلاردىن ئەمىنلىك بېرىلگەن، كېلىشىم قىلىنغان، ئەھدە قىلىشقان كىشىنى ئۆلتۈرۈش ھارامدۇر، شۇنداقلا ئۇ چوڭ گۇناھلاردىندۇر.

2. ئەھدە قىلىشقان دېگەن :كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمايدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلمايدىغان، )يەنى ئۆزئارا تىنچلىق ئورنىتىلغان (مۇسۇلمانلار يۇرتىدا مۇقىم تۇرىدىغانغا ۋەدە ئېلىنغان كىشىدۇر .زىممىي دېگەن :مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئىقامەت بىلەن ياشاپ يىللىق پۇل تۆلەيدىغان كىشى. ئەمىنلىك بېرىلگۈچى دېگەن :مۇسۇلمانلار دىيارىغا مالۇم مۇددەت تۇرۇش ئۈچۈن ۋىزا بىلەن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان كىشىدۇر.

3. غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىشقان ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

(64637)

(194) – عن جُبَير بن مُطْعِم رضي الله عنه أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَاطِعُ رَحِمٍ». [صحيح] - [متفق عليه]

(194) – جۇبەير بىن مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان :»ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىدىن ئالاقىسى ئۈزۈپ، ئۇلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھوقۇق-مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشتىن باش تارتقان ياكى ئۇلارغا ناچارلىق قىلىپ ئەزىيەت يەتكۈزگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش بولسا چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر.
2. سىلە رەھىم بولسا شەرىئەت كۆرسىتمىسىگە كۆرە بولىدۇ، سىلە-رەھىم ئورۇن، زامان ۋە شەخسلەرنىڭ پەرقلىق بولىشى بىلەن ئۆزگۆرىدۇ.
3. سىلە رەھىم قىلىش بولسا :بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىش، خەيرىخالىق قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، كېسەللەرنى يوقلاش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن چەكلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ.
4. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت يېقىن بولغانسىرى، ئۇنى ئۈزۈۋېتىشنىڭ جىنايىتىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

(5367)

(195) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ أَحَبَّ أَنْ يُبْسَطَ لَهُ فِي رِزْقِهِ، وَيُنْسَأَ لَهُ فِي أَثَرِهِ، فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(195) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا سىلە رەھىم قىلسۇن«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇغ-تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش، ماددى ۋە مەنىۋى ئىكرام قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن سىلە رەھىمنى ئۇلاشقا رىغبەتلەندۈرگەن، چۈنكى بۇ رىزىقنىڭ كەڭرى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تۇغقان دېگەن؛ ئاتا-ئانا تەرەپتىن بولغان يېقىنلاردۇر، ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى سىلە رەھىم قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر.
2. جازا-مۇكاپات ئەمەلنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ، كىمكى ياخشىلىق ۋە ئېھسان بىلەن سىلە رەھىمنى ئۇلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ رىزقى ۋە ئۆمرىگە بەرىكەت بېرىدۇ.
3. سىلە رەھىم بولسا رىزىقنىڭ كەڭرى ۋە زىيادە بولۇشىنىڭ ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر، گەرچە ئىنسانىنىڭ رىزقى ۋە ئەجىلى لەۋھىل مەھپۇزدا پۈتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرى ۋە رىزقىدا بەرىكەت بولىدۇ، ھاياتىدا شۇ ياشتىكى باشقا كىشىلەر قىلالمىغان نۇرغۇن مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. بەزى ئالىملار: رىزىق بىلەن ئۆمرىنىڭ زىيادە بولىشى ھەقىقى بولىدۇ دەيدۇ. ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(5372)

(196) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «لَيْسَ الْوَاصِلُ بِالْمُكَافِئِ، وَلَكِنِ الْوَاصِلُ الَّذِي إِذَا قُطِعَتْ رَحِمُهُ وَصَلَهَا». [صحيح] - [رواه البخاري]

(196) – ئابدۇللاھ بىن ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ياخشىلىق قىلىنسا مۇكاپات يۈزىسىدىن سىلە رەھىم قىلغۇچىلار ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى دېگەن :باشقا تۇغقانلىرى سىلە رەھىم قىلمىسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچىدۇر«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ :ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا سىلە رەھىم قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلغان كىشى مۇكەممەل ئىنسان ھېسابلانمايدۇ .ھەقىقى ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلىغۇچى دېگەن :باشقا تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلمىسىمۇ، ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزمىسىمۇ، ئۇ كىشىگە يامانلىق قىلىپ، ناچار مۇئامىلىدە بولسىمۇ ئۇنىڭ قارشىسىدا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سىلە رەھىم دېگەن :سىزدىن ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن كىشىلەرگە سىلە رەھىم قىلىش، زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش، سىزنى مەھرۇم قويغان كىشىلەرگە بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر .پەقەتلا ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىش، سىلە رەھىم قىلغانغا سىلە رەھىم قىلىش دېگەن شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىدىغان سىلە رەھىم بولمايدۇ.
2. سىلە رەھىم قىلىش دېگەن مال-دۇنيا ئەۋەتىپ بېرىش، دۇئا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەش، ئۇلارغا يېتىدىغان يامانلىق، ئەزىيەتلەرنى يوق قىلىش قاتارلىق مۇمكىن بولغان ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

(3854)

(197) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «أَتَدْرُونَ مَا الْغِيبَةُ؟»، قَالُوا: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: «ذِكْرُكَ أَخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ»، قِيلَ: أَفَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ فِي أَخِي مَا أَقُولُ؟ قَالَ: «إِنْ كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ فَقَدِ اغْتَبْتَهُ، وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ فَقَدْ بَهَتَّهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(197) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**غەيۋەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟**« ئۇلار :ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»**قېرىنداشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان سۆز بىلەن زىكىر قىلىشىڭ**«دېدى، بەزىلەر :ئەگەر ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن ،سۆزۈم راست بولسا )يەنى ئۇ كىشىدە تېپىلسا (قانداق بولىدۇ؟ دېگەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»**ئەگەر ئۇنىڭ توغرىسىدا دېگەن سۆزۈڭ راست بولسا، غەيۋەت قىلغان بولىسەن، راست بولمىغان بولسا ئۇنىڭغا بۆھتان قىلغان بولىسەن**« دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

:پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھارام بولغان غەيۋەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سورۇندا يوق بولغان مۇسۇلمان كىشىنى ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە جىسمانى سۈپەتلىرىدىن ئۇ كىشى ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدىغان سۆزنى قىلىشتۇر .مەسىلەن :ئالىغاي، ساختىپەز، يالغانچى دېگەندەك ئۇ كىشىنى سۆكىدىغان سۈپەتلەر، گەرچە ئۇ سۈپەتلەر ئۇ كىشىدە بولسىمۇ ئۇنى دېمەسلىك كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىگەن ناچار سۈپەتلەر ئۇ كىشىدە بولمىسا، بۇ غەيۋەتتىنمۇ يامان بولغان بۆھتاندۇر، يەنى ئۇ ئىنساندا يوق بولغان بىر ئىشنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىشتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل شەكىلدە تەلىم بېرىش ئۇسۇللىرىدىن :مەسىلىنى سوئال ئۇسلۇبى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر.

2. ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن :سوئال سورىغان ۋاقىتتا :ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېيىشىدۇر.

3. سوئال سورالغۇچى بىلمەيدىغان نەرسە بولسا :ئۇنى ئاللاھ ياخشى بىلگۈچىدۇر دېيىشىدۇر.

4. شەرىئەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەق-ھوقۇق ۋە دىنى قېرىنداشلىقنى مۇھاپىزەت قىلىشىدۇر.

5. غەيۋەتنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ، لېكىن بەزى ئەھۋاللاردا )ياكى مەنپەئەت سەۋەبىدىن (دۇرۇس بولىدۇ :ئۇنىڭ جۈملىسىدىن :زۇلۇمنى يوق قىلىش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىدىغان كىشىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىنى تەپسىلى تونۇشتۇرىشى :ماڭا پالانى زۇلۇم قىلدى ياكى مېنى مۇنداق قىلدى دېگەنگە ئوخشاش .شۇنىڭدەك، توي ئىشلىرىدا ياكى خوشنىدارچىلىق ئىشلىرىدا ياكى باشقا ئىشلاردا مەسلىھەت سورىغانغا ئوخشاش.

(5326)

(198) – عن ابن عمر، قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : «كل مُسْكِرٍ خَمْرٌ، وكل مُسْكِرٍ حرام، ومن شرِب الخمر في الدنيا فمات وهو يُدْمِنُهَا لَمْ يَتُبْ، لَمْ يَشْرَبْهَا في الآخرة». [صحيح] - [ رواه مسلم وأخرج البخاري الجملة الأخيرة منه]

(198) – :ئىبنى ئۆمەر )رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (دىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ھەرقانداق مەس قىلىدىغان نەرسە ھاراقتۇر ،ھەرقانداق مەس قىلىدىغان نەرسە ھارامدۇر، دۇنيادا ھاراق ئىچىپ، تەۋبە قىلماي داۋاملاشتۇرغانچە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئاخىرەتنىڭ شارابىنى ئىچەلمەيدۇ« سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە] رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق تۈردىكى مەس قىلىدىغان نەرسىنى ئۇنى ئىستىمال قىلغان كىشىگە ھارام ئىكەنلىكىدە ۋە جازا بېرىلىش جەھەتتە ھاراق ئىچكەن كىشىگە قىلىنىغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدىغان ھاراق قىلىپ بېكىتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادا ھاراق ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەۋبە قىلمىغان كىشىگە ئاخىرەتتە ئۇنى ئىچىشتىن مەھرۇم قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى .بۇ جازالاش ئۈچۈن بولىشى مومكىن، ياكى ھاراق جەننەتنىڭ ئىچىملىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاخىرەتتە ئىچمىسە جەننەتكە كىرەلمەيدىغان بولىشمۇ مومكىن. بۇنداق كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، »ھاراق جەننەتنىڭ ئېسىل ئىچىملىكلىرىدىن بولغاچقا ئۇنى

**،دۇنيادا ئىچىپ ئاسى بولغانلار ئۇنى ئىچىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ»** دەپمۇ قارالغان **جەننەتتە كۆكۈلەر ئىنتىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە بار، بۇنداق كىشى شاراپقا بولغان» ئىنتىلىشنى ئۇنتۇيدۇ»** دەپمۇ قارالغان، مەھرۇم بولۇش ئاسى كىشىنىڭ دۇنيادا ياشىغان مۇددىتىچىلىك بەلگىلەنگەن بولىشىمۇ، ياكى ئۇ ئاخىرەتتە جەننەتكە بالدۇر كىرىدىغان نىجاتلىقتا ئېرىشكەنلەر بىلەن بىللە ئىچەلمەسلىكىمۇ، ياكى تەۋبە قىلغانلارغا سىلىشتۇرغاندا ئىچكەن مىقدارى ۋە ھالىتى ئۇنچە مۇكەممەل بولماسلىقىمۇ مومكىن

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(58259)

(199) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الرَّاشِيَ وَالْمُرْتَشِيَ فِي الْحُكْمِ. [صحيح] - [رواه الترمذي وأحمد]

(199) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھۆكۈم ياكى سوت ئىشلىرىدا پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا لەنەت قىلدى. سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پارا بەرگۈچى، پارا ئالغۇچى ۋە ۋاستە بولغۇچى قاتارلىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولىشى ۋە قوغلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.
شۇنىڭدەك، قازى ۋە سوتچىنىڭ چىقىرىدىغان ھۆكۈمدە ئادالەتسىزلىك قىلىپ پارا بەرگۈچىنى ھەقسىز بولسىمۇ مەقسىتىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالغان نەرسىمۇ پارا ھېسابلىنىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پارا بېرىش ۋە پارا ئېلىش، ئارىدا ۋاستىچىلىق قىلىش، بۇنىڭغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا باتىلغا ياردەم بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.
2. پاراخورلۇق چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پارا بەرگۈچى ۋە ئالغۇچىغا لەنەت قىلغان.

3. سوت، هۆكۈم ئىشلىرىدا پاراخورلۇق قىلىشنىڭ جىنايىتى بۆيۆكتۇر، گۇناھى ئېغىر بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا زۇلۇم قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ غەيرىدە ھۆكۈم قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتۇر.

(64689)

(200) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لا تَحَاسَدُوا، ولا تَنَاجَشُوا ولا تَبَاغَضُوا، ولا تَدَابَرُوا، ولا يَبِعْ بَعْضُكم على بَيْعِ بعضٍ، وكُونوا عبادَ الله إخوانًا، المسلمُ أخُو المسلمِ لا يَظْلِمُهُ ولا يَخْذُلُهُ ولا يَكذبه ولا يَحْقِرُه، التقوى ههنا -ويشير إلى صدره ثلاث مرات- بِحَسْبِ امرِئٍ من الشَّرِّ أن يَحْقِرَ أخَاه المسلمَ، كُلُّ المسلمِ على المسلمِ حرامٌ: دَمُهُ ومَالُهُ وعِرْضُهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(200) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ھەسەد قىلىشماڭلار، يالغان خېرىدار بولىۋالماڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان كۆرۈشمەڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، سودىنى بۇزۇپ بىر نەرسە ساتماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خورلىمايدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ. تەقۋادارلىق بۇ يەردە دەپ ئۈچ قېتىم كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلدى. مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى كەمسىتىشى، قېنى ۋە يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈشى، مېلىنى ئېلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار يېتەرلىك گۇناھدۇر [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار توپىنى ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ: ئۆز-ئارا دوستانە، ئىناق-ئىتتىپاق، گۈزەل ئەخلاقىقا يېتەكلەيدىغان ۋە شەرىئەت كۆرسەتكەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان، ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇرىدىغان، قەلبلەردىن ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ھەسەد، ئالدامچىلىق زۇلۇم قىلىش قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىردى. يۇقىرىقى ناچار ئىللەتلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈش ۋە ئاغرىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. مۇسۇلمانغا ئازار بېرىش ھارامدۇر. مەيلى ئىقتىسادى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى مۇئامىلە، قول ۋە تىل ئارقىلىق بولسۇن ھەممىسى

هارامدۇر .مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنى، پۇل-مېلى ۋە ئىززەت-ئابرۇيىغا چېقىلىشى هارامدۇر .ھەقىقى شەرەپ ۋە ھۆرمەت تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4706)

(201) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «**إِيَّاكُمْ وَالظَّنَّ؛ فَإِنَّ الظَّنَّ أَكْذَبُ الْحَدِيثِ، وَلَا تَحَسَّسُوا، وَلَا تَجَسَّسُوا، وَلَا تَحَاسَدُوا، وَلَا تَدَابَرُوا، وَلَا تَبَاغَضُوا، وَكُونُوا عِبَادَ اللهِ إِخْوَانًا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(201) – ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**گۇماندىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن گۇمان :سۆزنى يالغانغا چىقىرىدۇ، كىشىلەرنىڭ مەخپى ئىشلىرىنى تىڭلىماڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، بىر-بىرىڭلارنى ئۆچ كۆرۈشمەڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى !دىنى قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار**«. سەھىھ(بەش [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل [قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاداۋەتكە ئېلىپ :بارىدىغان بەزى ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە توسىدۇ .شۇ ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن

گۇمان :بۇ دەلىل-ئىسپاتسىز دىلغا چۈشىدىغان تۆھمەت بولۇپ، ئىنساننىڭ سۆزلىگەن .راست سۆزىنىمۇ يالغانغا چىقىرىدۇ

تىڭتىڭلاش دېگەن :كۆزى بىلەن ياكى قۇلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرى ۋە ئۇيالتلىق .ئورۇنلىرىنى كۆزىتىش دېمەكتۇر

جاسۇسلۇق قىلىش :يوشۇرۇن-مەخپى ئىشلارنى تەكشۈرۈش، جاسۇسلۇق دېگەن سۆز .كۆپىنچە يامان ئىشلارغا قارىتىلىدۇ

.ھەسەت دېگەن :باشقىلارنىڭ نېمەتكە ئېرىشىشىنى ياقتۇرماسلىقتىن ئىبارەتتۇر

تەتۈر قاراش :بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۆز-ئارا سالام قىلىشماسلىق، ئۆزىنىڭ .مۇسۇلمان قېرىندىشىنى زىيارەت قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر

ئۆچ كۆرۈش دېگەن: باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش، چىرايىنى تۈرۈپ تۇرۇش، كۆرۈشكەندە ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسى بىلەن بولغان ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىدىغان لەپزى قىسقا مەنىلىك بىر سۆزنى دېدى ئۇ بولسىمۇ: **«ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دىنى قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار»**. دىنى قېرىنداشلىق ئالاقىسى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىنىدۇ، ئۆزئارا مېھرى-مۇھەببەت زىيادە بولىدۇ، ئارىدا ئۇلپەت بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ياماnlıq ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىدىن يامان گۇمان قىلىشنىڭ زىيىنى بولمايدۇ، مۇسۇلمان كىشى ئەقىللىق، زېرەك بولىشى، ناچار، پاسىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئالدىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك.
2. ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە چۈشۈپ قالىدىغان ۋە داۋاملاشقان تۇھمەتتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن بولغان مەقسەت: ئۇنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەسلىك ۋە دىلىدا ئورۇنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن بولۇپ ئىنسان بۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنمايدۇ.
3. جاسۇسلۇق قىلىش ۋە ھەسەتخورلۇق قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مۇسۇلمان جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك سەۋەپلىرىنى پەيدا قىلىش ھارامدۇر.
4. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا مۇئامىلە قىلغاندا ئۇنىڭغا چىن دوستلۇق ۋە سەمىمىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

(5332)

(202) – عن حذيفة رضي الله عنه قال: سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «**لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَتَّاتٌ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(202) – ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «**سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەپ توشىغان، ئاداۋەت پەيدا قىلغان كىشىنىڭ ئازابقا ھەقلىق بولىدىغانلىقى ۋە جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. سۇخەنچىلىك قىلىش چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر.
2. سۇخەنچىلىك قىلىش سەۋەبىدىن جامائەت ۋە شەخسلەر ئارىسىدا ئاداۋەت، تەپرىقچىلىق پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قاتتىق چەكلىدى.

(5368)

(203) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «كُلُّ أُمَّتِي مُعَافًى إِلَّا المُجَاهِرِينَ، وَإِنَّ مِنَ المُجَاهَرَةِ أَنْ يَعْمَلَ الرَّجُلُ بِاللَّيْلِ عَمَلًا، ثُمَّ يُصْبِحَ وَقَدْ سَتَرَهُ اللَّهُ عَلَيْهِ، فَيَقُولَ: يَا فُلاَنُ، عَمِلْتُ البَارِحَةَ كَذَا وَكَذَا، وَقَدْ بَاتَ يَسْتُرُهُ رَبُّهُ، وَيُصْبِحُ يَكْشِفُ سِتْرَ اللَّهِ عَنْهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(203) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ :»مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ گۇناھـمەسىيەتنى ئاشكارا قىلغانلىرىدىن باشقا ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ .گۇناھـمەسىيەتنى ئاشكارا قىلىش دېگەن: بىر ئادەم كېچىچە خاتا ئىشنى قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ ئىشنى ئاشكارا قىلمىغان، ياپقان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن :ھەي پالانى !مەن كېچىدىن مۇنداق، مۇنداق ئىشنى قىلدىم دەپ ئاللاھ تائالانىڭ يوشۇرغان ئىشنى تاڭ ئاتقاندا ئوچۇق باشقىلارغا دەيدۇ«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خاتالىق سادىر قىلغۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە مەغپىرەت قىلىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقى، لېكىن خاتالىقنى ئاشكارا قىلغۇچى بولسا، قىلغان ئىشىدىن پەخىرلەنگەنلىكى ۋە يۈزى قىلىنلىقىدىن ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە مەغپىرەت قىلىشىقا ،لايىق بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى كېچىدە خاتالىق سادىر قىلىدۇ ئاللاھنىڭ ئاشكارا قىلماسلىقى، يۆگىشى بىلەن تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ كېچىدە پالانى ئايال بىلەن ناچار ئىش قىلغانلىقىنى باشقىلارغا پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ يوشۇرۇشى، ئورىشى بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كۈندۈزدە ئاللاھنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغاندىن كېيىن خاتالىقنى ئاشكارا قىلىش ئىنتايىن قەبىھ ئىشتۇر.

2. خاتالىقنى ئاشكارا قىلىش بولسا، مۇئمىنلەر ئارىسىدا ناچار ئىشلارنى تارقىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالا دۇنيادا خاتالىقنى يوشۇرۇپ يۆگىگەن كىشىنى ئاخىرەتتىمۇ يۆگەپ رەسۋا قىلمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىدىندۇر.

4. خاتالىق بىلەن سىنالغان كىشى خاتالىقنى يوشۇرۇپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىسۇن.

5. خاتالىقنى باشقىلارغا ئېلان قىلىپ بىلدۈرگەننىڭ جىنايىتى كاتتا بولىدۇ، گۇناھ-مەسىيەتنى ئاشكارا قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەپۇ ۋە مەغپىرەت قىلىنىش نېسىۋىسىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.

(3756)

(204) – عَنِ ابْنِ عُمَرَ رضي الله عنهما: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَطَبَ النَّاسَ يَوْمَ فَتْحِ مَكَّةَ، فَقَالَ: «يَا أَيُّهَا النَّاسُ، إِنَّ اللهَ قَدْ أَذْهَبَ عَنْكُمْ عُبِّيَّةَ الْجَاهِلِيَّةِ وَتَعَاظُمَهَا بِآبَائِهَا، فَالنَّاسُ رَجُلَانِ: بَرٌّ تَقِيٌّ كَرِيمٌ عَلَى اللهِ، وَفَاجِرٌ شَقِيٌّ هَيِّنٌ عَلَى اللهِ، وَالنَّاسُ بَنُو آدَمَ، وَخَلَقَ اللهُ آدَمَ مِنْ تُرَابٍ، قَالَ اللهُ: {يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ} [الحجرات: **13**]». [صحيح] - [رواه الترمذي وابن حبان]

(204) – :ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەككە پەتھە قىلىنغان كۈنى كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى : »ئى ئىنسانلار !ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرى، ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى يوق قىلىۋەتتى. ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ :بىرى، ياخشى، تەقۋادار، ئاللاھنى سۆيگەن ئېسىل كىشىلەر. يەنە بىرى :پاسىق، بەختسىز، ئاللاھقا ئېتىبارسىز قارايدىغان كىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەۋلادىدۇر. ئاللاھ تائالا ئادەمنى توپىدىن ياراتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ تەرجىمىسى» :ئى ئىنسانلار !سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، )ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت (بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر )يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ(، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.« ]سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەت[ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس[ ])سەھىھ بولىدۇ-[]

**شەرھىسى:**

مەككە پەتھە بولغان كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى» :ئى ئىنسانلار !ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ چوڭچىلىق تەكەببۇرلۇق، ئاتا-ئەجدادىدىن پەخىر قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى يوق قىلدى، ھەقىقەتتە ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى ئاللاھ تائالاغا تائەت -ئىبادەت قىلىدىغان، تەقۋادار ياخشى مۇئمىن بولۇپ، گەرچە ئۇ كىشى كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيلۇق، ئېسىل نەسەپلىك كىشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېسىلدۇر.

،بىرى كاپىر، پاجىر، بەختسىز-شەقىيدۇر .گەرچە ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا يۈز-ئابرۇيلۇق ئەمەل-مەنسىپى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارسىز، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان كىشىدۇر.

،ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاللاھ تائالا ئادەمنى توپىدىن ياراتتى ئەسلى ماددىسى توپا بولغان بىر مەخلۇقنىڭ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىشى، ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى توغرا بولمايدۇ .بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتى تەستىقلايدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت (بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر». [سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەت].

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نەسەب ۋە يۈز-ئابرۇيدىن پەخىرلىنىشتىن چەكلەش.

(65074)

(205) – عن عائشة رضي الله عنها عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**إِنَّ أَبْغَضَ الرِّجَالِ إِلَى اللهِ الْأَلَدُّ الْخَصِمُ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(205) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغىنى ھەقسىز جېدەل قىلغۇچىدۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەردىن ھەققە بويسۇنمايدىغان، جېدەلخورلۇقى بىلەن ھەقنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئورۇنسىز كۆپ جېدەل قىلىدىغانلارنى ياكى دەۋاسى ھەق بولسىمۇ لېكىن مۇبالىغە قىلىپ چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىدىغان، ئىلمىسىز مۇنازىرە قىلىدىغانلارنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ زالىمدىن ھەققىنى شەرئى يول بىلەن تەلەپ قىلىشى ياقتۇرۇلمايدىغان دەۋالارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.
2. جېدەل ۋە دەۋالىشىش تىلنىڭ ئاپىتى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر-بىرىنى ئۆچ كۆرۈش ۋە بۆلۈنۈشكە ئىلىپ بارىدۇ.
3. ھەق بولغان ۋە ئۇسلۇبى گۈزەل بولغان دەۋالار مەدھىيەلەنسە، ھەقنى رەت قىلىدىغان، باتىلنى ئىسپاتلايدىغان ياكى دەلىل ئىسپاتسىز دەۋالار ياقتۇرۇلمايدۇ.

(5474)

(206) – عن أبي بَكرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «إِذَا الْتَقَى الْمُسْلِمَانِ بِسَيْفَيْهِمَا فَالْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ فِي النَّارِ»، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا الْقَاتِلُ، فَمَا بَالُ الْمَقْتُولِ؟ قَالَ: «إِنَّهُ كَانَ حَرِيصًا عَلَى قَتْلِ صَاحِبِهِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(206) – ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراسسا، ئۆلگۈچى ۋە قاتىل ھەر ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ» مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قاتىلغۇ دوزاخقا كىرسۇن، ئەمما ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ نىمە خاتالىقى بار؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىس بولغان». دېدى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ئىككى مۇسۇلمان قىلىچ كۆتۈرۈپ ھەر بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراسسا، قاتىل ئۆز ھامراھىنى بىۋاستە ئۆلتۈرگەنلىك سەۋەبىدىن دوزاختا بولىدۇ. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭمۇ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ساھابىلارغا بىر ئاز غەلىتە بىلىنىپ: ئۇ نىمە ئۈچۈن دوزاختا بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ: ئۇ كىشىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولغان بولۇپ، ئۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەمراھىنى ئۆلتۈرەلمەي ئەكسىچە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى دېدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. چىن دىلىدىن خاتالىق سادىر قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىۋاستە قىلغان كىشىنىڭ جازاغا ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.
2. مۇسۇلمانلارنى ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنداق قىلغان كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش.
3. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئىسلام ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان باغىلار ۋە بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش بولسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئازاب بىلەن بولغان ۋەدىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

4. چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچى گۇناھ سادىر قىلىش بىلەنلا كاپىرغا چىقىرىلمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن ئۆزئارا ئۇرۇشقانلارنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان.

5. ئىككى مۇسۇلمان ھەرقانداق بىر سەۋەپ بىلەن بولسۇن بىر-بىرىگە قورال كۆتۈرۈپ ئۇچرىشىدىكەن، ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاتىل ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ، ھەدىستە مىسال قىلىپ قىلىچ دەپ بايان قىلىنغان .بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4304)

(207) – عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ حَمَلَ عَلَيْنَا السِّلَاحَ فَلَيْسَ مِنَّا». [صحيح] - [متفق عليه]

(207) – ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «بىزگە قارشى قورال كۆتۈرگەن كىشى بىزدىن ئەمەس». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارنى قورقۇتۇش ياكى مال-مۈلكىنى بۇلاش مەقسىتىدە قورال كۆتۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، كىمكى ھەقسىزلىك بىلەن شۇنداق قىلىدىكەن، چوڭ گۇناھلاردىن بىرىنى سادىر قىلىش بىلەن ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ، بۇنداق قىلغان كىشى قاتتىق ئازابقا لايىق بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن بولغان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش.

2. زېمىندىكى ئەڭ چوڭ بۇزۇقچىلىق ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ بىرى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلارغا قورال كۆتۈرۈشتۇر.

3. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئازاب ھاكىمىيەتكە قارشى چىققۇچى باغىي، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچى ۋە باشقىلارغا قارشى  ھەق بولغان ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

4. چاقچاق قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنى قورال-ياراق ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن قورقۇتۇش ھارامدۇر.

(2997)

(208) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: قال النبي صلى الله عليه وسلم: «لَا تَسُبُّوا الْأَمْوَاتَ، فَإِنَّهُمْ قَدْ أَفْضَوْا إِلَى مَا قَدَّمُوا». [صحيح] - [رواه البخاري]

(208) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ۋاپات بولغانلارنى تىللىماڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىگە يېتىپ بولدى«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنى تىللاش ۋە ئىززەت-ئابرۇيىنى ،تۆكۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ .ھەقىقەتەن بۇ ناچار ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ ،ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ بولدى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تىللاش ئۇلارغا ھېچ بىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت ھايات ياشاۋاتقانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىس ئۆلۈكلەرنى تىللاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

2. ئۆلۈكلەرنى تىللاشنى تەرك قىلىش بولسا ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلىش، جەمئىيەتنى ئۆز-ئارا دۈشمەنلىشىش، يامان كۆرۈش، ئۆچ-ئاداۋەتتىن مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

3. ۋاپات بولغانلارنى تىللاشتىن چەكلەشتىكى ھېكمەت بولسا :ھەقىقەتەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئېرىشىپ بولدى، ئۇلارنى تىللىغاننىڭ

هبچ پايدىسى يوق، پەقەت هايات ياشاۋاتقان تۇغقانلىرىغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ خالاس.

4. .ئىنسان پايدىسىز قۇرۇق گەپ-سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىنىشى لازىم

(5364)

(209) – عن أبي أيوب الأنصاري رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**لَا يَحِلُّ لِرَجُلٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلَاثِ لَيَالٍ، يَلْتَقِيَانِ، فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا، وَخَيْرُهُمَا الَّذِي يَبْدَأُ بِالسَّلَامِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(209) – ئەبۇ ئەييۇپ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشى بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ، يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، بىرى ئۇ تەرەپكە يەنە بىرى بۇ تەرەپكە قاراپ ئۆتۈپ كېتىشى توغرا بولمايدۇ .ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەڭ ياخشىسى دەسلەپتە سالام قىلغىنىدۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ تەتۈر قارىشىپ، ئۇچرىشىپ قالغاندا بىر-بىرىگە سالام قىلماي ۋە سۆز قىلماي يۈرىشىدىن چەكلىدى.

،ئاداۋەتكە چۈشۈپ قالغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاداۋەتنى يوق قىلىپ كۆڭلىنى كەڭرى تۇتۇپ دەسلەپتە سالامنى باشلىغىنىدۇر .ئەمما شەخسى ئۆچ-ئاداۋەت بولماستىن، ئاللاھ بارىسىدا بىدئەتچى، ئاسىي، مۇناپىقلارنى ۋە يامان ھەمراھلارنى تەرك قىلىشنىڭ بولسا ئېنىق بەلگىلىمىسى يوق، بۇ تۆردىكى تەرك قىلىش ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتكە قارىتا بولۇپ، خاتالىق تۈزەلسە چەكلىمە يوق بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاداۋەت تۇتۇشقا ئۈچ كۈنگىچە مۆھلەت بېرىلىش بولسا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە رىئايە قىلغانلىق بولۇپ، ئاداۋەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈندە چەكلىمە ئەپۇ قىلىنىدۇ.

2. ،سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى، چۈنكى سالام ئىنسانىنىڭ دىلىدىكى ئاداۋەتنى يوق قىلىدۇ شۇڭداقلا سالام ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالامىتىدۇر.

3. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىقنىڭ كۈچىيىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

(5365)

(210) – عن سهل بن سعد رضي الله عنه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**مَنْ يَضْمَنْ لِي مَا بَيْنَ لَحْيَيْهِ وَمَا بَيْنَ رِجْلَيْهِ أَضْمَنْ لَهُ الْجَنَّةَ**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(210) – سەھل بىن سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ئېغىزى بىلەن ئەۋرىتىگە كېپىل بولغان كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان لازىم تۇتسا ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىدىغان ئىككى ئىشتىن خەۋەر بېرىدۇ.
بىرى :تېلىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ۋە غەزەپ قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلاش.
ئىككىنچىسى :ئەۋرىتىنى هارام-زىنا، پاھىشە ئىشلارغا چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلاشتۇر.
چۈنكى بۇ ئىككى ئەزا بىلەن خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشى كۆپ بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تېلىنى ۋە ئەۋرىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر.

2. ھەدىستە تىل بىلەن ئەۋرەتنى خاس قىلدى، چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئىنسانغا دۇنيا-ئاخىرەتلىك بالا-مۇسىبەت كېلىشىنىڭ مەنبەسىدۇر.

(3475)

(211) – عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الخُدْرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ -وَكَانَ غَزَا مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثِنْتَيْ عَشْرَةَ غَزْوَةً- قَالَ: سَمِعْتُ أَرْبَعًا مِنَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَأَعْجَبْنَنِي، قَالَ: «**لاَ تُسَافِرِ المَرْأَةُ مَسِيرَةَ يَوْمَيْنِ إِلَّا وَمَعَهَا زَوْجُهَا أَوْ ذُو مَحْرَمٍ، وَلاَ صَوْمَ فِي يَوْمَيْنِ: الفِطْرِ وَالأَضْحَى، وَلاَ صَلاَةَ بَعْدَ الصُّبْحِ حَتَّى تَطْلُعَ الشَّمْسُ، وَلاَ بَعْدَ العَصْرِ حَتَّى تَغْرُبَ، وَلاَ تُشَدُّ الرِّحَالُ إِلَّا إِلَى ثَلاَثَةِ مَسَاجِدَ: مَسْجِدِ الحَرَامِ، وَمَسْجِدِ الأَقْصَى، وَمَسْجِدِي هَذَا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(211) – ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، -ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئون ئىككى قېتىم جەڭگە چىققان- ئۇ كىشى مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن تۆت تۈرلۈك سۆزنى ئاڭلىغان ئىدىم ئۇ سۆزلەر مىنى ھەيران قالدۇردى دەپ، مۇنداق دېدى :»**ئايال ئىككى كۈنلۈك مۇساپىدىكى سەپەرگە يالغۇز چىقمىسۇن، ئېرى ياكى باشقا مەھرەملىرى بىلەن بىرگە چىقسۇن، ھېچ كىشى روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتمىسۇن، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ كۈن نەيزە بويى ئۆرلىمىگىچە ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ شامنىڭ ۋاقتى كىرمىگۈچە باشقا نەپلە ناماز ئوقۇمىسۇن، ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتلەرگە يۈك-تاقا كۆتۈرۈپ سەپەر قىلىپ بارمىسۇن :ھەرەم مەسچىتى، ئەقسا مەسچىتى ۋە مىنىڭ مۇشۇ مەسچىتىم يەنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى**«. سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىرردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تۆت تۈرلۈك ئىشتىن چەكلىدى:

بىرىنچى :ئايالنى ئىككى كۈنلۈك سەپەر مۇساپىسىنى ئېرىمۇ يوق ۋە باشقا ئۆزىگە مەھرەم بولىدىغان ئوغلى، دادىسى، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى، ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى، تاغىسى ئانا تەرەپ تاغىسى قاتارلىق ئۆزى بىلەن توي قىلىشى ئەبەدى ھارام بولغان مەھرەملىرىمۇ يوق يالغۇز ھالەتتە سەپەر قىلىشتىن چەكلىدى،

ئىككىنچى :روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشتىن چەكلىدى، ئۇ نەزىر قىلغان روزا بولسۇن ياكى كاپارەت روزىسى بولسۇن ياكى ھەر قانداق نەپلە روزا بولسۇن ئۇنىڭ ھۆكمى ئوخشاش چەكلىنىدۇ.

ئۈچىنچى :ئەسىر نامىزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتا ۋە بامدات نامىزىنى ئادا قىلىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مۇتلەق نەپلە ناماز ئادا قىلىشتىن چەكلىدى.

تۆتىنچى :ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىت ۋە ئورۇنلارغا ئۇ يەردە ئىبادەت قىلسا ئەجىر-ساۋاپ زىيادە بولىدۇ، پەزىلەتلىك بولىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن بېرىپ ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىشتىن چەكلىدى، چۈنكى ئۈچ مەسچىتتىن باشقا ئورۇنلاردا قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ۋە نامازنىڭ ئەجىر-ساۋابى زىيادە بولمايدۇ .ئۇلار :ھەرەم مەسچىتى، ئەقسا مەسچىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدىن ئىبارەتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاياللىنىڭ قەسىر مۇساپىسىدىكى سەپەرگە مەھرەمسىز چىقىشى توغرا بولمايدۇ.
2. ئايال سەپەردە يەنە بىر ئايالغا مەھرەم بولالمايدۇ، چۈنكى ھەدىستە :ئېرى ياكى مەھرەم بولىدىغان تۇغقانلىرى دەپ كەلگەن.
3. قىز- خانىملارنىڭ سەپەر دەپ ئاتىلىدىغان ھەرقانداق مۇساپىگە يالغۇز مەھرەمسىز چىقىشى توغرا بولمايدۇ .بۇ ھەدىس سوئال سورىغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ياشاۋاتقان يۇرتىغا كۆرە بايان قىلىنغان.
4. ئاياللىنىڭ مەھرەملىرى دېگەن :ئېرى ياكى ئۇرۇغ-تۇغقانلىق سەۋەبىدىن ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىش ئەبەدىي چەكلىنىدىغان :ئاتىسى، ئوغۇللىرى، تاغىسى، ئانا تەرەپ تاغىسى، ئېمىلدەشلىكتىن بولغان ئاتىسى، تاغىسى، ياكى قۇدۇلۇق ياكى كۈيئوغۇللۇق سەۋەبىدىن بولغان تۇغقانلىرى :ئېرىنىڭ ئاتىسى، ئېرىنىڭ ئوغلى قاتارلىقلار .مەھرەم دېگەن :بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى-ھۇشى جايىدا، ئىشەنچىلىك مۇسۇلماندىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت :ئايالنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنىڭ شان-شەرىپىنى قوغداش ۋە ئىشلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.
5. ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنى ھىمايە قىلىش ۋە شەرىپىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.
6. :بامدات ۋە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن مۇتلەق نەپلە ناماز ئادا قىلىش چەكلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن پەرز نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش، مەسچىت ھۆرمىتى نامىزى قاتارلىق سەۋەپكە ئالاقىدار بولغان نامازلار ئايرىۋېتىلىدۇ.
7. كۈن چىقىش بىلەنلا دەرھال ناماز ئادا قىلىش چەكلىنىدۇ، بەلكى كۈن چىقىپ ئون مىنۇت ياكى ئون بەش مىنۇت ئەتراپىدا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگۈچە كۈتۈپ تۇرۇپ ئاندىن ناماز ئادا قىلىنىدۇ.

8. ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاختى كۈن پاتقۇچە داۋاملىشىدۇ.
9. بۇ ھەدىستە ئۈچ مەسچىتكە يۈك-تاقا كۆتۈرۈپ سەپەر قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.
10. ئۈچ مەسچىتنىڭ پەزىلىتى ۋە باشقا مەسچىتلەردىن بولغان ئالاھىدىلىكى.
11. قەبرە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە سەپەر قىلىش توغرا بولمايدۇ، گەرچە ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى بولسىمۇ، ئەمما مەدىنىدا بولغان ياكى يوللۇق مەقسەتلەر بىلەن كەلگەن كىشىلەر زىيارەت قىلسا بولىدۇ.

(10603)

(212) – عن أسامة بن زيد رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «مَا تَرَكْتُ بَعْدِي فِتْنَةً أَضَرَّ عَلَى الرِّجَالِ مِنَ النِّسَاءِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(212) – ئۇسامە بىن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن ئاياللاردىنمۇ بەكرەك ئەرلەرگە پىتنە بولىدىغان بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتمىدىم». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئەرلەرنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىشتا ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئايال ئائىلىسىدىن بولسا، ئۇ كىشى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قالىدۇ، ئەگەر يەت ئايال بولسا، يات ئايال بىلەن ئارىلىشىش ۋە يالغۇز قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن كېيىن چوڭ بۇزۇقچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇسۇلمان كىشى ئاياللارنىڭ سىناقلىرى ۋە پىتنىسىدىن ھەزەر قىلىشى، ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالىدىغان ھەر قانداق يوللارنى توساش زۆرۈر بولىدۇ.

2. مۇئمىن يىتتىدىن سالامەت قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابىغا چىڭ ئېسىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(5830)

(213) – عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه مرفوعاً: «يا معشر الشباب، من استطاع منكم الباءة فليتزوج؛ فإنه أغض للبصر، وأحصن للفرج، ومن لم يستطع فعليه بالصوم؛ فإنه له وِجَاءٌ».

[صحيح] - [متفق عليه]

(213) – ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇللاھ مۇنداق دەيدۇ :ئى ياشلار !سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى نىكاھلىنىشقا قادىر بولغانلار توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ كۆزى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلايدۇ، كىمكى نىكاھلىنىشقا قادىر بولالمىسا روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن قالقاندۇر سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [[سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پاك ۋە ئىپپەتلىك بولۇش ۋاجىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسى ھارامدۇر .بۇ ئىش ئىماننىڭ ئاجىزلىقى بىلەن شەھۋەتنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ .ياشلارنىڭ شەھۋىتى كۈچلۈك بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارنى ئىپپەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :ئۇلاردىن توي قىلىشقا لازىم بولىدىغان، مېھرى ھەققى، كۈندۈلۈك نەپىقە ۋە تۇرالغۇ جاي قاتارلىق نەرسىلەرگە قۇربى يېتىدىغانلار توي قىلسۇن!، چۈنكى نىكاھلىنىش كۆزنى ھارامدىن، ئەۋرەتنى پاھىشىدىن ساقلايدۇ .شۇڭا يۇقىرىقى ئىشلارغا قۇربى يەتمەيدىغان ئەمما توي قىلغۇسى كېلىپ قالغانلارنى روزا تۇتۇشقا ئۈندىدى .چۈنكى بۇنىڭدا بىرىنچىدىن ئەجىر - ساۋاپ، يېمەك - ئىچمەكنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق جىما قىلىش شەھۋىتىنى توسۇش ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر .شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ نەپسى ئاجىزلاپ، شەيتان ئېقىپ كىرىدىغان قان تومۇرلار تارىيدۇ .دېمەك روزا، سىپىرما ئىشلەپ چىقىرىدىغان، شەھۋەتنىڭ قوزغىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئىككى تاشاقنىڭ تومۇرىنى سىقىپ قويغاندەكلا شەھۋەتنى كېسىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(5863)

(214) – عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ الدُّنْيَا حُلْوَةٌ خَضِرَةٌ، وَإِنَّ اللهَ مُسْتَخْلِفُكُمْ فِيهَا، فَيَنْظُرُ كَيْفَ تَعْمَلُونَ، فَاتَّقُوا الدُّنْيَا وَاتَّقُوا النِّسَاءَ، فَإِنَّ أَوَّلَ فِتْنَةِ بَنِي إِسْرَائِيلَ كَانَتْ فِي النِّسَاءِ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(214) – ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :ھەقىقەتەن دۇنيا تاتلىق ۋە يېشىللىقتۇر، ئاللاھ سىلەرنى زېمىندا ئىز باسار قىلىپ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ، دۇنيادىن ۋە ئاياللاردىن ساقلىنىڭلار، ئېھتىيات قىلىڭلار، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئارىسىدا تۇنجى پىتنە ئاياللاردىن بولغان.». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ تېتىشتا تاتلىق، كۆرۈنۈشتە يېشىل، گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ئالدىنىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا چۈمۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى ئاساسلىق ،غايىسى قىلىدۇ دېدى .ئاللاھ تائالا مۇشۇ ھاياتى دۇنيادا قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىمىزغا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىمىزمۇ ياكى ئاسىيلىقمۇ؟، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بەزىلىرىمىزنى بەزىلىرىمىزگە ئىز باسار قىلدى .ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **دۇنيانىڭ نازۇ- نېمەتلىرى ۋە گۈزەللىكلىرى سىلەرنى ئازدۇرۇپ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى» ئادا قىلىشقا بۇيرىغان بۇيرۇقلارنى تەرك قىلىش ۋە چەكلىگەن ئىشلارنى سادىر قىلىشقا تۇرتكە بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار دېدى«** .دۇنيا پىتنىلىرى ئىچىدە ئىنسان ئەڭ ھەزەر قىلىشى كېرەك بولغىنى :ئاياللارنىڭ پىتنىسىدۇر، بۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئارىسىدىمۇ تۇنجى يۈزبەرگەن پىتنىدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. تەقۋادارلىقنى لازىم تۇتۇش ۋە دۇنيانىڭ كۆرۈنىشى ۋە زىننەتلىرىگە مەپتۇن بولماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈش.
2. ئاياللارنىڭ پىتنىسىدىن يەنى ئۇلارغا قاراش، يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىششقا سەل قاراش ۋە ئۇنىڭ غەيرىدىكى ئىشلاردىن ھەزەر قىلىش.
3. دۇنيادىكى پىتنىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاياللارنىڭ پىتنىسىدۇر.

4. ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلاردىن باشقا ئۈممەتلەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ۋەز-نەسىھەت ئىلىش، ئىبرەت ئىلىش.

5. ئاياللارنىڭ پىتنىسىگە كەلسەك، توي قىلغان ئايال بولسا ئېرىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىپ ئۇنى دىنى ئىشلارنى قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، ئۇنى دۇنيا تەلەپ قىلىش بىلەن ھالاكەتكە ئېتتىرىدۇ. ئەگەر يات ئايال بولسا، ئۇنىڭ پىتنىسى ئەرلەرنى ئازدۇرۇش، سىرتقا چىقىپ ئەرلەر بىلەن ئارىلاشقاندا ئۇلارنى ھەقتىن بۇرىۋېتىش، بولۇپمۇ ئاياللار ئەخلاقسىز، بۇزۇق بولۇپ قالسا بۇ بەزى ۋاقىتتا ئۇز نوۋىتى بويىنچە زىناغا ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىن كىشى ئاللاھ بىلەن قوغدىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ تەرىپىگە رىغبەتلىنىشى كېرەك.

(3053)

(215) – عن عقبة بن عامر رضي الله عنه مرفوعاً: «إياكم والدخولَ على النساء، فقال رجل من الأنصار: يا رسول الله، أرأيتَ الحَمْوَ؟ قال: الحَمْوُ الموتُ».

ولمسلم: عن أبي الطاهر عن ابن وهب قال: سمعت الليث يقول: الحمو: أخو الزوج وما أشبهه من أقارب الزوج، ابن عم ونحوه. [صحيح] - [متفق عليه]

(215) – :ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :يات ئاياللار بار يەرگە كىرىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار !ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئى رەسۇلۇللاھ !ئەرلەرنىڭ تۇغقانلىرىچۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز :ئەرلەرنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن يالغۇز قېلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭدۇر، دېدى .ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە :ئەبى تاھىر ئىبنى ۋەھبدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى :مەن، لەيسنىڭ، )ئەلھەمۇ (دېگەن سۆزنى :ئېرىنىڭ ئوغۇل قېرىنداشلىرى ۋە ئېرىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەر تۇغقانلىرى، تاغىسىنىڭ ئوغلى قاتارلىق ئەركەك تۇققانلار دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ئاياللار بىلەن خالى يەرگە كىرىپ يالغۇز ،قېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى قانداق بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن يالغۇز قالىدىكەن ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ .چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى ئاجىز، گۇناھ - مەسىيەتكە بولغان قۇتراشلىرى كۈچلۈكتۇر .بەلكى هارام ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا يامانلىقتىن ۋە ئۇنىڭغا سەۋەپچى بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن يات ئەر-ئاياللىنىڭ خىلۋەت جايدا يالغۇز قىلىشىنى چەكلىدى .شۇنىڭ بىلەن ئەنسارلاردىن بىر كىشى، ئى رەسۇلۇللاھ )ئاياللارغا نىسبەتەن (ئەرلىرىنىڭ تۇغقانلىرىچۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بولغان ئۇ ئەرنىڭ ئايالى ئۆيىدە چاغدا، ئۇ ئۆيگە كىرىشكە مۇھتاج بولىشى مۇمكىن، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت يوقمۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام :بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئەركەك تۇغقانلىرى بىلەن يالغۇز قېلىشى ئۆلۈم بىلەن باراۋەردۇر، دېدى .چۈنكى كىشىلەر بۇنى توسىماستىن بۇ ئىشقا سەل قاراپ كۆنۈپ قالغان، شۇڭا ئۆزىگە مەھرەم بولمىغان ئەرلەر بىلەن يالغۇز قېلىۋېرىدۇ، بەزىدە ھېچكىم بىلمەستىن ھەتتا گۇمانمۇ قىلماستىن زىنا - پاھىشە يۈز بېرىدۇ ۋە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىشى مۇمكىن .بۇنداق بولغاندا دىنى ھالاكەت ۋە مەڭگۈلۈك

ۋەيرانچىلىق بولىدۇ .شۇڭا بۇنىڭغا رۇخسەت يوق، بەلكى ئەگەر غۇرۇرلۇق بولساڭلار ئەركەك تۇغقانلىرىڭلارنىڭ ئايالىرىڭلار بىلەن ئايرىم قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، دېدى

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(5888)

(216) – عن أبي موسى رضي الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «لا نِكَاحَ إِلّا بِوَلِيٍّ».

[صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وأحمد]

(216) – ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**نىكاھ پەقەت ۋەلىي بىلەن بولىدۇ**«) ۋەلىيسىز نىكاھ باتىلدۇر).  [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ تويىنى قىلغاندا نىكاھ ئىشىغا ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئىگە بولمىسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. نىكاھنىڭ ساغلام بولىشى ئۈچۈن ۋەلىنىڭ ھازىر بولىشى شەرتتۇر، ئەگەر ۋەلىسى يوق نىكاھ قىلىنغان بولسا ياكى ئايال ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولغان بولسا، نىكاھ توغرا بولمايدۇ.
2. ۋەلىي دېگەن ئايالنىڭ ئەڭ يېقىن تۇققىنىدۇر، ئايالنىڭ يېقىن تۇققىنى تۇرۇپ يىراق تۇققىنى ۋەلى بولۇپ تويىنى قىلىپ قويالمايدۇ.
3. ۋەلى بولىدىغان كىشىنىڭ :بالاغەتكە يەتكەن، ئەر، نىكاھتىن بولغان مەنپەئەتنى بىلىدىغان بولىشى، ۋەلى بىلەن ۋەلى قىلىنغان ئايالنىڭ دىنى بىر بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ، ئەگەر بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنمىگەن كىشى نىكاھتا ۋەلى بولالمايدۇ.

(58066)

(217) – عن عائشة رضي الله عنها مرفوعًا: «أَيُّما امرأةٍ نَكَحَت بغير إذن مَواليها، فنِكاحها باطل»، ثلاث مرات «فإن دخلَ بها فالمهرُ لها بما أصاب منها، فإن تَشاجروا فالسلطان وَلِيُّ مَنْ لا وَلِيَّ له». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه والدارمي وأحمد]

(217) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:»قايسى بىر ئايال دادا-ئاكىلىرىنىڭ ئىزنىسىز ئەرگە تېگىدىكەن، ئۇ ئايالنىڭ نىكاھى باتىلدۇر«دەپ ئۈچ قېتىم تەكرار لايدۇ:»ئەگەر بىرگە بولغان بولسا، ئۇ ئايال بىلەن بىرگە بولغانلىقى ئۈچۈن تويلۇق مىھرى بېرىلىدۇ، ئايالنىڭ ۋەلىلىرى تالاش-تارتىش «قىلىشسا يۇرتنىڭ چوڭى ۋەلىسى يوق ئايالنىڭ ۋەلىسىدۇر سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - [دارىمى"سۈنەن دارىمىي"نا

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئايالنىڭ ۋەلىسى بولۇشىنى شەرت قىلدى، ئايال ۋەلىسىنىڭ خەۋىرى يوق ياكى رۇخسىتىسىز ئەرگە تەككەن ،بولسا، ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ نىكاھى توغرا بولمايدۇ مۇشۇنداق نىكاھ بىلەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئايالغا تويلۇق مىھرى بېرىلىدۇ، ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەنمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ :ئايالنىڭ ئىگىلىرى ئايالنى ياتلىق قىلىش ئىشىدا تالاش-تارتىش قىلىشىپ قالغان بولسا ياكى ئۇ ئايال ۋەلىلىرى بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئىشى يۇرتنىڭ چوڭىغا تاپشۇرىلىدۇ، يۇرتنىڭ چوڭى ۋەلىسى يوق كىشىنىڭ ۋەلىسىنىڭ ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(58067)

(218) – عن أبي هريرة، قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : «ملعون من أتى امرأته في دُبُرِها». [حسن] - [رواه أبو داود، والنسائي في السنن الكبرى، وأحمد]

(218) – ئەبۇ، ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاياللىنىڭ كەينى تەرىپىگە يېقىنچىلىق قىلغان ئادەم لەنەت قىلىنغۇچىدۇر« ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ [(بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ- نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام [ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە ئاياللىنىڭ كەينى تەرىپىگە يېقىنچىلىق قىلغان ئادەمگە قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنداق ناچار ئىشنى قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ، مانا بۇ ئۇنداق قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇنداق قىلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(58090)

(219) – عن عقبة بن عامر رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أَحَقُّ الشُّرُوطِ أَنْ تُوفُوا بِهِ مَا اسْتَحْلَلْتُمْ بِهِ الْفُرُوجَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(219) – ئۇقبەتە بىن ئامىر جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان شەرت ئەۋرەتنى ھالال قىلغاندىكى شەرتلەردۇر». [سەھىھ (بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋاپا قىلىشقا ئەڭ لايىق بولغان شەرتلەرنى بايان قىلىپ، ئۇ، ئايالدىن مەنپەئەتلىنىشنى ھالال قىلىشقا سەۋەب بولغان نەرسە دېدى، ئۇ بولسىمۇ، ئايال نىكاھ قىلىدىغان ۋاقىتتا تەلەپ قىلغان يوللۇق شەرتلەردىن ئىبارەتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ بىر-بىرىگە قىلغان شەرتلىرىگە ۋاپا قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ، لېكىن ھالالنى ھارام قىلىدىغان ياكى ھارامنى ھالال قىلىدىغان شەرت بولسا بۇنىڭغا ۋاپا قىلىنمايدۇ.
2. نىكاھنىڭ شەرتلىرىگە ۋاپا قىلىش باشقا شەرتلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ، ئەۋرەتنى ھالال قىلىشنىڭ قارشىسىدىكى شەرتتۇر.
3. ئىسلامدا توي قىلىش، ئائىلە قۇرۇش ئورنىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكى، قىلىنغان شەرتلەرگە ۋاپا قىلىشقا ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

(6021)

(220) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «الدُّنْيَا مَتَاعٌ، وَخَيْرُ مَتَاعِ الدُّنْيَا الْمَرْأَةُ الصَّالِحَةُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(220) – ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»دۇنيا مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىدۇر، دۇنيادا مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ ئايالدۇر«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت [قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ مەلۇم ۋاقىت مەنپەئەتلىنىدىغان ئۇنىڭدىن كېيىن يوق بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى مەنپەئەتنىڭ؛ ئېرى قارىسا خۇرسەن قىلىدىغان، بىر ئىشقا بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدىغان، ئېرى يوق ۋاقىتتا ئۆزىنى، ئېرىنىڭ ئابرۇيىنى ۋە مال-مۈلكىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان سالىھ ئايال ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالا دۇنيادا بەندىلىرى ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلماستىن، ھەددىدىن ئاشماستىن پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى بايان قىلىدۇ.
2. توي قىلغاندا سالىھ ئايالنى تاللاشغا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى سالىھ ئايال ئېرىنىڭ ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ.
3. دۇنيا مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بولغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

(5794)

(221) – عن أنس بن مالكٍ رضي الله عنه قال: «ضَحَّى النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم بِكَبْشَيْنِ أَمْلَحَيْنِ أَقْرَنَيْنِ ذَبَحَهُمَا بِيَدِهِ، وَسَمَّى وَكَبَّرَ وَوَضَعَ رِجْلَهُ عَلَى صِفَاحِهِمَا». [صحيح] - [متفق عليه]

(221) – ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دانە، )قارا- ئاق (رەڭلىك ۋە مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى .ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بۇغۇزلىدى .بىسمىللاھنى ئوقۇدى ۋە تەكبىر ئېيتتى. ئۆزىنىڭ پۇتىنى ئۇلارنىڭ گەدىنىگە تىرەپ تۇردى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس]
[(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

قۇربانلىق قىلىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئۆزىمۇ قىلدى .پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى .ئۇلارنىڭ رەڭگىدە ئاقلىق ۋە قارىلىق بار ئىدى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ مۈڭگۈزى بار ئىدى .ئۇ ئىككىسىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن بوغۇزلىدى، چۈنكى بۇ ئۇلۇغ بىر ئىبادەت بولغاچقا ئۆزى قىلدى .ئۇنى بوغۇزلايدىغان چاغدا، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولىشى ۋە ياخشىلىقنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن، ئاللاھتىن ياردەم سوراپ بىسمىللاھنى ئوقۇدى ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئىبادەتتە ئۇنى يەككە يىگانە قىلىش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقنى ۋە بوي سۇنغانلىقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتتى. بوغۇزلىغاندا تېز سۈرەتتە بوغۇزلاش ئارقىلىق، قۇربانلىققا رەھىمدىللىك بىلەن بوغۇزلاش تەلەپ قىلىنغان بولغاچقا، بوغۇزلىغان چاغدا ئۇ مىدىرلاپ، ئۇنى بوغۇزلاش مۇددىتى ئۇزۇراپ كېتىپ ئۇنى قىيناپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مۇبارەك پۇتىنى ئۇلارنىڭ گەدىنىگە تىرىدى .ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۆز مەخلۇقاتىغا رەھىمدىلدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(2971)

(222) – عن حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ رضي الله عنهما مرفوعاً: «لا تلْبَسُوا الحرير ولا الديباج، ولا تشربوا في آنية الذهب والفضة ولا تأكلوا في صِحَافِهِمَا؛ فإنَّهَا لهم في الدنيا ولكم في الآخرة».

[صحيح] - [متفق عليه]

(222) – ،ھۇزەيپە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن :سىلەر ھەرخىل يىپەك كىيىمنى كىيمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا سۇ ئىچمەڭلار، ئۇ ئىككىسىدىن بولغان تەخسىدە تاماق يىمەڭلار !ئۇ نەرسىلەر دۇنيادا كاپىرلارغا ئاخرەتتە سىلەرگە مەنسۇپتۇر سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ] [(بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەركەكلەرنىڭ ھەر خىل يىپەك كىيملەرنى كىيىشىدىن چەكلىدى .ئەر كىشىگە نىسبەتەن بۇنى چەكلەشتە، بىر خىل سۇيۇقلۇق ۋە ئايال كىشىنى دوراش، شۇنداقلا يۇمران ۋە ئىسراپخور ئاياللارغا ئوخشاپ قېلىش بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىگەن ئىدى .ئەر كىشى بىرئاز قاتتىق - قۇرۇق، كۈچلۈك ۋە جۇشقۇن بولۇشى لازىمدۇر .يەنە شۇنىڭدەك ئەر - ئايال ئىككىسىنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچا - قۇچىلاردا يەپ ئىچىشتىن چەكلىدى .بۇنىڭدىكى ھېكمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك :ئۇ ئىككىسىدە - تاماق يېيىش، بۇ دۇنيادا ئۆز لەززىتىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغان كاپىرلارغا مەنسۇپ ئىدى .ئى مۇسۇلمانلار !ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەردىن تاما قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنى تاشلىغان بولساڭلار، ئاخىرەتتە ئۇ نەرسىلەر سىلەرگە مەخسۇس بولىدۇ .كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن چەكلەش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش ئۈچۈن ھارام قىلىندى .يەنە كېلىپ بۇ دۇنيادا ئەرلەردىن يىپەك كىيىم كىيگەنلەر ئۆزىنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئالدىرىغان كىشىدۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاخىرەتتە ھەرگىزمۇ كىيمەيدۇ .قانداق بىر ئادەم بىر ئىشنى ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى ھارام يول بىلەن قىلىشقا ئالدىرىسا، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىش بىلەن جازالىنىدۇ .ئاللاھ تائالا بەك قاتتىق جازالىغۇچىدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(223) – عن ابن عمر رضي الله عنهما: أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنِ الْقَزَعِ.
[صحيح] - [متفق عليه]

(223) – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بالىنىڭ ياكى چوڭلارنىڭ بولسۇن بىشىنىڭ چېچىنىڭ «بەزى جايلىرىنى ئالدۇرۇپ بەزى جايلىرىنى قويۇپ قويۇشتىن چەكلىگەن».** [بەش(ھەسسە)
[(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشنىڭ چېچىنىڭ بەزى جايلىرىنى ئالدۇرۇپ بەزى جايلىرىنى قويۇپ قويۇشتىن چەكلىگەن.
چەكلىمە چوڭلار، كىچىكلەر، ئوغۇللار ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما ئايال بىشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ ھەدىستە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىنسانىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

(8914)

(224) – عن ابن عمر رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «أَحْفُوا الشَّوَارِبَ وأَعْفُوا اللِّحَى». [صحيح] - [متفق عليه]

(224) – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »بۇرۇتنى قىسقارتىپ ساقالنى تولۇق قويۇڭلار«.
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇتنى ئۇزۇن قويماستىن قىسقارتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، بۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيتتى.
بۇنىڭ ئەكسىچە ساقالنى تولۇق قويۇشقا بۇيرىدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ساقالنى چۈشۈرىتىۋېتىش ھارامدۇر.

(3279)

(225) – عَن أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**لَا يَنْظُرُ الرَّجُلُ إِلَى عَوْرَةِ الرَّجُلِ، وَلَا الْمَرْأَةُ إِلَى عَوْرَةِ الْمَرْأَةِ، وَلَا يُفْضِي الرَّجُلُ إِلَى الرَّجُلِ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ، وَلَا تُفْضِي الْمَرْأَةُ إِلَى الْمَرْأَةِ فِي الثَّوْبِ الْوَاحِدِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(225) – ئەبۇ سەئىدل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ئەر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئەر يەنە بىر ئەر بىلەن بىر يېپىنچا ئىچىدە كىيىمسىز ياتمىسۇن ، ئايالمۇ يەنە بىر ئايال بىلەن بىر يېپىنچا ئىچىدە كىيىمسىز بىللە ياتمىسۇن**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق[(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر كىشىنى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايالنى ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قاراشتىن چەكلىگەن.

ئەۋرەت دېگەن :ئېچىلىپ قالسا ساھىبى ھايا قىلىدىغان ئورۇنلار بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئەۋرىتى كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقىدۇر .ئايالنىڭ يات ئەرلەرگە نىسبەتەن پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر، ئاياللار ۋە ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىگە نىسبەتەن :ئادەتتە ئۆيدە ئىش قىلغاندا ئوچۇق قويىدىغان ئورۇنلىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر كىشىنىڭ يەنە بىر ئەر كىشى بىلەن بىرگە كىيىمى يوق-يالىڭاچ ھالەتتە بىر يوتقاندا ياكى بىر ئەدىيالغا ئورىنىپ يېتىشىدىن چەكلىگەن، شۇنداقلا ئايالنىڭ يەنە بىر ئايال بىلەن يالىڭاچ ياكى كىيىمى يوق ھالەتتە بىر يوتقاندا ياكى بىر ئەدىيالغا ئورۇنۇپ يېتىشىدىن چەكلىگەن، چۈنكى بۇ ئىشلار ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتۇپ قىلىش، چەكلەنگەن ئورۇنلارغا قاراپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى قاتتىق چەكلەنگەن، چوڭ بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئەر-ئاياللدىن باشقىلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى چەكلىنىدۇ.
2. ئىسلام جەمئىيەتنىڭ پاك بولۇشى ئۈچۈن، زىنا-پاھىشىگە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق يوللارنى چەكلەيدۇ.

3. دوختۇرنىڭ داۋالىشى، تۇغۇت قاتارلىق ئەۋرەتكە قاراش زۆرۈر بولغان ئەھۋاللاردا شەھۋەتسىز قارىسا دۇرۇس بولىدۇ.

4. مۇسۇلمان ئەۋرىتىنى يېپىشقا، باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىگىمۇ قارىماسلىققا بۇيرۇلغان.

5. چەكلىمە ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن، ئاياللارنىڭ ئاياللار بىلەن بىرگە يېتىشىدىن چەكلەشكە خاستۇر، چۈنكى بۇ ئەۋرەتكە قاراش ۋە ئۇنى ئېچىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

(8904)

(226) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال: لَمْ يَكُنِ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَاحِشًا وَلَا مُتَفَحِّشًا، وَكَانَ يَقُولُ: «**إِنَّ مِنْ خِيَارِكُمْ أَحْسَنَكُمْ أَخْلَاقًا**». [صحيح] - [متفق عليه]

(226) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ناچار سۆز-ھەرىكەتلەر سادىر بولمايتتى .ئۇ مۇنداق دەيتتى: «**سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاراڭلاردىكى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىڭلار**».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن گۈزەل ۋە بۈيۈك ئەخلاق ساھىبى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەرگىزمۇ سەت گەپ ۋە ناچار ئىشلار سادىر بولمايتتى، ئۇنداق ئىشلارنى مەقسەتمۇ قىلمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم مۇنداق دەيتتى: »**سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ،ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەخلاقىڭلار ئەڭ گۈزەل، ياخشىلىقنى كۆپ قىلغۇچى، ئوچۇق چىراي باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان، يەتكەن ئەزىيەتكە سەبىر قىلىدىغان ۋە كىشىلەر بىلەن گۈزەل شەكىلدە ئارىلىشىپ ئۆتىدىغانلىرىڭلاردۇر**«.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇئمىن كىشى سەت گەپ ۋە ناچار ئىشلاردىن يىراق بولىشى كېرەك.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەقەت ياخشى ئەمەل ۋە ئېسىل سۆزلەرنىڭ سادىر بولغانلىقى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەمالى ئەخلاق ساھىبى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

3. گۈزەل ئەخلاق دېگەن مۇسابىقە قىلىشىدىغان مەيداندۇر، كىمكى بۇ مەيداندىكى مۇسابىقىدىن ئۇتۇپ چىقىدىكەن، ئۇ كىشى مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىسى ۋە ئىمانى مۇكەممەل بولغىنىدۇر.

(5803)

(227) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «**إنَّ الْمُؤْمِنَ لَيُدرِكُ بِحُسْنِ خُلُقِهِ دَرَجَةَ الصَّائِمِ القَائِمِ**». [صحيح بشواهده] - [رواه أبو داود وأحمد]

(227) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان :»**مۇئمىن ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزدە روزا تۇتۇپ، كېچىدە قىيامدا تۇرغانىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ**«.

[ھەدىس نەقىل ئېلىنغان باشقا شاھىتلىرى بىلەن سەھىھ]-[]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاق ساھىبىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن دائىم كۈندۈزدە روزا تۇتۇپ، كېچىدە قىيامدا تۇرغانىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ .گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۇغلانمىسى دېگەن :ياخشىلىق قىلىش، چىرايلىق سۆز قىلىش، ئوچۇق چىراي بولۇش، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزمەسلىك ۋە كىشىلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەبرى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىسلامنىڭ ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

2. گۈزەل ئەخلاقنىڭ يەزىلىتىدىن بەندە ئۇنىڭ بىلەن چارچاپ قالماي روزا تۇتىدىغان ۋە ھېرىپ قالماي كېچىدە قىيامدا تۇرىدىغان كىشىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ.

3. كۆندۈزدە روزا تۇتۇش ۋە كېچىدە قىيامدا تۇرۇش بولسا ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان بۇيۇك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، گۈزەل ئەخلاق ساھىبى ئۆزىنىڭ مۇشۇ گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك ئەمەل قىلغانىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ.

(5799)

(228) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا، وَخَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِنِسَائِهِمْ». [حسن] - [ رواه أبو داود والترمذي وأحمد]

(228) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :مۇئمىنلەردىن كامالى ئىمانغا ئىگە كىشىلەر ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغان كىشىلەردۇر .سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر». [ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ (بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولغانلىرىنىڭ ئىمانىنىڭ مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى .ئەخلاقى گۈزەل دېگەنلىك :خۇش چىراي بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك قاتارلىقلاردۇر.
مۇئمىنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى؛ ئۆزىنىڭ ئاياللىرىغا قىزلىرىغا، ھەمشىرىلىرىگە، يېقىن ئايال تۇغقانلىرىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىدۇر، چۈنكى ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشقا ئەڭ لايىق بولغانلاردۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. گۈزەل ئەخلاقنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىماندىندۇر.
2. ئەمەل ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان زىيادە ۋە كەم بولىدۇ.
3. ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئىززەت-ئىكرام قىلىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى.

(5792)

(229) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ أَكْثَرِ مَا يُدْخِلُ النَّاسَ الْجَنَّةَ، فَقَالَ: «تَقْوَى اللهِ وَحُسْنُ الْخُلُقِ»، وَسُئِلَ عَنْ أَكْثَرِ مَا يُدْخِلُ النَّاسَ النَّارَ فَقَالَ: «الْفَمُ وَالْفَرْجُ». [حسن صحيح] - [رواه الترمذي وابن ماجه وأحمد]

(229) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كۆپ كىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئەمەللەردىن سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: »ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق«دېگەن. كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كۆپ كىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئىشتىن سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: »ئېغىز ۋە ئەۋرەت دېگەن« دېگەن. [ھەسەن سەھىھ]-[]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنساننى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەڭ كاتتا سەۋەپلەردىن تۆۋەندىكى ئىككىنى بايان قىلىپ بەردى:

ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق.

ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش دېگەن: ئىنسان ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ ئارىسىغا ساقلىنىدىغان بىرنەرسە قىلىشتۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىش بىلەن بولىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دېگەن: ئوچۇق چىراي بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىشتۇر.

دوزاخقا كىرگۈزىدىغان كاتتا سەۋەپلەردىن ئىككى سەۋەپ بولۇپ، ئۇ ئىككىسى: تىل ۋە ئەۋرەت.

تىلنىڭ ئاسىيلىقى بولسا: يالغان سۆز قىلىش، غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئەۋرەتنىڭ ئاسىيلىقى: زىنا، بەچچىۋازلىق ۋە باشقىلار.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىنساننىڭ جەننەتكە كىرىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئالاقدار بولغان سەۋەبلىرىدىن: تەقۋادارلىق. كىشىلەرگە ئالاقدار بولغان سەۋەپلەردىن: گۈزەل ئەخلاق.

2. تىلنىڭ خەتىرى ساھىبىغا بولۇپ، ئۇ ساھىبىنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

3. شەھۋەت ۋە پاھىشەنىڭ خەتىرى ساھىبىغا بولۇپ، بۇ دوزاخقا كىرىشنىڭ ئەڭ كۆپ سەۋەپلىرىدىندۇر.

(5476)

(230) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَحْسَنَ النَّاسِ خُلُقًا. [صحيح] - [متفق عليه]

(230) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل زات ئىدى**». [بەش شەرت تولۇق بولغادا(سەھىھ) [ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاقتا كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ مۇكەممەل زات ئىدى، بارلىق گۈزەل-ئەخلاقتا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى، سۆزنى چىرايلىق قىلاتتى، كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى، ئوچۇق چىراي ئىدى، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغاتتى، باشقىلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەبرى قىلاتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇكەممەل ئەخلاق ساھىبى ئىكەنلىكى.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقتا مۇكەممەل ئۈلگە ئىكەنلىكى.

3. گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

(6180)

(231) – قال سعد بن هشام بن عامر -عندما دخل على عائشة رضي الله عنها-: يَا أُمَّ الْمُؤْمِنِينَ، أَنْبِئِينِي عَنْ خُلُقِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، قَالَتْ: أَلَسْتَ تَقْرَأُ الْقُرْآنَ؟ قُلْتُ: بَلَى، قَالَتْ: فَإِنَّ خُلُقَ نَبِيِّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ الْقُرْآنَ. [صحيح] - [رواه مسلم في جملة حديثٍ طويلٍ]

(231) – سەئد بىن ھشام بىن ئامىر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەندە مۇنداق دېدى :ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى !ماڭا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن بولسىلا؟ دېگەن ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا :سەن قۇرئان ئوقۇمامسەن؟ دېدى، ئۇ كىشى :ئەلۋەتتە ئوقۇيمەن دېدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:»پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى« دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت) (تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-)] [

**شەرھىسى:**

مۇمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ،ئەخلاقى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ئۇ كىشىگە ئەتراپلىق بىر سۆز بىلەن جاۋاپ بەردى سوئال سورىغۇچىنى مۇكەممەل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلىغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان، قۇرئان كەرىم بۇيرىغاننى تولۇق ئادا قىلاتتى، قۇرئان كەرىم چەكلىگەن نەرسىلەردىن يىراق بولاتتى، ئەخلاقى قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە توختاش، ئەدەپلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىش، كەلتۈرگەن مىسال ۋە قىسسىلەردىن ئىبرەت ئېلىش ئىدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغانلىقىغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.
2. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى مەدھىيەلەش، چۈنكى ئۇ ۋەھىينىڭ نۇرلىرىدىندۇر .
3. قۇرئان كەرىم بارلىق ئېسىل ئەخلاقنىڭ مەنبەسىدۇر.
4. ئەخلاق چۈشەنجىسى ئىسلامدا بۇيرىغاننى ئادا قىلىش ۋە چەكلىگەندىن يېنىشتىن ئىبارەت دىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(8265)

(232) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: «كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يعجبه التيمُّن في تَنَعُّلِّه، وترجُّلِه، وطُهُورِه، وفي شَأنه كُلِّه». [صحيح] - [متفق عليه]

(232) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياغ كەيگەندە، چاچ تاراپ مايلىغاندا، تاھارەت ئالغاندا ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [سەھىھ بولىدۇ-]ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەتلىرىدىن بىرنگە بايان قىلىپ بەرگەن، ئۇ بولسىمۇ؛ ئاياقنى كىيىشتە، چېچىنى تاراشتا، تاھارەت ئېلىشتا، ۋە بارلىق ئىشلاردا ئوڭ تەرەپتىن باشلايتتى .يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنىڭ ئوخشىشىدىمۇ شۇنداق، كۆينەك، شىملارنى كىيىش، ئۇخلاش، يەپ-ئىچىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئىشلاردا ئوڭ تەرەپتىن قىلىش ئىدى .بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى پال ئېلىش ۋە ئوڭ تەرەپنى سول تەرەپتىن ئەۋزەل بىلگەنلىك .ئەمما ناپاك، مەينەت نەرسىلەردە بولسا سول تەرەپتىن باشلاش ئەۋزەل، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن، ئەۋرەتنى تۇتۇشتىن توستى .ئوڭ قولنى پاكىز نەرسىلەر ئۈچۈن، سول قولنى ناپاك نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3018)

(233) – عن شداد بن أوس رضي الله عنه قال: ثِنْتَانِ حَفِظْتُهُمَا عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ اللهَ كَتَبَ الْإِحْسَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ، فَإِذَا قَتَلْتُمْ فَأَحْسِنُوا الْقِتْلَةَ، وَإِذَا ذَبَحْتُمْ فَأَحْسِنُوا الذَّبْحَ، وَلْيُحِدَّ أَحَدُكُمْ شَفْرَتَهُ، فَلْيُرِحْ ذَبِيحَتَهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(233) – شەدداد بىن ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزىدىن مۇنۇ ئىككى سۆزنى ئېسىمدە تۇتىۋالدىم: »ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، سىلەر ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق بولغان ئىنسانلارنى )قىساستا ياكى ئۇرۇشتا (قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار، مال بوغۇزلىساڭلار چىرايلىق بوغۇزلاڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار پىچىقىنى ئىتتىك قىلسۇن ۋە بوغۇزلىغان مالنى راھەتلەندۈرسۇن«. [بەش شەرت تولۇق(سەھىھ) [[بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بىزگە ،ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق )ئېھسان (قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، ئېھسان دېگەن :ئىبادەتتە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتا، ھەر قانداق جانلىققا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىشتا دائىم ئاللاھ تائالانىڭ كۆزۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقتۇر، ئۇلاغ ئۆلتۈرۈش ۋە مال بوغۇزلاشتا ئۇلاغنى قىينىماي زەبىھ قىلىشمۇ ئېھساننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قىساس ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىتتا ئېھسان قىلىش دېگەن :ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جېنىنى ئەڭ تىز ۋە ئەڭ يەڭگىل بولغان يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تاللاشتۇر.

مال بوغۇزلىغاندا ئېھسان قىلىش دېگەن :مال بوغۇزلايدىغان پىچاقنى ئىتتىك قىلىپ بوغۇزلىغان ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ پىچاقلارنى بىلىمەسلىك، باشقا ئۇلاغلار قاراپ تۇرسا كۆز ئالدىدا يەنە بىرىنى بوغۇزلىماسلىق قاتارلىقلار.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان رەھمىتى ۋە كۆيۈنىشى.
2. ئۆلتۈرىدىغان ۋە بوغۇزلايدىغان ھايۋانلارغا ئېھسان قىلىش شەرئى يولغا ئاساسەن بولىدۇ.

3. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئومۇمى ۋە ھەممە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، شۇنىڭ جۈملىسىدىن :ئۆلتۈرىدىغان ھايۋانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىش.

4. ،ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئىنساننى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ قۇلىقىنى ۋە بۇرنىنى كېسىدىغان ئىشلاردىن چەكلەش.

5. .ھايۋانلارنى ئازابلايدىغان ھەر قانداق ئىش ھارامدۇر

(4319)

(234) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**إِنَّ الْمُقْسِطِينَ عِنْدَ اللهِ عَلَى مَنَابِرَ مِنْ نُورٍ، عَنْ يَمِينِ الرَّحْمَنِ عَزَّ وَجَلَّ، وَكِلْتَا يَدَيْهِ يَمِينٌ، الَّذِينَ يَعْدِلُونَ فِي حُكْمِهِمْ وَأَهْلِيهِمْ وَمَا وَلُوا**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(234) – :ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قولى ئوڭدۇر، بەرىكەتلىكتۇر، ئۇلار قىلغان ھۆكۈملىرىدە ۋە ئائىلىلىرىدە ۋە ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئىشلاردا ئادىللىق قىلىدۇ**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]

-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ خەۋەر بېرىدۇكى، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەق بىلەن ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغان، ئائىلىسىدىمۇ ئادالەتلىك ئىش قىلغان كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە ئىززەت-ئىكرام قىلىنىپ، نۇردىن ياسالغان ئالى تەختلەر ۋە يۈكسەك ئورۇنلاردا ئولتۇرىدۇ .بۇ تەختلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قولى ئوڭدۇر، بەرىكەتلىكتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. .ئادالەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش

2. ،ئادالەت دېگەن ئومۇمى بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشنى، ھەتتا ئاياللىرى ۋە پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. ئادىللىق قىلغۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى مەقامىنىڭ بايانى.

4. قىيامەت كۈنى ئىمان ئەھلىنىڭ ئورۇنلىرى قىلغان ئەمەللىرىگە كۆرە پەرقلىق بولىدۇ.

5. رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى بولسا؛ دەۋەتتە دەۋەت قىلىنغۇچىنى تائەت-ئىبادەتكە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

(4935)

(235) – عن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «لَا ضَرَرَ وَلَا ضِرَارَ، مَنْ ضَارَّ ضَرَّهُ اللَّهُ، وَمَنْ شَاقَّ شَقَّ اللَّهُ عَلَيْهِ». [صحيح بشواهده] - [رواه الدارقطني]

(235) – ،ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، كىمكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، كىمكى كىشىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ». ھەدىس نەقىل [كۆپلىگەن باشقا شاھىتلىرى بىلەن سەھىھ- دارى قۇتنىي "سۈنەن دارى قۇتنىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا يېتىشى ئېنىق بولغان تۈرلۈك شەكىلدىكى زىيانلاردىن ساقلىنىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا قانداق شەكىلدە بولسۇن زىيان يەتكۈزۈشى توغرا بولمايدۇ.

زىيانغا زىيان بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى زىيان زىيان بىلەن يوق قىلىنمايدۇ، لېكىن قىساس ئالىدىغان ۋاقىتتا بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كەتمەي ئالسا بولىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام» :باشقىلارغا زىيان سالغان كىشىنىڭ چوقۇم زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى، باشقىلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان كىشىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. باشقىلارنىڭ قىلغان قىلمىشىدىن ئارتۇق جازالاشتىن ئاللاھ چەكلىگەن.
2. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر ئىشقا بۇيرىمىدى.
3. بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق بىلەن ۋە ئاغزاكى بولسىمۇ ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ھارام بولىدۇ.
4. جازا-مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ، كىمكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە ئاللاھ ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، كىمكى كىشىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.
5. شەرىئەت قائىدىسىدىن: زىيان يوق قىلىنىدۇ، شەرىئەت زىياننى ئىتىراپ قىلمايدۇ زىيان يەتكۈزۈشنى چەكلەيدۇ.

(4711)

(236) – عن أبي هريرة رضي الله عنه: أَنَّ رَجُلًا قَالَ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَوْصِنِي، قَالَ: «لَا تَغْضَبْ» فَرَدَّدَ مِرَارًا قَالَ: «لَا تَغْضَبْ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(236) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىشنى تەلەپ قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئاچچىقلانمىغىن» دېدى، ئۇ كىشى تەكرار تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاچچىقلانمىغىن» دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنى پايدىلىق بىر ئىشقا باشلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى ئاچچىقلانماسلىققا بۇيرىدى، بۇنىڭ مەنىسى: ئاچچىقلىنىشقا سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى كونتۇرۇل قىلىش، ئاچچىقى كىلىش بىلەنلا ئۇرۇشۇش تىللىشىش، ھەتتا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلارغا قەدەم باسماسلىقتىن ئىبارەت.

ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەكرار تەلەپ قىلدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە »ئاچچىقلانمىغىن «دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاچچىقلىنىش ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلىش كېرەك چۈنكى ئۇ يامانلىقنىڭ جۇغلانمىسىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلىقنىڭ جۇغلانمىسىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ.
2. ئىنسان ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئاياغ-ئاستى قىلغاندەك ئىشلارغا غەزەپلەنسە، بۇ ماختىلىدىغان غەزەپلىنىش بولىدۇ.
3. ھاجەت بولغاندا سۆزنى تەكرار قىلىش بولسا، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېسىدە تۇتىۋېلىشى ۋە ئۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر.
4. ئالىم-ئۆلىمالاردىن ياخشى ئىشلارغا تەۋسىيە قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىدۇ.

(4709)

(237) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**لَيْسَ الشَّدِيدُ بِالصُّرَعَةِ، إِنَّمَا الشَّدِيدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(237) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**چېلىشىشتا يېڭىۋالغان كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى ھەقىقى كۈچلۈك دېگەن ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىدۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت

[(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتنى بەدەننىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ياكى كۈچلۈكلەرنى چېلىشىشتا يېڭىۋالىدىغان كۈچ ئەمەسلىكى بەلكى ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئۆز نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى كونتۇرۇل قىلالايدىغان مەنىۋي كۈچ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئۆز نەپسى بىلەن شەيتانغا غالىب كېلىدىغان ئىمانىي كۈچ-قۇۋۋەتتىن ئىبارەتتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىس كەڭ قورساقلىقنىڭ ۋە ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، چۈنكى ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش؛ ئىسلام ئۈندىگەن رىغبەتلەندۈرگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
2. ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشچانلىق قىلىش بولسا، دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر.
3. ئىسلام كۈچ-قۇۋۋەت توغرىسىدىكى نادانلارچە چۈشەنچىنى ئېسىل ئەخلاققا ئۆزگەرتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ھەر ۋاقىت ئۆزىنى كونتۇرۇل قىلالايدىغان كىشىدۇر.
4. شەخس ۋە جەمئىيەتكە زىيان يېتىدىغان ئىشلارغا سەۋەپ بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاچچىقلىنىشتىن يىراق بولۇش لازىم.

(5351)

(238) – عن عبد الله بن عمر رضي الله عنهما قال: سَمِعَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَجُلًا يَعِظُ أَخَاهُ فِي الْحَيَاءِ، فَقَالَ: «**الْحَيَاءُ مِنَ الْإِيمَانِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(238) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىغا ھايا توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىگە: «**ھايا ئىماندىن دېدى**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىغا ھايا توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، بەك كۆپ ھايا قىلىپ كەتمىگىن دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ كىشىگە :ھايانىڭ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى، ھايانىڭ پەقەت ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.
ھايا دېگەن؛ ئىنساننى گۈزەل ئىشلارنى قىلىشقا، قەبىھ ئىشلارنى تەرك قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان خىسلەتتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. سىزنى ياخشىلىقتىن چەكلەپ قويىغان نەرسە ھايا بولمايدۇ، بەلكى بۇ خىجىللىق ئاجىزلىق، قورۇنۇش ۋە قورقۇنچاقلىقتۇر.

2. ئاللاھدىن ھەقىقى ھايا قىلىش دېگەن :بۇيرۇلغان ئىشلارنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك قىلىش بىلەن بولىدۇ.

3. كىشىلەردىن ھايا قىلىش بولسا، ئۇلارنى ئېھتىرام قىلىش، ھەر كىشىنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويۇش، ئۆرپ-ئادەتتە قەبىھ كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشتۇر.

(5478)

(239) – عن المِقدام بن معدي كرب رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «إِذَا أَحَبَّ الرَّجُلُ أَخَاهُ فَلْيُخْبِرْهُ أَنَّهُ يُحِبُّهُ». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي والنسائي في السنن الكبرى وأحمد]

(239) – مىقدام بىن مەدىي كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئىنسان ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۆز ئارا مېھرى-مۇھەببەت پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەردىن بىرىنى بايان قىلىپ، ئۇ بولسىمۇ؛ ئىنسان بىر دىنى قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدۇ.

2. ئاردىكى مېھرى-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىق زىيادە بولىشى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

3. ئىمانى قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈپ ۋە پارچىلىنىپ كېتىشىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مۆمىنلەر ئۆز-ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەتنى ئاشكارا قىلىشى كېرەك.

(3017)

(240) – عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**كُلُّ مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ**». [صحيح] - [رواه البخاري من حديث جابر، ورواه مسلم من حديث حذيفة]

(240) – جابىر بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**ھەرقانداق ياخشىلىق سەدىقەدۇر**». [سەھىھ (بەش شەرت) تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، كىشىلەرگە مەنپەئەتى يېتىدىغان ھەر قانداق سۆز-ھەرىكەتلەردىن بولغان ياخشىلىق سەدىقە بولىدۇ، بۇنىڭغا ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. سەدىقە ئىنسانلار سەرىپ قىلىدىغان پۇل-مال بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئەمەلى ۋە ئاغزاكى ھەرىكەتلىرى بىلەن باشقىلارغا پايدىلىق بولغان ھەممە ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. بۇ ھەدىس كىشىلەرگە پايدىسى يېتىدىغان ھەرقانداق ئىشتا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

3. گەرچە ئاز بولسىمۇ ھېچ قانداق بىر ياخشىلىقنى تۆۋەن كۆرمەسلىك كېرەك.

(5346)

(241) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال رسول الله -صلى الله عليه وآله وسلم-: «كل سُلامى من الناس عليه صدقة كل يوم تطلع فيه الشمس: تَعْدِلُ بين اثنين صدقةٌ، وتُعِينُ الرجلَ في دابتِه فتَحملُهُ عليها أو تَرفعُ له عليها متاعَهُ صَدَقَةٌ، والكلمةُ الطيبةُ صدقةٌ، وبكل خُطْوَةٍ تمشيها إلى الصلاة صدقةٌ، وتُميط الأذَى عن الطريق صدقةٌ». [صحيح] - [متفق عليه]

(241) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان بەدىنىدىكى ھەر بىر ئۇگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن كۈندە سەدىقە قىلىپ تۇرۇشى لازىم.ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشى سەدىقە بولىدۇ.بىر كىشىنىڭ ئۇلىغىغا مىنىشكە ياردەم بىرىشى ياكى ئۇلاغ ئۈستىدىكى كىشىگە نەرسىسىنى سۇنۇپ بىرىشى قاتارلىقلارمۇ سەدىقە بولىدۇ.ياخشى سۆز سەدىقە بولىدۇ.ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقىدۇر.يولدىن كىشىلەرگە ئازار يىتىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋىتىش سەدىقىدۇر [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە [مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

ھەر بىر ئۇگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن كۈندە سەدىقە قىلىپ تۇرۇش لازىم .ئۇگىلەرنىڭ سانى 360 »ئۈچيۈز ئاتمىش« دۇر، رەسۇلۇللاھ شۇنىڭدىن كىيىن سەدىقە ھىسابلىنىدىغان ئىشلارنى مىسال ئالدى .ئۇ ئىشلار ھەركەت ۋە سۆز ئارقىلىق، چەكلىك ۋە چەكسىز يەنى كىشىلەرگە يىتىدىغان مەنپەئەت چەكلىك ۋە چەكسىز بولىدۇ، دىدى .رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى پەقەت بىر مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىنغاندۇر .ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل بولۇش دىگەنلىك ھۆكۈم قىلغاندا ۋە ئىسلاھ قىلغاندا بارلىققا كىلىدۇ. .ئۇ سۆز ئارقىلىق باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر .بىر كىشىگە ئۇلۇقىغا مىنىشتە ياردەم بىرىش ياكى يۈك-تاقىسىنى سۇنۇپ بېرىش دىگەنلىك، ھەركەت ئارقىلىق مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. ياخشى سۆزگە زىكىر-تەسبىھ، دۇئا ۋە قىرائەت، تەلىم-تەربىيە ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىقلار كىرىدۇ .ئۇ چەكلىك چەكسىز سۆز بىلەن بولىدۇ .مۇسۇلمان كىشىنىڭ مەسچىتكە ماڭغان قەدىمى ئۆزىگە قىلغان سەدىقە بولىدۇ .بۇ چەكلىك ئىش-ھەركەت. يولدىن كىشىلەرگە ئازار يىتىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋىتىش يەنى تىكەن، تاش، ئەينەك پارچىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار .بۇ چەكسىز ئىش-ھەركەت

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(4568)

(242) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي -صلى الله عليه وآله وسلم- قال: «مَن نَفَّسَ عن مؤمنٍ كُرْبَةً من كُرَبِ الدُّنيا نَفَّسَ اللهُ عنه كُرْبَةً من كُرَبِ يومِ القِيَامَة، ومن يَسَّرَ على مُعْسِرٍ يَسَّرَ اللهُ عليه في الدُّنيا والآخرةِ، ومن سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ في الدُّنيا والآخرةِ، واللهُ في عَوْنِ العَبْدِ ما كَانَ العبدُ في عَوْنِ أَخِيهِ، ومن سَلَكَ طَرِيقًا يَلتَمِسُ فِيهِ عِلمًا سَهَّلَ اللهُ له به طريقًا إلى الجنةِ، وما اجْتَمَعَ قَوْمٌ في بيتٍ من بيوتِ اللهِ يَتْلُونَ كتابَ اللهِ ويَتَدَارَسُونَهُ بينهم إلا نَزَلَتْ عليهم السَّكِينَةُ وغَشِيَتْهُمُ الرَّحْمَةُ وحَفَّتْهُمُ الملائِكَةُ، وذَكَرَهُمُ اللهُ فِيمَنْ عِندَهُ، ومَن بَطَّأَ به عمله لم يُسرع به نَسَبُهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(242) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: كىمكى مۆمىندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۋىتىدۇ، كىمكى بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىپىنى ياپىدۇ. بىر بەندە قېرىنداشىنىڭ ياردىمىدىلا بولىدىكەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا بولسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەت يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ، قانداق بىر قەۋم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىگە يىغىلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئۇنى ئۆز-ئارا ئۆگىنىشىدىكەن ئۇلارغا ئاللاھ تائالا خاتىرجەملىكنى چۈشۈرىدۇ، ئۆز رەھمىتىگە ئالىدۇ، مالائىكىلەر ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرگە ماختاپ تىلغا ئالىدۇ. كىمنىڭكى ئەمەل-ئىبادىتى ئاز بولسا، ئۇ كىشىنى نەسەبى جەننەتكە كىرگۈزەممەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىس شەرىپ بىزگە تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كىمكى مۇسۇلماندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە ياكى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان بىر كىشىنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە ياكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە، قىلغان ياخشى

ئەمەللىرىنىڭ تۈرىدىن مۇكاپات بېرىدۇ .بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قىيىن ئىشلاردا ،ياردەم بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا مۇۋەپپەقىيەت قىلىدۇ كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يول يۈرسە، زىكىر-تەسبىھ سورۇنلىرىغا بارسا، ئىلمىگە ئەمەل قىلىدىغان يېتىشكەن ئالىملارنىڭ دەرس سورۇنلىرىغا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بارسا، بۇ ھەقتە مەنىۋى يوللارنىمۇ باسسا، خۇددى مۇزاكىرە قىلىش، قىرائەت قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ۋە پايدىلىق ئىلىملارغا مۇيەسسەر بولغاندا بۇ ھەقتە ئويلىنىشتەك، يەنى بۇ قەدەملەرنى ياخشى نىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن باسسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىلىمگە يەتكۈزىدۇ .ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ،ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز-ئارا ئۆگىنىش ئۈچۈن يىغىلغان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا خاتىرجەملىكنى كەڭ رەھمىتىنى بېرىدۇ ۋە مالائىكىلەرنىڭ شۇلار بىلەن سورۇنداش بولۇش، ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك ماقامىدا ماختاش شەرىپىنى بېرىدۇ .ئاخىرەتتىكى شەرەپ؛ ئىنسانىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىش ۋە نەسەبى بىلەن بولماستىن بەلكى ئەمەل ۋە ئىبادەتلەر بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(4801)

(243) – عَنْ أَبِي بَرْزَةَ الأَسْلَمِيِّ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**لَا تَزُولُ قَدَمَا عَبْدٍ يَوْمَ القِيَامَةِ حَتَّى يُسْأَلَ عَنْ عُمُرِهِ فِيمَا أَفْنَاهُ، وَعَنْ عِلْمِهِ فِيمَ فَعَلَ، وَعَنْ مَالِهِ مِنْ أَيْنَ اكْتَسَبَهُ وَفِيمَ أَنْفَقَهُ، وَعَنْ جِسْمِهِ فِيمَ أَبْلَاهُ**». [صحيح] - [رواه الترمذي]

(243) – ئەبى بەرزەتەل ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**ئىنسان قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى نىمىگە سەرىپ قىلدى، ئۆگەنگەن ئىلىمىگە قانچىلىك ئەمەل قىلدى، مال-دۇنياسىنى قەيەردىن تاپتى ۋە نىمە ئىشلارغا چىقىم قىلدى، جىسمىنى نىمە ئىشلار بىلەن خورۇتتى؟ بۇنىڭدىن سورىلىدۇ؟**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- تىرمىزىي"سۈنەن[تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە :ئىنسانلاردىن ھەر بىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدە تۆۋەندىكى ئىشلاردىن سورالماي تۇرۇپ ھىساپ مەيدانىدىن جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئۆتۈپ كەتمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

بىرىنچى :ھاياتىنى نىمە ئىشلار بىلەن ئاخىرلاشتۇردى؟.

ئىككىنچى :ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى تەلەپ قىلدىمۇ؟، بىلگىنىگە يارىشا ئەمەل قىلدىمۇ؟، ئىلىمنى كىشىلەرگە يەتكۈزدىمۇ؟.

ئۈچىنچى :مال-دۇنيانى قەيەردىن تاپتى، ھالالدىنمۇ ياكى ھارامدىنمۇ؟، مالنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا سەرىپ قىلدىمۇ ياكى ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان ئىشلارغا سەرىپ قىلدىمۇ؟.

تۆتىنچى :جىسمىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ساقلىقىنى، ياشلىقىنى نىمە ئىشلار بىلەن يوق قىلدى ۋە نىمىگە سەرىپ قىلدى؟.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىنسان ھاياتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇنى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك.
2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نىمەتلىرى بەك كۆپ، ئىنسان ئۇ نىمەتلەردىن سوئال قىلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نىمەتلەرنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا سەرىپ قىلىش كېرەك.

(4950)

(244) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «السَّاعِي عَلَى الأَرْمَلَةِ وَالمِسْكِينِ، كَالْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ، أَوِ القَائِمِ اللَّيْلَ الصَّائِمِ النَّهَارَ». [صحيح] - [متفق عليه]

(244) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۇل ئايال ۋە پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلار ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققان ياكى كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ كۈندۈزدە روزا تۇتقانغا ئوخشاشتۇر». سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىنى قىلالمايدىغان تۇل، ئىگە چاقىسىز ئاياللار ۋە ئېھتىياجلىق پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، ئاللاھ تائالادىن ئەجىر-ساۋاپ تەلەپ قىلىپ ئۇلارغا خەير-ئېھسان قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققۇچى ياكى كېچىسى چارچىماستىن تەھەججۇت ئۈچۈن قىيامدا تۇرغان، كۈندۈزى داۋاملىق نەپلە روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش پەزىلەتكە نائىل بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ ھەدىس :ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىشقا ئىگە بولۇش ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىششقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.
2. ئىبادەت بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۇل ئايال ۋە پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشمۇ ئىبادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.
3. ئىبنى ھەببىرە مۇنداق دەيدۇ :بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت؛ ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا روزا تۇتقۇچى، كېچىدە قىيامدا تۇرغۇچى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى جۇغلايدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى تۇل ئايالغا نىسبەتەن يولدىشىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ خىزمىتىنى قىلدى....، ئۆز ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ،ئاجىز كەلگەن مىسكىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، ئۆزىنىڭ ئارتۇق ماللىرىنى نەپىقە قىلدى تىرىشىپ تاپقان مېلىنى سەدىقە قىلدى، بۇنىڭ پەزىلىتى روزا تۇتقانىنىڭ، قىيامدا تۇرغانىنىڭ ۋە جىھاد قىلغانىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ.

(3135)

(245) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ جَارَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(245) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى خوشنىسىنى ئىكرام قىلسۇن، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى مېھمىنىغا ئىززەت قىلسۇن«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئاللاھقا ۋە ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايى بولغان ئاخىرەت كۈنىگە، ئۇ كۈندە ئەمىلىگە يارىشا بېرىلىدىغان جازا-مۇكاپاتقا ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئىمانى تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى:

بىرىنچى: چىرايلىق سۆز :تەسبىھ، تەھلىل، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلار، بۇنداق قىلالمىغان كىشى تىلىنى ساقلاپ باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىپ سۈكۈت قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى: خوشنىغا ئىكرام قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك.

ئۈچىنچى: زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانىنى چىرايلىق سۆز ۋە ئېسىل تائاملار بىلەن ياخشى كۈتۈۋېلىش قاتارلىقلار.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش بولسا بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسى بولۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.
2. تىلنىڭ ئاپىتىدىن ھەزەر قىلىش.
3. ئىسلام دىنى؛ ھەمكارلىق ۋە سەخاۋەت دىنىدۇر.

4. .بۇ خىسلەتلەر ئىماننىڭ شاخچىلىرى ۋە مەدھىيلىنىدىغان ئەدەبلەردىندۇر

5. ،سۆزنى كۆپ قىلىش مەكرۇھ بولغان ياكى ھارام بولغان ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ .ياخشىلىقتىن باشقىنى سۆزلىمەسلىك ئىنساننى سالامەت قىلىدۇ

(5437)

(246) – عن أبي ذر رضي الله عنه قال: قال لي النبي صلى الله عليه وسلم: «**لَا تَحْقِرَنَّ مِنَ الْمَعْرُوفِ شَيْئًا، وَلَوْ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلْقٍ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(246) – ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن :»**ياخشىلىقتىن ھېچ قانداق بىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرمىگىن، گەرچە قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن بېقىش بولسىمۇ**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ياخشىلىق گەرچە ئاددى بولسىمۇ ئۇنى تۆۋەن كۆرمەسلىككە رىغبەتلەندۈردى .مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارغا ئوچۇق*-چىراي، خۇش- تەبەسسۇم بىلەن قاراشمۇ ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر .مۇسۇلمان قېرىندىشى بىلەن ئۈلپەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، خۇش-تەبەسسۇم ۋە ئۇچراشقان ۋاقىتتا خۇرسەن قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

2. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ھەممىنى ئۆز ئېچىگە ئالغانلىقىنى بايان قىلىش بولۇپ، شەرىئەت مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولىدىغان ۋە ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدىغان ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەلدى.

3. .ياخشى ئىش گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش

4. مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا خۇرسەنلىك پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت كۈچىيىدۇ.

(5348)

(247) – عن جرير بن عبد الله رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ لَا يَرْحَمِ النَّاسَ لَا يَرْحَمْهُ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ». [صحيح] - [متفق عليه]

(247) – جەرىر بىن ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ تائالامۇ رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ». [بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ (سەھىھ) بولىدۇ]-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە؛ ئىنسانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭمۇ رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغانلىقىنى، بەندىنىڭ كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە نائىل بولۇشىنىڭ كاتتا سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بارلىق مەخلۇقاتلار ئۈچۈن رەھىم-شەپقەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئىنسانلارنى خاس قىلىشى ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىندۇر.
2. ئاللاھ تائالا رەھىم-شەپقەت قىلغۇچى بولۇپ، بەندىلىرىدىن رەھىمدىل كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ، مۇكاپات ئەمەلنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ.
3. كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىش دېگەن :ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى يوق قىلىش ۋە ئۇلارغا گۈزەل شەكىلدە مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5439)

(248) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «الرَّاحِمُونَ يَرْحَمُهم الرَّحمنُ، ارحَمُوا أهلَ الأرضِ يَرْحَمْكُم مَن في السّماء». [صحيح] - [ رواه أبو داود والترمذي وأحمد]

(248) – ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»رەھىمدىل كىشىلەرگە ئالالھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، زېمىن ئەھلىگە رەھمەت قىلساڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ«. [سەھىھ(بەش [](شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :باشقىلارغا مېھرىبان بولغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا مۇۋاپىق ھالدا )ئۆزىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان( مەرھەمىتى بىلەن رەھمەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زېمىندىكى ئىنسان، ھايۋان، ئۇچارقۇش ۋە ئۇنىڭ غەيرىدىكى بارلىق جانلىقلارغا رەھىمدىل بولغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا مۇكاپاتلاپ، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىسلام دىنى رەھمەت دىنىدۇر، ئىسلام ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارغا ياخشىلىق قىلىش ئاساسىغا قايىمدۇر.
2. ئاللاھ تائالا مەرھەمەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر، ئاللاھ تائالا مېھرىباندۇر، رەھىم-شەپقەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە رەھمىتىنى يەتكۈزگۈچىدۇر.
3. جازا-مۇكاپات ھەر ئىشنىڭ ئۆز تۈرىدىن بولىدۇ، رەھىمدىل كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ.

(8289)

(249) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ، وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ مَا نَهَى اللَّهُ عَنْهُ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(249) – ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مۇسۇلمان دېگەن :مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىل ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئەزىيەتلەردىن سالامەت قالغان كىشىدۇر. مۇھاجىر دېگەن :ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس] [(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىسلامى كامىل بولغان مۇسۇلمان دېگەن كىشىلەر ئۇنىڭ تىلىدىن سالامەت قالغان، كىشىلەرنى تىللىمايدىغان، لەنەت ئېيتمايدىغان، غەيۋەتنى قىلمايدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا قايسى تۈردىن بولسۇن ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمانلار ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن سالامەت قالىدۇ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز ئىلىۋالمايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يوللار بىلەنمۇ ئەزىيەت يەتكۈزمەيدۇ .مۇھاجىر دېگەن ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىسلامنىڭ مۇكەممەل بولۇشى باشقىلارغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك بىلەن بولىدۇ.
2. ھەدىستە قول بىلەن تىلنى زىكىر قىلدى، چۈنكى قول بىلەن تىلنىڭ خاتالىقى ۋە زىيىنى كۆپ بولىدۇ ۋە ئاساسلىق يامانلىقلار بۇ ئىككىسىدىن سادىر بولىدۇ.
3. گۇناھ-مەئسىيەتنى تەرك قىلىش ۋە ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى لازىم تۇتۇش.
4. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ھوقۇقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشىدۇر.
5. باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش بەزى ئاغزاكى بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئەمەلىي بولىدۇ.
6. مۇكەممەل ھىجرەت دېگەن :ئۇ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى تەرك قىلىشتۇر.

(10101)

(250) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «**حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ خَمْسٌ: رَدُّ السَّلَامِ، وَعِيَادَةُ الْمَرِيضِ، وَاتِّبَاعُ الْجَنَائِزِ، وَإِجَابَةُ الدَّعْوَةِ، وَتَشْمِيتُ الْعَاطِسِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(250) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»**مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىكى ھەققى بەشتۇر، سالامغا جاۋاپ بېرىش، كېسەل بولسا يوقلاش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، چاقىرىققا ئىجابەت قىلىش ۋە چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇ لىللاھ دېسە ئۇنىڭغا يەرھەمكەللاھ دەپ جاۋاپ بېرىش**.«

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەق-ھوقۇقلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ ھەق-ھوقۇقلارنىڭ ئەۋۋىلى: ئۇچراشقاندا سىزگە سالام قىلغان كىشىنىڭ سالامىغا جاۋاپ قايتۇرۇش.

ئىككىنچىسى :كېسەل بولۇپ قالسا، كېسىلىنى يوقلاش ۋە زىيارەت قىلىش.

ئۈچىنچىسى :ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۆيىسىدىن باشلاپ جىنازە نامىزى ئادا قىلىدىغان ئورۇنغىچە ۋە ئۇ يەردىن قەبرىستانلىققىچە جىنازىگە ئەگىشىپ ھەتتا دەپنە قىلىپ بولغىچە بىرگە تۇرۇش.

تۆتىنچىسى :توي، ئەقىقە دېگەندەك زىياپەتلەرگە چاقىرىلسا، چاقىرىققا ئىجابەت قىلىپ بېرىش.

بەشىنچىسى :بىر كىشى چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇ لىللاھ دېسە ئۇنىڭغا يەرھەمكەللاھ دەپ جاۋاپ بېرىش. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشكۈرگۈچى: ئاللاھ سىزنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭىزنى ياخشى قىلسۇن دەپ جاۋاپ بېرىش.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىسلام ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ھەق-ھوقۇقلارنى تەكىتلەش ۋە قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى كۈچلاندۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

(251) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «لَا تَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا، وَلَا تُؤْمِنُوا حَتَّى تَحَابُّوا، أَوَلَا أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ؟ أَفْشُوا السَّلَامَ بَيْنَكُمْ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(251) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»سىلەر)ھەقىقى(مۇئمىن بولمىغىچىلىك جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە ئۇنى قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشىدىغان ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۆزئارا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ [بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ياخشى كۆرمىگۈچە، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولمايدىغانلىقى، ئىمان مۇكەممەل بولمايدىغانلىقى ۋە ئىمان مۇكەممەل بولمىسا جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەتنى ئومۇملاشتۇرىدىغان بىر قانچە ياخشى ئىشلارنى كۆرسەتتى، ئۇ ئىشلاردىن بىرى: ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن ھۆرمەت بەلگىسى قىلغان سالامنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئاشكارا قىلىشتۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. جەننەتكە كىرىش پەقەت ئىمان بىلەن بولىدۇ.
2. ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشى، مۇسۇلمان ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرۈش بىلەن بولىدۇ. .
3. مۇسۇلمانلار ئۆز جەمئىيىتىدە مېھرى-مۇھەببەت، تىنچ-خاتىرجەملىكنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا بىر-بىرىگە سالامنى ئاشكارا قىلىشى كېرەك.
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ »ئاراڭلاردا« دېگەن سۆزىگە كۆرە، سالام پەقەت مۇسۇلمانغا قىلىنىدۇ.

5. ئۆزئارا سالام قىلىش دېگەن ئارىدىكى ئۆچمەنلىك، بىر-بىرىنى تەرك قىلىش ۋە ئالاقىسىنى ئۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى يوق قىلىدۇ.

6. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەتنىڭ بەك مۇھىم ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇ ئىماننى مۇكەممەل قىلىدۇ.

7. يەنە بىر ھەدىستە تولۇق سالام قىلىش شەكلى مۇنداق كەلگەن":ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمە تۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ"،ئەگەر "ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم "دېسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

(3361)

(252) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا: أَنَّ رَجُلًا سَأَلَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَيُّ الإِسْلاَمِ خَيْرٌ؟ قَالَ: «**تُطْعِمُ الطَّعَامَ، وَتَقْرَأُ السَّلاَمَ عَلَى مَنْ عَرَفْتَ وَمَنْ لَمْ تَعْرِفْ**». [صحيح - [متفق عليه]

(252) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :بىر كىشى پەيغەمبەر ،ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرى قايسى؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :باشقىلارغا تائام بېرىشىڭىز، سىز تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشىڭىز، دەپ جاۋاب بەرگەن سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس [(سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامدىكى ئەڭ ئەۋزەل خىسلەتلەر قايسى؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى خىسلەتنى زىكىر قىلدى:
بىرىنچىسى :كەمبەغەللەرگە كۆپ يېمەكلىك بېرىش، سەدىقە، ھەدىيە، زىياپەت ۋە توي قاتارلىقلارمۇ يېمەك بېرىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر، بولۇپمۇ ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋاقىتلاردا يېمەك بېرىش ياخشىدۇر.
ئىككىنچىسى :تونىغان ياكى تونىمىغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا سالام بېرىش.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ساھابىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان ئىشلارنىڭ خىسلىتىنى بىلىشكە بەك ھېرىسمەن ئىدى.
2. سالام قىلىش ۋە يېمەك بېرىش بولسا ئىسلامدىكى ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ، كىشىلەر بۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئېھتىياجلىق بولىدۇ.
3. بۇ ئىككى خىسلەت بىلەن ئاغزاكى ۋە ئەمەلى ياخشىلىق جۇغلىنىشىدۇ، بۇ مۇكەممەل ياخشىلىقتۇر.
4. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن قىلىشىدىغان مۇئامىلىلىرىگە شۇنداقلا بەندىنىڭ رەببى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىگە ئالاقىدار بولغان خىسلەتتۇر.
5. ئۆزئارا سالام قىلىش ۋە سالامنى يۇرۇن قىلىش دېگەن مۇسۇلمانلارغا خاس بىر ئىش بولۇپ، كاپىرغا دەسلەپتە سالام قىلىنمايدۇ.

(5808)

(253) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**الْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ، خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللهِ مِنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيفِ، وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ، احْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ، وَاسْتَعِنْ بِاللهِ وَلَا تَعْجَزْ، وَإِنْ أَصَابَكَ شَيْءٌ، فَلَا تَقُلْ لَوْ أَنِّي فَعَلْتُ كَانَ كَذَا وَكَذَا، وَلَكِنْ قُلْ قَدَرُ اللهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ، فَإِنَّ (لَوْ) تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَانِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(253) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىدۇر ۋە ئاللاھ تائالاغا ياخشى كۆرەلگۈچىدۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ھېرىسمەن بولۇڭ، ئاللاھدىن ياردەم سوراڭ، ئاجىز بولماڭ، ئەگەر سىزگە بىر ئىش يەتسە، ئەگەر ئۇنداق، بۇنداق قىلغان بولسام بوپتىكەن دېمەڭ، لېكىن ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغىنى بولدى، ئاللاھ خالىغاننى قىلىدۇ دەڭ، "ئەگەر" دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئاچىدۇ**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- [ئىمام مۇسلىم "سەھىھ مۇسلىم" ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىدە ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىمانى، ئىرادىسى كۈچلۈك، مال-دۇنياسى كۆپ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئىشلىرىدا باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغان كىشى ئاللاھ تائالاغا ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى كۆرەلگۈچىدۇر .ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرگە :ئاللاھقا تايىنىپ، ئاللاھدىن ياردەم سوراپ ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ دۇنيا-ئاخىرەت ئىشلىرىدىن ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارنىڭ سەۋەپلىرىنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. ئاندىن ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دۇنيادا مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن چېكىنىش ھورۇنلۇق قىلىش، بوشاڭلىق قىلىش ۋە ئېغىر بولۇۋېلىشتىن چەكلىدى .مۇئمىن ئىش-ئەمەللەرنى قىلىشتا تىرىشچانلىق قىلسا، سەۋەپلەرنى قىلسا، ئاللاھدىن ياردەم سوراش بىلەن بىرگە ئاللاھدىن ياخشىلىقنى تەلەپ قىلسا، ئۇ كىشى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشى .كېرەك، شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ تاللىغىنى ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشىدۇر ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر بالا-مۇسىبەت يەتسە، تۆۋەندىكى سۆزنى دېمىسۇن :ئەگەر مەن مۇنداق، مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتىكەن دېمىسۇن" .ئەگەر "دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئاچىدۇ ."بۇنىڭدا يوقالغان نەرسىگە ھەسرەتلىنىپ تەقدىرگە قارشى چىقىش بولىدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ، رازى بولۇپ :«**ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئاللاھ**

**خالىغان ئىشنى قىلدى**» دېسۇن. ئەگەر چەكلەنگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ خالىغاننى قىلغۇچىدۇر، ئاللاھنىڭ ھۆكمى قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە بىرسى قوشۇمچە قىلالمايدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. كىشىلەر ئىماندا پەرقلىق بولىدۇ.
2. ئەمەللەردە كۈچلۈك بولۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئاجىزلار ئېرىشەلمىگەن پايدىلارغا ئېرىشىدۇ.
3. ئىنسان ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ھېرىسمەن بولىشى، پايدىسى بولمايدىغان ئىشلارنى تەرك قىلىشى كېرەك.
4. مۇئمىنگە ھەممە ئىشلىرىدا ئۆزىگىلا تايىنىۋالماستىن ئاللاھ تائالادىن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.
5. ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ھۆكمىنى ئىسپاتلاش بولسا، بۇ سەۋەپلەرنى قىلىپ ياخشىلىق تەلەپ قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ.
6. مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئۇنى ئۆز كۆرۈش يولى بىلەن "ئەگەر "ئۇنداق بولغان بولسا ياكى بۇنداق بولغان بولسا دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش چەكلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى ۋە ھۆكمىگە قارشى چىقىش ھارامدۇر.

(5493)

(254) – عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَا زَالَ يُوصِينِي جِبْرِيلُ بِالْجَارِ، حَتَّى ظَنَنْتُ أَنَّهُ سَيُوَرِّثُهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(254) – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: »جىبرائىل ئەلەيھسسالام دائىم ماڭا خوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىدىن ھەتتا خوشنىنى مىراسخۇر قىلىپ قويامدىكىن دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم [بىردەك قوبۇل قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، جىبرائىل ئەلەيھسسالام دائىم ئۆزىگە خوشنىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكرارا-تەكرار تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولغان خوشنا مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، تۇغقان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا بۇيرىغانلىقىدىن، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خوشنىنىڭ ھەققىنىڭ كاتتا بولغانلىقى، جىبرائىل ئەلەيھسسالامنىڭ تەكرار-تەكرار تەۋسىيە قىلغانلىقىدىن، ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە خوشنىسى ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ ئايەت نازىل بولاپ قالامدىكى دەپ ئويلاپ قالغان.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. خوشنىنىڭ ھەققى بۈيۈكتۇر، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ۋاجىپتۇر.
2. خوشنىڭ ھەققىنى ۋەسىيەت ئارقىلىق تەكىتلەش بولسا ئۇنى ئىكرام قىلىش، ھۆرمەت قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، زىيان يەتكۈزمەسلىك، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، خۇرسەنلىكىنى تەبرىكلەش، مۇسىيبەتكە ئۇچرىغاندا تەزىيە بىلدۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ.
3. خوشنىنىڭ ئىشىكى يېقىن بولغانسىرى ئۇنىڭ ھەققىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.
4. ئىسلام شەرىئىتى ئىنتايىن مۇكەممەل بولۇپ، خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا يېتىدىغان ئەزىيەتلەردىن چەكلىنىش ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىش قاتارلىق جەمئىيەت ئىسلاھاتىغا پايدىلىق ئىشلارنى يولغا قويىدى.

(255) – عن أبي الدرداء رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ رَدَّ عَنْ عِرْضِ أَخِيهِ رَدَّ اللهُ عَنْ وَجْهِهِ النَّارَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ». [صحيح] - [رواه الترمذي وأحمد]

(255) – ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»كىمكى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [ ([بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام؛ مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشى )ئۇ يوق ۋاقىتتا (سۆكۈلگەندە ياكى ئۇ كىشى توغرىسىدا يامان سۆزلەر قىلىنغاندا، ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى ئازابتىن ساقلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكىدىغان سۆزلەرنى قىلىش چەكلىنىدۇ
2. ،مۇكاپات قىلغان ئىشنىڭ تۈرىدىن بولىدۇ، كىمكى قىرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدىسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدۇ.
3. ئىسلام قىرىنداشلىق، ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش دىنىدۇر.

(5514)

(256) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «لا يؤمنُ أحدُكم حتى يحبَّ لأخيه ما يحبُّ لنفسِه». [صحيح] - [متفق عليه]

(256) – ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن :سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە )كامىل (مۆمىن بولالمايدۇ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ] [(بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

ئىمانى مۇكەممەل بىر مۆئمىن ئۆزىگە نېمىنى ياخشى كۆرسە قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرۈشى لازىم .بۇ ياخشى كۆرۈش قېرىندىشىغا پايدىلىق بولىدىغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك .مەيلى ئۇ دىنى جەھەتتىن ياكى دۇنيالىقتا بولسۇن، نەسىھەت، توغرا يولغا يېتەكلەش، ياخشىلىقدا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا قېرىندىشىنى يېتەكلىشى، ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان زىيانلىق، ئەيىپ سانىلىدىغان ئىشلاردىن قېرىندىشىنى يىراقلاشتۇرۇشى لازىم

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(4717)

(257) – عن عائشة رضي الله عنها زوج النبي صلى الله عليه وسلم عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «إِنَّ الرِّفْقَ لَا يَكُونُ فِي شَيْءٍ إِلَّا زَانَهُ، وَلَا يُنْزَعُ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا شَانَهُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(257) – پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ھەرقانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولىدىكەن ئۇ چىرايلىق بولىدۇ، ھەرقانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولمايدىكەن ئۇ قەبىھتۇر«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆز-ھەرىكەتلەردە مۇلايىملىق، سىلىقلىق، تەمكىنلىك بولسا بۇ ئىش ناھايىتى مۇكەممەل، گۈزەل ۋە چىرايلىق بولىدىغانلىقى، بۇ ئىشنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆز ھاجىتىنى ئادا قىلىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.
مۇلايىملىق ۋە سىلىقلىق بولمىغان ئىشلارنىڭ ئەيىپلىك، كۆرۈمسىز بولىدىغانلىقى، بۇ ئىشنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆز ھاجىتىنى ئادا قىلىشتىن چەكلەپ قويىدىغانلىقى، گەرچە تاپسىمۇ بەك قىيىن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مۇلايىملىق بىلەن ئەخلاقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
2. مۇلايىملىق كىشىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئۇ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىكى ياخشىلىقنىڭ سەۋەبىدۇر.

(5796)

(258) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم : «**إن الدين يسر، ولن يشاد الدين إلا غلبه، فسددوا وقاربوا وأبشروا، واستعينوا بالغدوة والروحة وشيء من الدلجة**».

وفي رواية: «**سددوا وقاربوا، واغدوا وروحوا، وشيء من الدلجة، القصد القصد تبلغوا**». [صحيح]

- [رواه البخاري]

(258) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :»**دىن ھەقىقەتەن ئاسان، كىم دىننى قىيىنلاشتۇرسا دىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ، توغرىلاڭلار، يېقىنلىشىڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلىنىڭلار**« دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى .يەنە بىر رىۋايەتتە :»**توغرىلاڭلار، يېقىنلىشىڭلار، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئىش قىلىڭلار، ئوتتۇرا ھال بولۇڭلار، نىشانغا يېتەلەيسىلەر**«

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- بۇخارى"سەھىھۇل

[بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

بىرەر كىشى دىن ئىشلىرىدا چوڭقۇرلاپ، قولايلىقنى تاشلىسا، پۈتكۈل ياكى قىسمەن ئەمەلىدىن توختاپ قالىدۇ، شۇڭا ئاشۇرۇۋېتمەستىن، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار، ئەڭ مۇكەممەلىنى قىلالمىساڭلار، ئۇنىڭغا يېقىنراقىنى قىلىڭلار، گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئىزچىل ئەمەلگە بېرىلىدىغان ساۋابتىن خۇش بىشارەت ئېلىڭلار .تېتىك ۋە بوش ۋاقىتىڭلاردا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىڭلار .نەۋەۋى مۇنداق دېگەن :»الدين« دېگەن سۆز :قىلغۇچىسى نامەلۇم كىلىپ، پېچ ئوقۇلۇپ ۋە يەنە بىر ھەدىستە" :لن يشاد الدين أحد "دەپ زەۋەر ئوقۇلۇپمۇ كەلگەن .رەسۇلۇللاھنىڭ :»إلا غلبه« دېگەن سۆزى :دىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ، چىڭقىتقۇچى «دىننىڭ يوللىرى كۆپ بولغانلىقتىن قارشىلىششىدىن ئاجىز كىلىدۇ،- دېگەن مەنىدە .»الغدو «ئەتىگەن تەرەپلەردە يول يۈرۈش، »الرواح« كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدا يول يۈرۈش، »الدلجة كېچىدە يول يۈرۈش دېگەن مەنىدە .بۇ ئوخشىتىش ئۇسلۇبى بولۇپ، توغرا يولدا مېڭىۋاتقان ،مۇسۇلمان :يۈرتىدىكى ۋاقىتىدا كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىشلەپ، ئازراق ئارام ئالىدىغان سەپەر قىلغاندا كېچىسى مېڭىپ، چارچىغاندا توختاپ، ئارام ئالىدىغان دۇنيا خىزمىتىدىكى ئىنسانغا ئوخشىتىلغان .ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا يۈزلىنىشمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(5795)

(259) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «يَسِّرُوا وَلَا تُعَسِّرُوا، وَبَشِّرُوا وَلَا تُنَفِّرُوا». [صحيح] - [متفق عليه]

(259) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاسانلاشتۇرۇڭلار قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇشخەۋەر بېرىڭلار ئۈركىتىۋەتمەڭلار«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە دىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالا دۇرۇس قىلغان دائىرىدە، شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ھالەتتە ئاسانلاشتۇرۇش ۋە يەڭگىللەشتۈرۈشكە، شۇنداقلا قىيىنلاشتۇرماسلىققا بۇيرىدى.
ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن خوشخەۋەر بېرىشكە، ئۈركۈتۈۋەتمەسلىككە رىغبەتلەندۈردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. مۇئمىنگە زۆرۈر بولغىنى كىشىلەرنى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر
2. ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار كىشىلەرگە ئىسلامنى قانداق يەتكۈزۈشتە ھېكمەت نەزىرى بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك.
3. دەۋەتچى كىشىلەرگە خوشخەۋەر بەرگەندە، ئۇ كىشىلەردە توغرا يولغا يۈزلىنىش، خۇرسەنلىك ۋە خاتىرجەملىكنى پەيدا قىلىدۇ.
4. دىنى ئەھكاملاردا مۇشەققەت پەيدا قىلىش؛ چېكىنىش ۋە ئۈركۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە، دەۋەتچىنىڭ سۆزلىرىدە شۈبھى پەيدا قىلىدۇ.
5. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىدىن، ئۇلارغا ئۆزى رازى بولۇپ ئاسان بولغان شەرىئەت ۋە كەڭرى بولغان دىننى بېكىتىپ بەردى.

6. ئاسانلىقتا بۇيرۇش بولسا ئۇ شەرىئەت ئىلىپ كەلگەن پىرىنسىپتۇر.

(5866)

(260) – عن أنس رضي الله عنه قال: كُنَّا عِنْدَ عُمَرَ فَقَالَ: «نُهِينَا عَنِ التَّكَلُّفِ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(260) – ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدۇق ئۇ كىشى »:بىز ئارتۇقچە تەكەللۇپتىن چەكلەندۇق «دېدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجەت بولمىغان ئەھۋالدا سۆزدە بولسۇن ياكى ئەمەلى ھەرىكەتتە بولسۇن ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشتىن چەكلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. چەكلەنگەن تەكەللۇپ دېگەن :ئورۇنسىز سوئالنى كۆپ سوراش ياكى بىلمىگەن نەرسىنى زورىغا بىلگەندەك كۆرسىتىش ياكى ئاللاھ تائالا كەڭرىچىلىك قىلىپ بەرگەن ئىشتا قاتتىق قوللۇق قىلىۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. مۇسۇلمان ئۆزىنى كەڭ قورساق بولۇش، سۆز-ھەرىكەتتە، يېمەك-ئىچمەكتە ۋە باشقا ئەھۋاللاردا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلماسلىقتا ئادەتلەندۈرىشى كېرەك.

3. ئىسلام ئاسانلىق دىنىدۇر.

(8945)

(261) – عن ابن عمر رضي الله عنهما أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «**إِذَا أَكَلَ أَحَدُكُمْ فَلْيَأْكُلْ بِيَمِينِهِ، وَإِذَا شَرِبَ فَلْيَشْرَبْ بِيَمِينِهِ، فَإِنَّ الشَّيْطَانَ يَأْكُلُ بِشِمَالِهِ، وَيَشْرَبُ بِشِمَالِهِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(261) – ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »**سىلەرنىڭ بىرىڭلار يېمەك يېسە ئوڭ قولىدا يېسۇن، ئىچىملىك ئىچسە ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، ھەقىقەتەن شەيتان سول قولىدا يەيدۇ ۋە سول قولىدا ئىچىدۇ**«.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان كىشىنى ئوڭ قولىدا يېيىش ۋە ئىچىشكە بۇيرىدى،
شەيتان سول قولىدا يەپ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن
سول قولىدا يېيىش ۋە ئىچىشتىن چەكلىدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. سول قولىدا يېيىش ۋە ئىچىش ئارقىلىق شەيتانغا ئوخشاپ قىلىشتىن چەكلەش.

(58122)

(262) – عن عُمر بن أبي سلمة رضي الله عنه قال: كُنْتُ غُلَامًا فِي حَجْرِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَكَانَتْ يَدِي تَطِيشُ فِي الصَّحْفَةِ، فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «يَا غُلَامُ، سَمِّ اللهَ، وَكُلْ بِيَمِينِكَ، وَكُلْ مِمَّا يَلِيكَ» فَمَا زَالَتْ تِلْكَ طِعْمَتِي بَعْدُ. [صحيح] - [متفق عليه]

(262) – ئۆمەر بىن ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: »مەن پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئۆيىدە تەربىيلىنىۋاتقان بالا ئىدىم، تاماق يېگەندە قولۇم قاچىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاشتۇراتتى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ماڭا مۇنداق دېدى »:ئى ئوغۇل !بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن ئېلىپ يېگىن«، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلدىم. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئۆمەر بىن ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) :ئۇ بالا پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ تەربىيەسى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن (ئۇ يېمەك يېگەندە يېمەكنى ئېلىش ئۈچۈن قاچىنىڭ ھەممە تەرىپىگە قولىنى ئۇزىتاتتى، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەك ئەدەپ قائىدىلىرىدىن ئۈچ تۈرلۈك ئەدەپ-ئەخلاقنى تەلىم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

بىرىنچى :يېمەك يېيىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش.

ئىككىنچى :ئوڭ قولى بىلەن يېيىش.

ئۈچىنچى :يېمەكنى ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن يېيىش.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئەدەپلىرىدىن دەسلەپتە بىسمىللاھ دېيىش.
2. كىچىك باللارغا ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش، بولۇپمۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى باللارنى ياخشى تەربىيلەش.
3. پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ مېھرىبانلىقى، كىچىك باللارغا تەلىم بېرىش ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتە كۆڭلى-كۆكسىنىڭ كەڭرىلىكى بايان قىلىنىدۇ.
4. يېمەك يېيىشنىڭ ئەدەپلىرىدىن ئىنسان يېمەكنى ئۆزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن يېيىش، ئەمما يېمەكلىك بىر قانچە تۈرلۈك بولسا قولىنى سوزۇپ ئېلىپ يېسە بولىدۇ.

5. ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ئەدەپ-ئەخلاقلارنى لازىم تۇتىشى، بۇنى ئۆمەر بىن سەلەمەنىڭ :مەن شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن بويىنچە يېمەك يېدىم دېگەن سۆزى ئىپادىلەيدۇ.

(58120)

(263) – عن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِنَّ اللَّهَ لَيَرْضَى عَنِ الْعَبْدِ أَنْ يَأْكُلَ الْأَكْلَةَ فَيَحْمَدَهُ عَلَيْهَا، أَوْ يَشْرَبَ الشَّرْبَةَ فَيَحْمَدَهُ عَلَيْهَا». [صحيح] - [رواه مسلم]

(263) – ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا يېمەكلىك يەپ ياكى ئىچىملىك ئىچىپ ئۆزىگە ھەمدە ئېيتقان بەندىسىدىن ئەلۋەتتە رازى بولىدۇ«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان ئىشلاردىن؛ ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ۋە پەزىلەتلىرىگە رەھمەت-تەشەككۇر ئېيتىش يېمەك يېگەندىن كېيىن ئەلھەمدۇ لىللاھ دېيىش .ئىچىملىك ئىچكەندىن كېيىن ئەلھەمدۇ لىللاھ دېيىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئېسىللىكى ۋە سېخىلىقىدىن :بەندىسىگە رىزىق ئاتا قىلىپ بەندە ئەلھەمدۇ لىللاھ دېسە رازى بولىدىغانلىقى.

2. يېمەك-ئىچمەكتىن كېيىن ھەمدە ئېيتقانغا ئوخشاش ئاسان سەۋەپلەر بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى.

3. يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئەدەپلىرىدىن :يېمەك-ئىچمەكتىن كېيىن ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش.

(5798)

(264) – عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ رضي الله عنه: أَنَّ رَجُلًا أَكَلَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِشِمَالِهِ، فَقَالَ: «**كُلْ بِيَمِينِكَ**»، قَالَ: لَا أَسْتَطِيعُ، قَالَ: «**لَا اسْتَطَعْتَ**»، مَا مَنَعَهُ إِلَّا الْكِبْرُ، قَالَ: فَمَا رَفَعَهَا إِلَى فِيهِ. [صحيح] - [رواه مسلم]

(264) – سەلەمەتە بىن ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :بىر كىشى ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سول قولى بىلەن بىر نەرسە يېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام»:ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن «دېدى، ئۇ كىشى :قادىر بولالمايمەن ياكى يېيەلمەيمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:»**قادىر بولالماسسەن-يېيەلمەمسەن؟**«دېدى، ئۇ كىشىنى تەكەببۇرلۇق ئوڭ قولى بىلەن يېيىشتىن چەكلەپ قويدى ،ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن يېمەك يېيەلمىدى. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس] [(سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ سول قولى بىلەن بىر نەرسە يېگەنلىكىنى كۆرۈپ :ئۇ كىشىنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىشكە بۇيرىدى .ئۇ كىشى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، يالغان ئېيتىپ قادىر بولالمايمەن-يېيەلمەيمەن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ ئوڭ قولى بىلەن يېيىشتىن مەھرۇم قىلىنىشىغا دۇئا قىلدى .ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئۇ كىشى شۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولى بىلەن ھېچ نەرسە يېيەلمىدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئوڭ قولى بىلەن يېيىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى، سول قولى بىلەن يېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.
2. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن چوڭچىلىق قىلغان، تەكەببۇرلۇق قىلغان كىشى جازاغا لايىق بولىدۇ.
3. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش بىلەن ئىكرام قىلدى.
4. بۇ ھەدىستە ھەر قانداق ھالەتتە ھەتتا يېمەك-ئىچمەك ۋاقتىدىمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن چەكلەشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

(265) – عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم أنه قال: «من أكل ثومًا أو بصلًا؛ فَلْيَعْتَزِلْنَا -أَوْ لِيَعْتَزِلْ مسجدنا-، وليقعد في بيته.

وأُتي بِقِدْرٍ فيه خَضِرَاتٌ من بُقُولٍ، فوجد لها ريحًا، فسأل فأخبر بما فيها من البقول، فقال: قَرِّبُوهَا إلى بعض أصحابي، فلما رآه كره أكلها، قال: كل؛ فإني أُنَاجِي من لا تُنَاجِي».

عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**من أكل الثوم والبصل والْكُرَّاثَ فلا يقربن مسجدنا؛ فإن الملائكة تَتَأَذَّى مما يَتَأَذَّى منه بنو آدم**». [صحيح] - [متفق عليه]

(265) – جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ :كىمكى خام سامساق ياكى پىياز يېسە، بىزدىن يىراق تۇرسۇن، ياكى مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن، ۋە ئۆيىدە ئولتۇرسۇن .ئۇنىڭ قېشىغا لوۋىي ۋە كۆكتات سېلىنغان بىر قازان يېمەكلىك كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن چىققان پۇراقنىڭ نېمىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى سورىدى، ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى دەپ بەردى .شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئۇنى بەزى ساھابىلىرىمغا يېقىن قويۇڭلار، دېدى ۋە ئۇنى كۆرگەندە ئۇنى يېيىشنى ياقتۇرمىدى .ۋە دېدىكى :سەن يېگىن !مەن، سەن سۆزلەشمەيدىغان زات بىلەن سۆزلىشىمەن. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :كىمكى سامساق، پىياز ۋە كۇدە يېسە، بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى پەرىشتىلەر ئادەم باللىرى ئەزىيەت چېكىدىغان نەرسىلەردىن ئەزىيەت يەيدۇ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ھەدىسنىڭ ھەر ئىككى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان]

**شەرھىسى:**

ناماز ئوقۇغۇچى، بولۇپمۇ نامازنى جامائەت توپلاشقان جايدا ئوقۇماقچى بولسا، ئەڭ خۇشپۇراق ھالدا بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خام سامساق ياكى پىياز يېگەن كىشىلەرنى، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلار ۋە پەرىشتىلەر ئەزىيەت يەيدىغان سېسىق پۇرىقى يوقىغۇچە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا ۋە نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇشقا بۇيرىدى .ئۇنىڭ قېشىغا دانلىق نەرسىلەر ۋە كۆكتاتلار سېلىنغان بىر

،قازان يېمەكلىك كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن چىققان پۇراقنى رەسۇلۇللاھ ياقتۇرمىدى شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :ئۇنى شۇ سورۇنغا ھازىر بولغان ساھابىلارغا يېقىن قويۇشقا بۇيرىدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ياقتۇرمىغىنىنى كۆرگەندىن .كېيىن، ئۇ ھارام قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى-دە، ئۇنى يېيىشتىن ئىككىلىنىپ قالدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇ نەرسىنىڭ ھارام ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى ياقتۇرماسلىقىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ھاراملىقى ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى يېيىشكە بۇيرىدى، ۋە ئۆزىنى يېيىشتىن توسقان ئىش؛ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقى ۋە ھېچكىم قىلالمايدىغان شەكىلدە يۈرەك سۆزىنى ئېيتىدىغانلىقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئالى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشقاندا ئەڭ گۈزەل ھالەتتە بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى .شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇئمىنلەردىن ئەزىيەتنى يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمنىڭ پايدىسىنى كۆزلەش، جامائەتكە ئۇ ھالدا كىلىشتىن ئىبارەت شەخسى مەنپەئەتنى كۆزلەشتىن ئەۋزەلدۇر .چۈنكى ئۇ جامائەتكە كىلەلمەسلىكنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۆزىدۇر

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(4850)

(266) – عن معاذ بن أنس رضي الله عنه مرفوعًا: «مَنْ أَكَلَ طَعَامًا، فقال: الحمدُ للهِ الذي أَطْعَمَنِي هَذَا، وَرَزَقْنِيهِ مِنْ غيرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلَا قُوَّةٍ، غُفِرَ له ما تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ». [حسن] - [ رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وأحمد]

(266)– مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن :كىمىكى تاماق يەپ بولغاندا :ماڭا تاماق بەرگەن، مېنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىمسىز بۇ تاماقلار بىلەن مېنى رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، دېسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت [(شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ- ئىبنى ماجە"سۈنەن] ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام [ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسەرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

ئىنسان قانداق بىر تاماق يېگەندە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشى كېرەك.»ماڭا بۇ يېمەكنى بەرگەن، مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز بۇ يېمەكلەر بىلەن مېنى رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن« .بۇ سۆز يېمەك-ئىچمەكنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ .چۈنكى كۈچلۈك ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئوزۇقنى ئىزدەيدۇ، بەزى ئاجىز كىشىلەر ھىلە ئارقىلىق ئوزۇقنى ئىزدەيدۇ .رەسۇلۇللاھ يۇقىرىقى سۆزى بىلەن رىزقىنىڭ قولغا كېلىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن بولىدۇ، باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئۇنىڭغا تەسىرى بولمايدۇ، دېگەنگە ئىشارەت قىلغان

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(5431)

(267) – عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رضي الله عنهما قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ أَنْ تُؤْتَى رُخَصُهُ، كَمَا يُحِبُّ أَنْ تُؤْتَى عَزَائِمُهُ». [صحيح] - [رواه ابن حبان]

(267) – ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ كەسكىن بۇيرىغان ئىشلارنى ئادا قىلىشىنى ياخشى كۆرگەندەك رۇخسەت قىلغان ئىشلارنى قىلىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ». [سەھىھ(بەش) [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىبنى ھىببان"سەھىھ ئىبنى ھىببان"ناملىق] [ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويغان ئىبادەت ۋە ئەھكاملاردىن سەپەردە ئىككى نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش، تۆت رەكئەتلىك نامازلارنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇش قاتارلىق ئۆزۈرلۈك كىشىلەرگە يەڭگىللىتىلگەن ھۆكۈمنى ئادا قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ تائالا پەرز، ۋاجىپقا ئوخشاش كەسكىن ئىشلارنى ئادا قىلىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ كەسكىن بۇيرىغان ۋە رۇخسەت قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىردۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىدىن: ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويغان رۇخسەت ئىشلارنى قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.
2. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن: شەرىئەت مۇسۇلمانلاردىن قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرىۋېتىدۇ.

(65017)

(268) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ يُرِدِ اللهُ بِهِ خَيْرًا يُصِبْ مِنْهُ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(268) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇ كىشى ياخشىلىقتىن نىسۋىسىنى ئالىدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىدىن بىر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆزى، ئائىلىسى ۋە ماللىرى ئارقىلىق سىنايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مۇئمىن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ، بۇ سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. شۈبھىسىزكى مۇئمىن تۈرلۈك سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ.
2. سىناق بەزى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندىسىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن، مەرتىۋىسىنى ئالى قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.
3. قىيىنچىلىق ۋە بالا-مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا سەبىر قىلىش، دات-پەريات قىلماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈش.

(4204)

(269) – عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ وَعَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنهما عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا يُصِيبُ الْمُسْلِمَ مِنْ نَصَبٍ وَلَا وَصَبٍ وَلَا هَمٍّ وَلَا حُزْنٍ وَلَا أَذًى وَلَا غَمٍّ حَتَّى الشَّوْكَةِ يُشَاكُهَا إِلَّا كَفَّرَ اللَّهُ بِهَا مِنْ خَطَايَاهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(269) – ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىدل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**مۇسۇلمانغا ئېغىرچىلىق، كېسەل، غەم-قايغۇ، ئەزىيەت ياكى ھەسرەت، ھەتتا سانجىلغان تىكەنگە قەدەر زىيان يېتىپلا قالسا ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ**». [بەش شەرت تولۇق(ھەسەن سەھىھ) بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە :مۇسۇلمانغا يەتكەن كېسەللىك، غەم-قايغۇ قىيىنچىلىق، بالا-مۇسىيبەت، قاتتىقچىلىق، قورقۇنچ، ئاچلىق، ھەتتا پۇتىغا تېكەن كىرىپ ئەزىيەت تارتىسمۇ بۇنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرى ئۆچۈن كاپارەت بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بولغان پەزلى، رەھمىتى، ئۇلارغا يەتكەن ئازغىنە زەرەر بىلەن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. مۇسۇلمان ئۆزىگە يەتكەن ھەرقانداق ئەزىيەتتىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەجىر-ساۋاب ئۈمىت قىلىشى كېرەك، دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولىشى ۋە خاتالىقلىرىغا كاپارەت بولىشى ئۈچۈن چوڭ-كىچىك ھەرقانداق ئەزىيەتكە سەبرى قىلىشى لازىم.

(3701)

(270) – عن صُهيب بن سِنان الرومي رضي الله عنه مرفوعاً: «عجبًا لِأَمر المُؤمِن إنَّ أمرَه كُلَّه له خير، وليس ذلك لِأَحَد إِلَّا لِلمُؤمِن: إِنْ أَصَابَته سَرَّاء شكر فكان خيرا له، وإِنْ أَصابته ضَرَّاء صَبَر فَكَان خيرا له». [صحيح] - [رواه مسلم]

(270) – سۇھەيب ئىبنى سىنان رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشلىرىدىن ئەجەبلىنىمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر. بۇ ئىش مۆمىندىن باشقىغا مەنسۇپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك يەتسە ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر خاپىلىق يەتسە بۇنىڭغا سەبرى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر».
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ" [مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

مۆمىننىڭ ئىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىق يولى بىلەن ئەجەپلەنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، چۈنكى مۆمىن ئۆزىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىدا ياخشىلىق، نىجاتلىق ۋە ئۇتۇقتىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى، بۇنىڭ پەقەت مۆمىن ئۈچۈنلا بولىدىغانلىقى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىنلەرگە ياخشىلىقنى تەقدىر قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان زەخمەت يەتسە، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا سەۋر قىلىپ ئۇنىڭدىن ئاسانچىلىق تىلىسە، ئاللاھتىن ئەجىر-ساۋاپ ئۈمىد قىلسا، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا دىنى جەھەتتىن ئىلىم-مەرىپەت ۋە ياخشى ئەمەللەر نېمەت قىلىپ بېرىلسە، دۇنيالىق تەرەپتىن مال-دۇنيا، ئەھلى-ئەۋلاد بېرىلسە ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىپ، تائەت-ئىبادەتنى ئۈلگىمەلىك ھالدا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(3298)

(271) – عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**إِذَا مَرِضَ الْعَبْدُ أَوْ سَافَرَ كُتِبَ لَهُ مِثْلُ مَا كَانَ يَعْمَلُ مُقِيمًا صَحِيحًا**». [صحيح] - [رواه البخاري]

(271) – ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**ئىنسان سەپەر قىلسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا ئۇ كىشى ئۆچۈن سەپەر قىلمىغان ۋە ساق ۋاقتىدا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئوخشىشىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] - [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز پەزلى-رەھمىتىدىن خەۋەر بېرىپ، مۇسۇلمان ساق-ساغلام، سەپەر قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا ياخشى ئەمەللەرنى تولۇق قىلىپ ئادەت قىلغان بولسا، كېسەل بولۇپ قىلىپ ئۇ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىغان بولسا، ياكى سەپەرگە چىقىپ قىلىپ ياكى باشقا بىر ئۆزرە سەۋەبلىك تولۇق ئادا قىلالمىغان بولسا، بۇ كىشى ئۆچۈن ساق ۋە سەپەر قىلمىغان ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئەمەللىرىگە ئەجىر بەرگەندەك تولۇق ئەجىر-ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسىگە پەزلى-رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.
2. بۇ ھەدىس ئىنساننى ساق ۋە بوش ۋاقىتلىرىنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

(3553)

(272) – عن معاوية رضي الله عنه قال: سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «مَنْ يُرِدِ اللَّهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ، وَإِنَّمَا أَنَا قَاسِمٌ، وَاللَّهُ يُعْطِي، وَلَنْ تَزَالَ هَذِهِ الْأُمَّةُ قَائِمَةً عَلَى أَمْرِ اللَّهِ، لَا يَضُرُّهُمْ مَنْ خَالَفَهُمْ، حَتَّى يَأْتِيَ أَمْرُ اللَّهِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(272) – مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: »**ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇ كىشىنى دىنى ئەھكاملارنى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ، ھەقىقەتەن مەن تەقسىم قىلغۇچى، ئاللاھ ئاتا قىلغۇچى، مۇشۇ ئۈممەت ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى بەرپا قىلغان مۇددەتچە ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەتتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى كەلگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا]

[(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىگە دىننى چۈشىنىدىغان بىر ئىدراك ئاتا قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىق، ئىلىم ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ ۋە تەقسىم قىلىپ بەرگۈچىدۇر. ھەقىقەتتە ئاتا قىلغۇچى ئاللاھدۇر. ئەمما ئۇنىڭ غەيرىدىكى ئىشلار بولسا سەۋەب-چارە بولۇپ، ئۇمۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەنپەئەت قىلىدۇ. مۇشۇ ئۈممەت ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئادا قىلىشنى داۋام قىلىدىكەن تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ ھەدىس شەرئى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ پەزىلىتى ۋە كاتتىلىقىنى بايان قىلىدۇ.
2. مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ھەقنى تۇرغۇزىدىغان كىشىلەرنىڭ تېپىلىدىغانلىقى، ئەگەر بىر جامائەت بۇنىڭدىن چېكىنسە ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر جامائەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىنىدۇ.
3. دىننى چۈشىنىش ۋە دىندا ئالىم بولۇش بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندىسىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلىشىدۇر.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئالدىغا بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە خالىشى بىلەن بېرىدۇ.

(5518)

(273) – عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رضي الله عنهما أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «**لَا تَعَلَّمُوا الْعِلْمَ لِتُبَاهُوا بِهِ الْعُلَمَاءَ، وَلَا لِتُمَارُوا بِهِ السُّفَهَاءَ، وَلَا تَخَيَّرُوا بِهِ الْمَجَالِسَ، فَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ، فَالنَّارُ النَّارُ**». [صحيح] - [رواه ابن ماجه]

(273) – جابىر بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ئىلىمنى ئۆلىمالار بىلەن بەسلىشىش ۋە پەخىر قىلىش، نادانلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە سورۇنغا باش بولۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۆگەنمەڭلار، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە دوزاخ لايىقتۇر**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارغا پەخىر قىلىش، ئۆلىمالار بىلەن بەسلىشىش، ئۆزىنى مەنمۇ سىلەردەك ئالىم دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىش ياكى نادانلارغا، ئەقىلسىزلەرگە خىتاب قىلىش، ئۇلارنى ئۆزىگە كۆرسىتىش ياكى سورۇنغا باش بولۇپ، باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرۇشنى مەقسەت قىلىش مەقسىدىدە ئىلىم تەلەپ قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى .كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ رىيا قىلغانلىقى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشتا ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى دوزاخقا لايىق بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىلىمنى ئىلىم بىلەن پەخىر قىلىش، مۇنازىرە قىلىش، سورۇننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇش قاتارلىق توغرا بولمىغان مەقسەت بىلەن ئۆگەنگەن كىشىگە دوزاخ ئازابى ۋەدە قىلىندى.
2. ئىلىم ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان كىشىنىڭ نىيىتىنىڭ خالىس بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىندۇ.
3. نىيەت ئەمەلنىڭ ئاساسىدۇر، جازا-مۇكاپات نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ.

(65047)

(274) – عن عثمان رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْآنَ وَعَلَّمَهُ». [صحيح] - [رواه البخاري]

(274) – ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنىنى بايان قىلىپ :ئۇ، قۇرئان كەرىمنى ئۆلچەملىك ئوقۇش، ياد قىلىش، چۈشىنىش ۋە ئىزاھلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزى ئۆگەنگەن قۇرئان كەرىم بىلىملىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئەمەل قىلغان كىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بۇ ھەدىستە قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكتىن ئىبارەت قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىپىنى بايان قىلىش.
2. ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزى ئۆگىنىپلا توختىماستىن باشقىلارغىمۇ ئۆگەتكەن كىشىدۇر.
3. قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۇنىڭ تىلاۋەت، مەنا ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(5913)

(275) – عَنْ أَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ السُّلَمِي رحمه الله قَالَ: حَدَّثَنَا مَنْ كَانَ يُقْرِئُنَا مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُمْ كَانُوا يَقْتَرِئُونَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَشْرَ آيَاتٍ، فَلَا يَأْخُذُونَ فِي الْعَشْرِ الْأُخْرَى حَتَّى يَعْلَمُوا مَا فِي هَذِهِ مِنَ الْعِلْمِ وَالْعَمَلِ، قَالُوا: فَعَلِمْنَا الْعِلْمَ وَالْعَمَلَ.

[حسن] - [رواه أحمد]

(275) – :ئەبۇ ئابدۇراھمان سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىزگە قۇرئان ئۆگۈتىدىغان كىشىلەر ھەدىس بايان قىلدۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون ئايەت ئۆگەنسە مۇشۇ ئون ئايەتنى ياد قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلىمنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە يەنە بىر ئون ئايەتنى ئۆگىنىشكە ئۆتمەيتتى، ئۇلار :بىز ئىلىم بىلەن ئەمەلنى تەڭ ئۆگەندۇق دەيتتى.

[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

### شەرھىسى:

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان كەرىمدىن ئون ئايەت ئۆگەنسە، ئۇلار مۇشۇ ئون ئايەتتىكى ئىلىمنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئۆزلەشتۈرمىگىچە باشقا ئايەتلەرگە ئۆتمەيتتى، ئۇلار ئىلىمنى ئەمەل بىلەن بىرگە ئۆگىنەتتى.

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ساھابىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.
2. قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش دېگەن :ئۇنى ئوقۇپ ياد قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ بەلكى ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.
3. بىر نەرسىنى سۆزلەش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى بىلىش كېرەك.

(65058)

(276) – عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ، وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا، لَا أَقُولُ {الم} حَرْفٌ، وَلَكِنْ {أَلِفٌ} حَرْفٌ، وَ{لَامٌ} حَرْفٌ، وَ{مِيمٌ} حَرْفٌ». [حسن] - [رواه الترمذي]

(276) – ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: :مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرىپ ،ئوقۇسا ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بولىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىگە كۆپەيتىلىدۇ، ›ئەلىف، لام مىم‹ بىر ھەرىپ دېمەيمەن .لېكىن ئەلىف بىر ھەرىپ، لام بىر ھەرىپ، مىم بىر ھەرىپتۇر [ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرىپ ئوقۇسا ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق بولىدىغانلىقى، ئۇ ياخشىلىق ئون ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ زىيادە بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى.

،ئۇنىڭدىن كېيىن :»»ئەلىف، لام، مىم ‹بىر ھەرىپ دېمەيمەن .لېكىن ئەلىف بىر ھەرىپ لام بىر ھەرىپ، مىم بىر ھەرىپتۇر«دېگەن سۆزنى بايان قىلىپ بۇ ئۈچ ھەرپنىڭ ساۋابىنىڭ ئوتتۇز ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. قۇرئان تىلاۋىتىنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
2. ھەر بىر ھەرپنى ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق بولىدىغانلىقى ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىگىچە زىيادە بولىدىغانلىقى بايان قىلىندۇ.
3. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكى ۋە سېخىلىقىدىن ئۆزىنىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن بەندىلىرىگە ئەجرى ساۋاپىنى زىيادە قىلىپ بېرىدۇ.
4. قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۆزلەردىن بولغان پەزلى، ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى بايان قىلىندۇ، چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ كالامىدۇر.

(6275)

(277) – عن عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:
**«يقالُ لصاحبِ القرآن: اقرَأ وارتَقِ، ورتِّل كما كُنْتَ ترتّل في الدُنيا، فإن منزِلَكَ عندَ آخرِ آية تقرؤها»**. [حسن] - [رواه أبو داود والترمذي والنسائي في الكبرى وأحمد]

(277) – ئابدۇللاھ بىن ئەمىر بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **»قۇرئان ياد قىلغۇچى ئۇچۇن: ئوقۇغىن، يۇقىرى ئۆرلىگىن، دۇنيادا قۇرئان كەرىمنى تەرتىل بىلەن تىلاۋەت قىلغاندەك تىلاۋەت قىلغىن ھەقىقەتەن سېنىڭ ئورنۇڭ سەن تىلاۋەت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتكىچە بولىدۇ، دېيىلىدۇ«.**
[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دائىم قۇرئان ئوقۇغۇچى، قارىغا، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلغۇچىغا ۋە قۇرئاننى ياد قىلغۇچىغا جەننەتكە كىرگەندە: قۇرئان ئوقۇغىن، شۇنىڭ بىلەن جەننەتتىكى يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلىگىن، دۇنيادا ئالدىرماي تەرتىل بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلغىن، سىنىڭ ئورنۇڭ سەن ئوقۇغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتكىچە بولىدۇ دېيىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. مۇكاپات ئەمەلنىڭ مىقدارى ۋە ئادا قىلىنىشىغا مۇۋاپىق بولىدۇ.
2. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش، تەكرارلاش، ياد قىلىش، مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
3. جەننەتتە ئالىي ئورۇنلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلەر بار، قۇرئان ساھىبلىرى جەننەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ.

(65054)

(278) – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ إِذَا رَجَعَ إِلَى أَهْلِهِ أَنْ يَجِدَ فِيهِ ثَلَاثَ خَلِفَاتٍ عِظَامٍ سِمَانٍ؟**» قُلْنَا: نَعَمْ. قَالَ: «**فَثَلَاثُ آيَاتٍ يَقْرَأُ بِهِنَّ أَحَدُكُمْ فِي صَلَاتِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ ثَلَاثِ خَلِفَاتٍ عِظَامٍ سِمَانٍ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(278) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئائىلىسىگە قايتقاندا ئائىلىسىدە سېمىز ھامىلدار ئۈچ تۆگە بولۇشىنى ياقتۇرامدۇ؟**»دېگەن ئىدى، بىز: ھەئە دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ نامىزىدا ئۈچ ئايەت ئوقۇشى ئۇ كىشى ئۈچۈن سېمىز ھامىلدار ئۈچ تۆگە بولغاندىن ياخشىدۇر» دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت) [تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە] رىۋايەت قىلغان]

### شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا ئۈچ ئايەت ئوقۇغاننىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ ئىنسان ئۆيىگە قايتقاندا سېمىز ئۈچ ھامىلدار تۆگىنى تاپقاندىنمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. نامازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.
2. ياخشى ئەمەللەر يوقالغۇچى دۇنيا مەنپەئەتىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈ قالغۇچىدۇر.
3. بۇ ئارتۇقچىلىق پەقەت ئۈچ ئايەت تىلاۋەت قىلىشقا باغلىق ئەمەس، ناماز ئادا قىلغۇچى نامىزىدا ئايەتنى قانچە كۆپ ئوقۇسا ئۇنىڭ ئەجىر-ساۋابى تۆگىلەرنىڭ سانىدىن ياخشى بولىدۇ.

(65053)

(279) – عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «تَعَاهَدُوا هَذَا الْقُرْآنَ، فَوَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ لَهُوَ أَشَدُّ تَفَلُّتًا مِنَ الْإِبِلِ فِي عُقُلِهَا». [صحيح] - [متفق عليه]

(279) – ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »قۇرئان كەرىمنى تەكرار قىلىپ تۇرۇڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان قەلبىدىن قېچىشى باغلاقتىن قاچقان تۆگىنىڭ قېچىشىدىنمۇ تېزدۇر«. [سەھىھ(بەش شەرت]

[(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆپ تەكرار قىلىش ۋە دائىم تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرىدى. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ تەكىتلىدى، ئىنسان قۇرئان كەرىمنى تەكرارلاپ تۇرمىسا باغلاقتىكى تۆگە باغلاقنى يېشىۋەتسە قاچقاندەك، ئۇ ئىنساننىڭ دىلىدىن ئۇنىڭدىنمۇ بەكراق قاچىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قۇرئاننى تەكرارلاپ تۇرمىسا ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. قۇرئان كەرىمنى ياد قىلغۇچى ئۇنى دىلىدا چىڭ ساقلاش، ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەكرارلاپ تۇرۇشى كېرەك

2. قۇرئان كەرىمنى تەكرارلاپ تۇرۇشنىڭ پايدىلىرىدىن: ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىش، قىيامەتتە دەرىجىسى ئۈستۈن بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

(5907)

(280) – عن أبي هريرة رضي الله عنه: أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «لَا تَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ مَقَابِرَ، إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْفِرُ مِنَ الْبَيْتِ الَّذِي تُقْرَأُ فِيهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(280) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيدىن ئۈركۈپ قاچىدۇ«. سەھىھ(بەش [(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيلەرنى نامازدىن خالى قويۇپ خۇددى ناماز ئادا قىلىنمايدىغان قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋېلىشتىن چەكلىگەن.
ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيدىن ئۈركۈپ قاچىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئۆيلەردە نەپلە ناماز، ئىبادەت ۋە زىكىرلەرنى كۆپ قىلىشنىڭ ياخشىلىقىنى بايان قىلىدۇ.
2. قەبرىستانلىقتا ناماز ئادا قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلىش بولسا، قەبرە ساھىبى توغرىسىدا چەكتىن ئېشىپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ۋاستە بولۇپ قالىدۇ، جىنازە نامىزى ئادا قىلسا بولىدۇ.
3. قەبرىنىڭ يېنىدا ناماز ئادا قىلىشتىن چەكلەش ساھابىلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەلىيلەشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسلام ئۆيلەرنى ناماز ئوقۇلمايدىغان قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىپ قويۇشتىن چەكلىدى.

(6208)

(281) – عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ رضي الله عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**يَا أَبَا الْمُنْذِرِ، أَتَدْرِي أَيُّ آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ مَعَكَ أَعْظَمُ؟**» قَالَ: قُلْتُ: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قَالَ: «يَا أَبَا الْمُنْذِرِ، أَتَدْرِي أَيُّ آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ مَعَكَ أَعْظَمُ؟» قَالَ: قُلْتُ: {اللهُ لا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ} [البقرة: 255]. قَالَ: فَضَرَبَ فِي صَدْرِي، وَقَالَ: «**وَاللهِ لِيَهْنِكَ الْعِلْمُ، أَبَا الْمُنْذِرِ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(281) – ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**ئى مۇنزىرنىڭ ئاتىسى! ئاللاھنىڭ كىتابىدىن سەن بىلەن بولغان ئەڭ كاتتا ئايەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟، مەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام» ئى مۇنزىرنىڭ ئاتىسى! ئاللاھنىڭ كىتابىدىن سەن بىلەن بولغان ئەڭ كاتتا ئايەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دېدى، مەن: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھنىڭ ھاياتلىقى ئەبەدىيدۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر**» دېدىم [سۈرە بەقەرە 255-ئايەت]. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ «: ئاللاھ بىلەن قەسەم! ئى ئابا مۇنزىر ! ئىلىم ساڭا ئاسان بوپتۇ» دېدى. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ كاتتا ئايەت قايسى؟ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىشتە ئىككىلىنىپ ئاندىن ئۇ ئايەتەل كۇرسى دېدى، «الله لا إله إلا هو الحي القيوم»، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى قوللاپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ: ئۇنىڭدا ئىلىم-ھېكمەتنىڭ تولغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى، ئۇنىڭغا بۇ ئىلىم بىلەن بەختلىك ۋە ئۇنىڭغا ئىلىمنىڭ ئاسان بولۇشىغا دۇئا قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ ھەدىستە: ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ كاتتىلىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. ئايەتەل كۇرسى ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ كاتتا ئايەت بولۇپ، ئۇنى ياد قىلىش، مەنىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(65059)

(282) – عن أبي مسعود رضي الله عنه قال: قال النبي صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قَرَأَ بِالْآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ». [صحيح] - [متفق عليه]

(282) – ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئىككى ئايەتنى ئوقۇسا بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا كۇپايە قىلىدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىمكى كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئىككى ئايەت ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى شۇ كېچىنىڭ يامانلىقىغا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە: كېچىلىك قىيامغا كۇپايە قىلىدۇ دېيىلگەن، ياكى باشقا بارلىق زىكىرلەرگە كۇپايە قىلىدۇ دېيىلگەن ياكى ئەڭ ئاز بولغاندا كېچىدە قىيامدا تۇرغاندا ئوقۇيدىغان قۇرئان تىلاۋىتىگە كۇپايە قىلىدۇ دېيىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرمۇ بار. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇپ، كۇپايە قىلىدۇ دېگەن سۆز بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنىڭ پەزىلىتى، ئۇ ئىككى ئايەت بولسا «آمن الرسول... دىن سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە».
2. بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرى كېچىدە ئۇنى ئوقۇغان كىشىدىن شەيتاننىڭ يامانلىق ۋە ناچارلىقىدىن قوغدايدۇ.
3. كېچە كۈن ئولتۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ، تاڭ يورۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

(6274)

(283) – عن أبي الدرداء –رضي الله عنه- عن النبي صلى الله عليه وسلم : «مَنْ حَفِظَ عَشْرَ آيَاتٍ مِنْ أَوَّلِ سُورَةِ الكَهْفِ، عُصِمَ مِنَ الدَّجَّالِ». وفي رواية: «مِنْ آخِرِ سُورَةِ الكَهْفِ». [صحيح - [رواه مسلم]

(283) – ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»كىمكى سۈرە كەھپنىڭ بېشىدىن ئون ئايەت ياد ئالسا دەججالدىن ساقلىنىدۇ« يەنە بىر رىۋايەتتە:»سۈرە كەھپنىڭ ئاخىرىدىن ياد ئالسا «دېيىلگەن [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

كىمكى سۈرە كەھپنىڭ بېشىدىن ياكى ئاخىرىدىن ئون ئايەت ياد قىلسا، ئىككى تۈرلۈك ،رىۋايەتكە ئاساسەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ۋە يامانلىقىدىن ساقلايدۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن دەججال ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(6265)

(284) – عن النعمان بن بَشِير رضي الله عنه قال: سمعت النبيَّ صلى الله عليه وسلم يقول: «الدُّعَاءُ هُوَ الْعِبَادَةُ»، ثُمَّ قَرَأَ: «{وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ} [غافر: 60]». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه وأحمد]

(284) – نۇمان بىن بەشىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: »دۇئا ئىبادەتتۇر« ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى :{وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ} تەرجىمىسى :(»دۇئايىڭلارنى (قوبۇل قىلىمەن )تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن(، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ« ]سۈرە غاپىر 60-ئايەت[ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا[ [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى .شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق دۇئانى تەلەپ بولسۇن ياكى بىر نەرسە سوراش بولسۇن خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش، ئاللاھ تائالادىن دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى سوراش، زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى تىلەش كېرەك .دۇئا ئىبادەت بولغان ئىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالا ،ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ئاشكارا-يوشۇرۇن بولسۇن قەلبى ئىبادەت ياكى بەدەنى ئىبادەت بولسۇن ياكى مالىي ئىبادەت بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

،ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى دەلىل قىلدى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :{وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ ۚ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ} تەرجىمىسى((» :دۇئايىڭلارنى (قوبۇل قىلىمەن )تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن(، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ».

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. دۇئا ئىبادەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەرپ قىلىش توغرا بولمايدۇ.

2. دۇئا :بەندىچىلىكنىڭ ھەقىقىتىنى، پەرۋەردىگارنىڭ ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى تەكىداشسىز قۇدرىتىنى، بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ چوڭچىللىق قىلىش ۋە دۇئانى تەرك قىلىشنىڭ جازاسىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىدىغانلارنىڭ خار بولغان ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان ھالەتتە جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

(5496)

(285) – عن عائشة رضي الله عنها قالت: كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَذْكُرُ اللهَ عَلَى كُلِّ أَحْيَانِهِ. [صحيح] - [رواه مسلم]

(285) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ :»**پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلاتتى**«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشقا بەك ھېرىس ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقانداق ئورۇن، ۋاقىت ۋە ھالەتتە ئاللاھنى زىكىر قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش ئۈچۈن چوڭ-كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ،

2. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرۋاقىت ئاللاھنىڭ زىكرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

3. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكتىن ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، لېكىن ھاجەت ئادا قىلىۋاتقان بەزى بىر ھالەتتە ئاللاھنى زىكىر قىلىش چەكلىنىدۇ.

(8402)

(286) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «لَيْسَ شَيْءٌ أَكْرَمَ عَلَى اللهِ تَعَالَى مِنَ الدُّعَاءِ». [حسن] - [رواه الترمذي وابن ماجه وأحمد]

(286) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: »**ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا دۇئادىنمۇ ئېسىل بىر نەرسە يوق**«. [ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە (مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[]

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دۇئادىنمۇ ئەۋزەلراق بىر ئىبادەتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى .چۈنكى دۇئادا ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن بىھاجەت ۋە ئالىي ئىكەنلىكى، بەندىنىڭ ئاجىز، ھەر ۋاقىت ئاللاھقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. دۇئانىڭ پەزىلىتى :ئاللاھقا دۇئا قىلغان كىشى ئاللاھنى ئۇلۇغلايدۇ .ئاللاھ تائالانىڭ ،ھەممىدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ .ھاجەتمەندىن بىر نەرسە سورالمايدۇ ،ئاللاھ ئاڭلىغۇچىدۇر، پاكتىن -گاستىن بىر نەرسە سورالمايدۇ .ئاللاھ سېخىدۇر بېخىلدىن بىر نەرسە سورالمايدۇ .ئاللاھ بەك مېھرىباندۇر، رەھىمسىز كىشىدىن بىر نەرسە سورالمايدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاجىز بولغاندىن بىر نەرسە سورالمايدۇ .ئاللاھ تائالا ھەممىدىن يېقىندۇر، يىراقتىكى كىشى ئاڭلىمايدۇ .ئۇنىڭدىن باشقا بۇيۈك ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە گۈزەللىكىگە دالالەت قىلىدىغان سۈپەتلىرى مەۋجۇتتۇر.

(5509)

(287) – عن شهر بن حوشب قال: قلت لأم سلمة رضي الله عنها ، يا أم المؤمنين، ما كان أكثر دعاء رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا كان عندك؟ قالت: كان أكثر دعائه: «يا مقلب القلوب ثبت قلبي على دينك». [صحيح لغيره] - [رواه الترمذي]

(287) – شەھرۇ ئىبنى ھەۋشەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇمۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلىنىڭ يانلىرىدىكى چاغلىرىدا ئەڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئاسى قايسى ئىدى؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ئانىمىز، ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئاسى: ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى زات! مېنىڭ قەلبىمنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم قىلسىلا، دېگەن دۇئا ئىدى، دېدى [بۇ ھەدىس باشقا ئىسناد بىلەن سەھىھ-[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئاسى) :ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى زات (!يەنى، ئۇنى بەزىدە تائەت يۈزلىنىشكە ۋە بەزىدە مەسىيەت ۋە غەپلەتكە ،ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچى) .مېنىڭ قەلبىمنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم قىلسىلا (يەنى ئۇنى توغرا دىن ۋە تۈز يولدىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلمايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم قىلسىلا، دېيىتتى

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3142)

(288) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: كان رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «اللَّهُمَّ أصلح لي ديني الذي هو عِصْمَةُ أمري و اصلح لي دنياي التي فيها معاشي ، و أصلح لي آخرتي التي إليها مَعَادِي و اجعل الحياة زيادة لي من كل خير و اجعل الموت راحة لي من كل شر». [صحيح] - [رواه مسلم]

(288) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى :»**ئى ئاللاھ مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنىڭ تۇتقۇسى بولغان دىنىمنى ياخشى قىلغىن، مېنىڭ ياشاش ئاساسىم بولغان دۇنيارىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، قايتىدىغان جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، بارلىق ياخشىلىقتا ماڭا ھاياتلىقنى زىيادە قىلىپ بەرگىن، بارلىق يامانلىقتىن ماڭا ئۆلۈمنى راھەت قىلىپ بەرگىن**« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

ھەدىسنىڭ مەنىسى :بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ دۇئا؛ دۇنيا-ئاخىرەت ياخشىلىقىنى سوراشنى تەلەپ قىلىش، ئۆلۈمنى ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيانىڭ يامانلىقىدىن، قەبرە ئازابىنىڭ شەررىدىن ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق يامانلىقلاردىن قۇتۇلىدىغان قىلىشنى، ھاياتىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدىغان ۋە ئۆچ كۆرۈدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇئادۇر

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(5482)

(289) – عن ابن عمر رضي الله عنهما قال: لم يكنْ رسول الله صلى الله عليه وسلم يَدَعُ هؤلاء الكلماتِ حين يُمْسي وحين يُصْبحُ: «اللَّهُمَّ إنِّي أسْأَلُكَ العافيَةَ في ديني ودُنْيَايَ وأَهْلي ومَالي، اللَّهُمَّ اسْتُر عَوْراتي وآمِنْ رَوْعاتي، واحفَظْني مِنْ بين يديَّ ومِن خَلْفِي وعن يميني وعن شِمَالي ومِنْ فَوْقِي، وأَعوذُ بِعَظمَتِك أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحتي». [صحيح] - [ رواه أبو داود والنسائي في الكبرى وابن ماجه وأحمد. والحاكم

ملحوظة:

لفظ الحديث في مصادر التخريج: اللهم إني أسألك العافية في الدنيا والآخرة، اللهم إني أسألك العفو والعافية في ديني...، واللفظ المذكور من بلوغ المرام]

(289) – ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن :رەسۇلۇللاھ ئەتىگەن ۋە كەچتە بۇ دۇئانى ئوقۇماي قالمايتتى :ئى ئاللاھ، دىنىم ۋە دۇنيالىقىمدا، ئائىلەم ۋە مال-مۈلكۈمدە سالامەتلىك تىلەيمەن، نوقسانلىرىمنى ياپقىن، قورقۇنچلىرىمدىن خاتىرجەم قىلغىن، مېنى ئالدى-ئارقامدىن، ئوڭ-سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستۈمدىن قوغدىغىن، بۈيۈكلۈكۈڭ بىلەن ماڭا ئاستى تەرىپىمدىن سۇيىقەست قىلىنىشتىن پاناھ تىلەيمەن سەھىھ(بەش شەرت تولۇق[

[(بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ھاكىم "مۇستەدرەك"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نەسائىي"سۈنەن نەسائىي"ناملىق - ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق]

## شەرھىسى:

،رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر ئەتىگەن-كەچتە بۇ دۇئانى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ مەنىلىرى بۈيۈك بولغانلىقتىن ئۇنى ھەرگىز تاشلىمىغان .دۇئادا ئاللاھدىن **«دىنىمدا سالامەتلىك»** سورىغانلىقىدىن دىنىدا گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن، خاتالىقلاردىن ۋە بىدئەتلەردىن ساقلاش مەقسەت قىلىنغان .**«دۇنيالىقىمدا، ئائىلەمدە ۋە مال-مۈلكۈمدە»** يەنى :دۇنيالىقىمدا ،مۇسىبەتلەر ۋە يامانلىقلاردىن سالامەتلىك تىلەيمەن .ئائىلەمگە يامان مۇئامىلىدە بولۇشتىن كېسەللەر يېتىپ قېلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ باياشاتلىق ئىزدەپ پۇچەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن مال-مۈلكۈمگە ھارام، شۈبھىلىك ئىشلاردىن، ئاپەتلەردىن سالامەتلىك تىلەيمەن .**«نوقسانلىرىمنى ياپقىن، قورقۇنچلىرىمدىن خاتىرجەم قىلغىن»** يەنى :ھايا قىلىنىشقا تېگىشلىك ھەر بىر گۇناھ ۋە ئەيىپلەر كۆرۈنسە ياپقىن ۋە مېنى قورقىتىدىغان خەۋپتىن خاتىرجەم ۋە سالامەت قىلغىن .**«مېنى ئالدى-ئارقامدىن، ئوڭ-سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستۈمدىن قوغدىغىن»** يەنى :ماڭا ھەر قانداق ئورۇندىن يامانلىق يەتمەسلىكى ئۈچۈن

ئالتە تەرەپتىن كېلىدىغان بالانى مەندىن توسقىن .»**بۇيۇكلۇكۇڭ بىلەن ئاستى تەرىپىمدىن سۈيقەست قىلىنىشتىن پاناھ تىلەيمەن**« يەنى :بۇيۇكلۇكۇڭ بىلەن ئاستى تەرىپىمدىن مەخپى سۈيقەست قىلىنىشمدىن پاناھ تىلەيمەن

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(5485)

(290) – عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رضي الله عنهما قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**إِنَّ الْإِيمَانَ لَيَخْلَقُ فِي جَوْفِ أَحَدِكُمْ كَمَا يَخْلَقُ الثَّوْبُ الْخَلِقُ، فَاسْأَلُوا اللَّهَ أَنْ يُجَدِّدَ الْإِيمَانَ فِي قُلُوبِكُمْ**». [صحيح] - [رواه الحاكم والطبراني]

(290) – :ئابدۇللاھ بىن ئەمىر بىن ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**كىيىم تولا كىيىش بىلەن كونىرىغاندەك سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئىمانمۇ كونىرايدۇ، ئاللاھ تائالادىن دىلىڭلاردىكى ئىماننى يېڭىلاپ بېرىشنى سوراڭلار**« [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى كىيىمنى ئۇزۇن ۋاقىت كەيسە كونىرغانغا ئوخشاش مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى ئىماننىڭمۇ كونىراپ، ئاجىزلىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى .بۇ ئىبادەتتىكى سۇسلۇق، گۇناھ-مەسىيەت سادىر قىلىش ۋە نەپسى-شەھۋەتكە چۆمۈپ كېتىش قاتارلىق سەۋەپلەردىن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى پەرز-ۋاجىپ ئەمەللەرنى تولۇق ئادا قىلىش، كۆپ زىكىر ئېيتىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئىمانىمىزنى يېڭىلاپ بېرىشنى سوراشقا تەۋسىيە قىلدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالادىن دىندا مۇستەھكەم قىلىشنى ۋە دىلدىكى ئىماننى يېڭىلاپ بېرىشنى سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈش.
2. ئىمان دېگەن :دىلى بىلەن ئېتىقاد قىلىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە ئەزالىرى بىلەن ئەمەل قىلىش بولۇپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، گۇناھ-مەسىيەت بىلەن كەم بولىدۇ.

(65020)

(291) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «أَقْرَبُ مَا يَكُونُ الْعَبْدُ مِنْ رَبِّهِ وَهُوَ سَاجِدٌ، فَأَكْثِرُوا الدُّعَاءَ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(291) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار«. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا) ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇنىڭ سەجدىدىكى ھالىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنداق بولىشى: ناماز ئادا قىلغۇچى سەجدە قىلغان ھالىتىدە ئاللاھقا خار بولۇپ، بويسۇنۇپ بەدىنىدىكى ئەڭ ئىسىل-شەرەپلىك ئەزا بولغان يۈزىنى زېمىنغا قويىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا بۇيرىدى، بۇ ھالەتتە ئاللاھ تائالاغا سۆز بىلەن ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن خار بولۇش-بويسۇنۇش مۇجەسسەملىشىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تائەت-ئىبادەت بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقىنى زىيادە قىلىدۇ.
2. سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىش مۇستەھەپتۇر، چۈنكى ئۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

(5382)

(292) – عَنْ أَنَسٍ رضي الله عنه قَالَ: كَانَ أَكْثَرُ دُعَاءِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**اللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً، وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(292) – ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «**ئەي ئاللاھ! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن**». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغاندا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەپزى قىسقا، كۆپ مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇئالارنى كۆپ قىلاتتى. بۇ دۇئالاردىن: «**ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن**» بۇ دۇئا دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بولغان: ھالال كەڭرى رىزىق، سالىھە ئايال، كۆڭلى خۇرسەن بولىدىغان، راھەتلىنىدىغان پەرزەنت، مەنپەئەتلىك ئىلىم، ياخشى ئەمەل قاتارلىق دۇرۇس بولغان ۋە ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن: قەبرىدىكى، قىيامەت مەيدانىدىكى ۋە دوزاختىكى ئازاپلاردىن سالامەت قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، دائىملىق نېمەتلەر بىلەن ئۇتۇق قازىنىش، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان مېھرىبان ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش قاتارلىقلاردۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىك يۈزىسىدىن كۆپ مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دۇئالارنى قىلىش ياخشى بولىدۇ.
2. ئىنسان قىلغان دۇئاسىدا دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئارىسىنى جۇغلىسا ئەڭ مۇكەممەل بولىدۇ.

(5502)

(293) – عن أبي الدَّرْدَاء رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : «ألا أُنَبِّئُكُمْ بِخَيْرِ أعْمَالِكُم، وأزْكَاها عند مَلِيكِكُم، وأرْفَعِهَا في دَرَجَاتِكُمْ، وخير لكم من إنْفَاق الذهب والفضة، وخير لكم من أن تَلْقَوا عَدُوَّكُمْ فَتَضْرِبُوا أعْنَاقَهُمْ ويَضْرِبوا أعْنَاقَكُم؟» قالوا: بلى، قال: «ذكر الله تعالى». [صحيح] - [رواه الترمذي وأحمد وابن ماجه]

(293) – ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ،مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى ۋە ئىگەڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكىراقى» دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانراقى، سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش خەجلىگەندىنمۇ ياخشىراقى، دۈشمەنلىرىڭلارغا ئۇچرىشىپ سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟« دېدى، ساھابىلار: شۇنداق قىلسىلا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى !دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :»ئاللاھنى ئەسلەش« دېدى [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى :»مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى، ساۋابى كۆپرەكى ۋە رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكىراقى، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانراقى، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئالتۇن-كۈمۈش خەجلىگىنىڭلاردىنمۇ ياخشىراقى، كاپىرلار بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟« دېدى، ساھابىلار :»شۇنداق قىلسىلا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى«! دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام« :ئاللاھنى ئەسلەش «دېدى

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

(3575)

(294) – عَنْ عَائِشَةَ رضي الله عنها: أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ كُلَّ لَيْلَةٍ جَمَعَ كَفَّيْهِ، ثُمَّ نَفَثَ فِيهِمَا فَقَرَأَ فِيهِمَا: {قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ}، وَ{قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ}، وَ{قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ}، ثُمَّ يَمْسَحُ بِهِمَا مَا اسْتَطَاعَ مِنْ جَسَدِهِ، يَبْدَأُ بِهِمَا عَلَى رَأْسِهِ وَوَجْهِهِ وَمَا أَقْبَلَ مِنْ جَسَدِهِ، يَفْعَلُ ذَلِكَ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ. [صحيح] - [رواه البخاري]

(294) – ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى ،ياتىدىغان ئورنىغا كەلگەندە، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا سۈپلەپ ئىخلاس سۈرىسى قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل پەلەق، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىن ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئاندىن ئىككى ،ئالقىنى بىلەن بەدىنىدىن قولى يەتكەن جايلارنى سىلايتتى، ئالدى بىلەن بېشىنى، يۈزىنى .بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلايتتى، بۇنى ئۈچ قېتىم قىلاتتى سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [[بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن :ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن كۆرپىسىگە كەلگەندە ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ دۇئا قىلغاندا كۆتۈرگەندەك ئېگىز كۆتۈرۈپ ئازراق تۈپۈرۈك بىلەن يەڭگىل سۈپلاپ »**ئىخلاس سۈرىسى، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل پەلەق، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىن ناس**«سۈرىلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇپ ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن بەدىنىدىن قولى يەتكەن جايلارنى سىيلايتتى، بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلايتتى، بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرار قىلاتتى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى »**ئىخلاس سۈرىسى، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل پەلەق، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىن ناس**« سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئۇنى قولىغا سۈپلەپ ئۇنىڭ بىلەن بەدىنىدىن قولى يەتكەن ئورۇنلارنى سىلاشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

(65060)

(295) – عَنْ شَدَّادِ بْنِ أَوْسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «سَيِّدُ الِاسْتِغْفَارِ أَنْ تَقُولَ: اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ» قَالَ: «وَمَنْ قَالَهَا مِنَ النَّهَارِ مُوقِنًا بِهَا، فَمَاتَ مِنْ يَوْمِهِ قَبْلَ أَنْ يُمْسِيَ، فَهُوَ مِنْ أَهْلِ الجَنَّةِ، وَمَنْ قَالَهَا مِنَ اللَّيْلِ وَهُوَ مُوقِنٌ بِهَا، فَمَاتَ قَبْلَ أَنْ يُصْبِحَ، فَهُوَ مِنْ أَهْلِ الجَنَّةِ». [صحيح] - [ رواه البخاري]

(295) – شەدداد بىن ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :ئىستىغپارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى:»ئەي ئاللاھ !سەن مېنىڭ رەببىم، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق مەئبۇد يوق، سەن مېنى يوقتىن بار قىلدىڭ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە، ئەھدەمگە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىمەن، قىلغان ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمىتىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھ-خاتالىقلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ« دېيىشتۇر .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :»بۇ ئىستىغپارنى كۈندۈزدە ،چىن دىلى بىلەن ئىشىنىپ دەپ شۇ كۈنى كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ .بۇ ئىستىغپارنى كېچىدە چىن دىلى بىلەن ئىشىنىپ دەپ شۇ كېچىسى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغپارنىڭ شەكىللىرىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە كاتتىسىنىڭ مۇنداق دېيىش بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ : »ئەي ئاللاھ !سەن مېنىڭ رەببىم، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق مەئبۇد يوق، سەن مېنى يوقتىن بار قىلدىڭ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، مەن ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە، ئەھدەمگە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىمەن، قىلغان ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمىتىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھ-خاتالىقلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ« ئالدى بىلەن بەندە ئاللاھنىڭ بىرلىكى يەككە-يىگانە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ياراتقۇچى

ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوق، ھەق مەبۇد ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدىسىگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، چۈنكى بەندە تائەت-ئىبادەتلەرنى ھەر قانچە كۆپ ئادا قىلسىمۇ ئاللاھ تائالا بۇيرىغانىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ۋە نېمەتلەردىن شۈكۈر ئېيتىش ۋاجىپ بولغان ھەممە پەرز، ۋاجىپلارنى تولۇق ئادا قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، ئۇ كىشى ئاللاھقا يېلىنىدۇ، يالۋۇرىدۇ، ئاللاھ بىلەن كۈچلىنىدۇ، ئۆزى قىلغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيدۇ .بەندە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىنى بىلىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ خاتالىقى ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن ،ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ .ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان مۇشۇ ۋاستىدىن كېيىن، رەببىگە دۇئا قىلىپ ئۆزىنى مەغپىرەت قىلىشنى، خاتالىقلىرىنى يېپىشنى، ئۆزىنىڭ پەزلى، رەھمىتى ۋە ئەپۇچانلىقى بىلەن خاتالىقىنىڭ جازاسىدىن ساقلىشىنى سورايدۇ .ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئىستىغپار دۇئاسىنىڭ ئەتتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكىرلەردىن ،ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ .بۇ ئىستىغپار دۇئاسىنى چىن دىلىدىن مەنالىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىشىنىپ، كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە دېسە، يەنى كۈن چىققاندىن تاكى كۈن پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا دېسە-بۇ كۈندۈز ۋاقتى ھېساپلىنىدۇ- شۇ ئارىدا ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ .كىمكى بۇ ئىستىغپارنى كېچىدە دەپ، ئۇ ۋاقىت :كۈن پاتقاندىن باشلاپ تاڭ يورىغىچە بولغان ئارىلىق، تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولسا جەننەتكە كىرىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئىستىغپارنىڭ شەكىللىرى تۈرلۈك بولۇپ ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن پەزىلەتلىك بولىدۇ.

2. ئىنسان مۇشۇ دۇئا بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ ئىستىغپارلارنىڭ ئۇلۇغىدۇر.

(5503)

(296) – عن عثمان بن عفان رضي الله عنه مرفوعاً: «ما من عبد يقول في صباح كل يوم ومساء كل ليلة: بسم الله الذي لا يضر مع اسمه شيء في الأرض ولا في السماء وهو السميع العليم، ثلاث مرات، إلا لم يَضُرَّهُ شيء». [صحيح] - [ رواه أبو داود والترمذي وابن ماجه والنسائي في الكبرى وأحمد]

(296) – ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :»بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە" :نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن زېمىن ۋە ئاسماندا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر"،- دېگەن «سۆزنى ئۈچ قېتىم دېسە، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ سەھىھ(بەش شەرت [(تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسەرىدە] رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نەسائىي"سۈنەن نەسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە [رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ن

**شەرھىسى:**

بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە« يەنى :تاڭ يورىغاندىن ۋە كۈن ئولتۇرغاندىن« كېيىن .ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە :»كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە ياكى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە« دەپ كەلگەن .»ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن« يەنى :ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ ۋە بەرىكەت ئۈمىد قىلىپ تىلغا ئالىمەن .»نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن زېمىندا ۋە ئاسماندا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان« يەنى :ئۇنىڭ ئىسمىنى توغرا ئېتىقاد ۋە خالىس نىيەت بىلەن تىلغا ئالسا ئۇ كىشىگە زېمىندىكى ۋە ئاسماندىن چۈشكەن بالا-مۇسىبەتلەر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ .ئۇ :بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئەھۋالىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر .بۇ ھەدىس بۇ سۆزلەرنىڭ دېگۈچىنى ھەر قانداق زىياندىن مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(6093)

(297) – عَن عبدِ اللهِ بن خُبَيب رضي الله عنه أنه قال: خَرَجْنَا فِي لَيْلَةٍ مَطِيرَةٍ وَظُلْمَةٍ شَدِيدَةٍ، نَطْلُبُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ؛ يُصَلِّي لَنَا، قَالَ: فَأَدْرَكْتُهُ، فَقَالَ: «قُلْ»، فَلَمْ أَقُلْ شَيْئًا، ثُمَّ قَالَ: «قُلْ»، فَلَمْ أَقُلْ شَيْئًا، قَالَ: «قُلْ»، فَقُلْتُ: مَا أَقُولُ؟ قَالَ: «{قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ} وَالْمُعَوِّذَتَيْنِ حِينَ تُمْسِي وَتُصْبِحُ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ، تَكْفِيكَ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ». [صحيح] - [رواه أبو داود والترمذي والنسائي]

(297) – ئابدۇللاھ بىن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ :بىز يامغۇرلۇق بىر زۇلمەت كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى بىزگە ناماز ،ئوقۇپ بىرەمدىكىن دەپ ئىزدەپ چىقتۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى تاپتۇق «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :»سۆزلە« دېدى، مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاندىن يەنە»:سۆزلە ،دېدى، مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاندىن يەنە»:سۆزلە «دېدى، مەن :نېمە دەيمەن؟ دېدىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:»ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ، بۇ سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭغا كۇپايە قىلىدۇ« دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]-[]

## شەرھىسى:

ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ بىن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە :ئۇلار بەك يامغۇر يېغىۋاتقان قاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئىزدەپ چىقىپ، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاپتى .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا»:سۆزلە «يەنى ئوقۇغىن دېدى، ئۇ ھېچ نەرسە ئوقۇمىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى، ئابدۇللاھ :ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى !نېمە ئوقۇيمەن؟ دېدى .پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: »ھەر كۈنى ،ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇساڭ بۇ سېنى ھەرقانداق يامانلىق ۋە ناچار ئىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ«دېدى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيننى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىنساننى ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەين سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىدۇ.

(298) – عن عائشة رضي الله عنها ، قالت: افْتَقَدْتُ النبي صلى الله عليه وسلم ذات ليلة، فَتَحَسَّسْتُ، فإذا هو راكع -أو ساجد- يقول: «سُبْحَانَك وبِحَمْدِك، لا إله إلا أنت» وفي رواية: فَوَقَعَتْ يَدِي على بَطن قدميه، وهو في المسجد وهما مَنْصُوبَتَانِ، وهو يقول: «اللَّهُمَّ إني أَعُوذ بِرِضَاك من سَخَطِك، وبِمُعَافَاتِك من عُقُوبَتِك، وأعُوذ بِك مِنْك، لا أُحْصِي ثَناءً عليك أنت كما أَثْنَيْت على نفسك». [صحيح] - [رواه مسلم]

(298) – ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇپ قويدۇم، ئىزدەپ باقسام ئۇ رۇكۇ قىلىپ ياكى سەجدە قىلىپ:»سىبنى پاك دەيمەن، سىبنى ماختايمەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق« دېگەن دۇئانى قىلىۋېتىپتۇ، يەنە بىر رىۋايەتتە:مىنىڭ قولۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىنىڭ ئالقىنىغا تەگدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى پۇتىنى تىكلەپ سەجدە قىلىپ:»ئى ئاللاھ، رازىلىقىڭ ،بىلەن غەزىۋىڭدىن، سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭ بىلەن ئازابىڭدىن ساقلاپ قىلىشىڭنى سورايمەن سەندىن ئۆزۈڭ بىلەن پاناھلىنىمەن، مەن سىبنى قانچىلىك مەدھىيىلىسەممۇ سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگەندەك مەدھىيىلىيەلمەيمەن«دېگەن دۇئانى قىلىۋېتىپتۇ  سەھىھ(بەش شەرت تولۇق [بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت] [قىلغان

## شەرھىسى:

بۇ ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇپ قويۇپ ئۇنى ياتقان ئورنىدىن تاپالماي ئىزدىگەنلىكى، ئۆز گۇمانىدا ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقا ئاياللىرىنىڭكىگە كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلىقى :ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رۇكۇ قىلغان ياكى سەجدە قىلغان ھالەتتە مۇنۇ دۇئانى سىبنى پاك دەيمەن، سىبنى ماختايمەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق «يەنى سىبنى ساڭا لايىق» بولمايدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن پاكلايمەن، سىبنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىڭنى مەدھىيىلەيمەن، سەن مۇتلەق ماختاش ۋە مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن دۇئانى ئوقۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ .يەنە بىر رىۋايەتتە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ قولى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا تەگدى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا كېچىدە ئۆينى يورۇتىدىغان چىراق يوق ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى

ئىزدەپ قولى بىلەن سىلاشتۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەجدە قىلىۋاتقان ھالەتتە تاپتى ،ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدە قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى»:ئى ئاللاھ رازىلىقىڭ بىلەن غەزىپىڭدىن ساقلىنىمەن، )ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ زىتى بىلەن ئىلاج قىلىنىدۇ( غەزەپىنىڭ قارشىسى رازىلىق بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بىلەن غەزىپىدىن پاناھ تىلىنىدۇ، ئى ئاللاھ !سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭ بىلەن ئازابىڭدىن ساقلاپ قىلىشىڭنى سورايمەن .يەنى سەن بىلەن سەندىن پاناھلىنىمەن، چۈنكى قۇتۇلۇش ۋە پاناھلىنىش پەقەت ئاللاھدىن ئاللاھنىڭ تەرىپىگە بولىدۇ .سىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ، مەن ،سېنى قانچىلىك مەدھىيىلىسەممۇ سىنى ساڭا لايىق مۇكەممەل شەكىلدە مەدھىيىلىيەلمەيمەن چۈنكى ھېچ قانداق بىر كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مەدھىيىلىگەندەك ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

(3566)

(299) – عن سَمُرَة بن جندبٍ رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «**أَحَبُّ الْكَلَامِ إِلَى اللهِ أَرْبَعٌ: سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلهِ، وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَاللهُ أَكْبَرُ، لَا يَضُرُّكَ بِأَيِّهِنَّ بَدَأْتَ**».

[صحيح] - [رواه مسلم]

(299) – سەمۇرە بىن جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ،مۇنداق دېگەن :»**ئاللاھقا ياقتۇرۇلىدىغان سۆزلەر تۆتتۇر :سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇ لىللاھ ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسىسى بىلەن باشلىسىڭىز خاتا بولمايدۇ**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغان ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام

[مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بەكراق ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەرنىڭ تۆت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

.سۇبھانەللاھ، بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانى بارلىق كەمچىللىكتىن پاكلاش مەقسەت قىلىنىدۇ

ئەلھەمدۇ لىللاھ، بۇ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە تولۇق ۋە مۇكەممەللىك بىلەن سۈپەتلەشتۇر.

.ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ :ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەبۇد ھەق يوقتۇر

ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىدىن ئۇلۇغ، كاتتا ۋە غالىپتۇر.
بۇ سۆزلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابىنىڭ ھاسىل بولىشى بۇ زىكرلەرنى ئېيتقاندا يۇقىرىدىكى تەرتىپ بىلەن دېيىش تەقەززا قىلىنمايدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. شەرىئەتنىڭ ئاسانلىقىدىن :بۇ زىكرلەرنىڭ قايسىسى بىلەن باشلىسا خاتا بولمايدۇ.

(5475)

(300) – عن أبي أيوب رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**مَنْ قَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، عَشْرَ مِرَارٍ كَانَ كَمَنْ أَعْتَقَ أَرْبَعَةَ أَنْفُسٍ مِنْ وَلَدِ إِسْمَاعِيلَ**». [صحيح] - [متفق عليه]

(300) – ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :كىمكى ئون قېتىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېگەن سۆزنى ئون قېتىم دېسە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن تۆت قۇلنى ئازات قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا) [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ :»**كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلاش ۋە ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە جىمى ھەمدۇ-ساناغا لايىقتۇر .ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ھېچ نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ**« دېگەن سۆزنى دېسە .كىمكى بۇ كاتتا زىكرنى بىر كۈندە ئون قېتىم تەكرار دېسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان تۆت قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ئەجىر-ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار باشقىلاردىن شەرەپلىك-ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجىر-ساۋابىمۇ كاتتا بولىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھلىقتا، مۇلكىيەتتە، ھەمدۇ-سانادا، تولۇق قۇدرەتتە يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ زىكىرنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى.
2. بۇ زىكىرنى بىر كۈندە بىرلا قېتىمدا ھەممىسىنى دېسىمۇ ياكى بىر قانچە قېتىمدا دېسىمۇ بۇ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

(5517)

(301) – عن أبي هريرة رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «**كَلِمَتَانِ خَفِيفَتَانِ عَلَى اللِّسَانِ، ثَقِيلَتَانِ فِي الْمِيزَانِ، حَبِيبَتَانِ إِلَى الرَّحْمَنِ: سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ، سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ**».

[صحيح] - [متفق عليه]

(301) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: ئېيتىشتا تىلغا يەڭگىل، ميزان )قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان تارازا (دا ئېغىر، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىككى سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ: )سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىم(تەرجىمىسى: ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەن سۆزلەردۇر سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىنسان ھەرقانداق ھالەتتە جاپا تارتماستىن دېيەلەيدىغان ئىككى كەلىمىدىن خەۋەر بېرىپ، بۇنىڭ ساۋابىنىڭ ميزاندا ئېغىر كېلىدىغانلىقى، بۇ ئىككى سۆزنى رەببىمىز ئاللاھ تائالا بەكلا ياخشى كۆرىدۇ:

**سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى سۇبھانەللاھىل ئەزىم**«بۇ ئىككى سۆز ئاللاھ تائالانى» مۇكەممەللىك ۋە كاتتىلىق بىلەن سۈپەتلەش، بارلىق كەمچىللىكتىن پاكلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. زىكىرنىڭ ئەڭ كاتتىسى: ئاللاھ تائالانى پاكلاش بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىكىردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئاز ئەمەلگە كۆپ ساۋاپ بېرىشى، ئۇنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

(5507)

(302) – عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ قَالَ: سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ، فِي يَوْمٍ مِائَةَ مَرَّةٍ، حُطَّتْ خَطَايَاهُ وَإِنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْرِ». [صحيح] - [متفق عليه]

(302) – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :كىمكى كۈنىگە يۈز قېتىم) :سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى (يەنى ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن دېسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ. سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان])

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈنىگە يۈز قېتىم) :سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى (يەنى ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دېگەن كىشى توغرىسىدا، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرى گەرچە دېڭىز دولقۇنلىغاندا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان ئاق كۆپۈكتەك كۆپ بولسىمۇ ئۆچۈرۈلۈپ، مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ تەسبىھ-زىكرنى بىر كۈندە بىر لا قېتىمدا ھەممىسىنى دېسىمۇ ياكى بىر قانچە قېتىمدا دېسىمۇ بۇ ئەجرگە ئېرىشىدۇ.

2. :تەسبىھ دېگەن :ئاللاھ تائالانى بارلىق ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاكلاش، ھەمدە دېگەن ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇنى مۇكەممەل سۈپەت بىلەن سۈپەتلەش.

3. ھەدىستە مەقسەت قىلىنغان خاتالىقلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى بولسا، كىچىك گۇناھلاردىن ئىبارەتتۇر .ئەمما چوڭ گۇناھ بولسا ئۇنىڭغا چوقۇم تەۋبە قىلىش كېرەك بولىدۇ.

(5516)

(303) – عن أبي مالكٍ الأشعريِّ رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «الطُّهُورُ شَطْرُ الْإِيمَانِ، وَالْحَمْدُ لِلهِ تَمْلَأُ الْمِيزَانَ، وَسُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ تَمْلَآنِ -أَوْ تَمْلَأُ- مَا بَيْنَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، وَالصَّلَاةُ نُورٌ، وَالصَّدَقَةُ بُرْهَانٌ، وَالصَّبْرُ ضِيَاءٌ، وَالْقُرْآنُ حُجَّةٌ لَكَ أَوْ عَلَيْكَ، كُلُّ النَّاسِ يَغْدُو، فَبَايِعٌ نَفْسَهُ فَمُعْتِقُهَا أَوْ مُوبِقُهَا». [صحيح] - [رواه مسلم]

(303) – ئەبى مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: پاكلىق ئىماننىڭ بىر قىسمىدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى توشقۇزىدۇ، سۇبھانە ئاللاھ ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ بۇ ئىككى كەلىمە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى توشقۇزىدۇ، ناماز نۇردۇر، سەدىقە ھۆججەتتۇر، سەبىر يورۇقلۇقتۇر، قۇرئان سىزنىڭ پايدىڭىز ياكى زىيىنىڭىزغا ھۆججەتتۇر، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەتىگەندە چىقىپ كەچكىچە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ياكى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ». [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام [مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

### شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاھارەت ۋە غۇسلە بىلەن بولىدىغان سىرتقى پاكلىقنىڭ نامازنىڭ سەھىھ بولىشىنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئەلھەمدۇ لىللاھ مىزاننى توشقۇزىدۇ دېگەن سۆز بولسا، ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش ۋە مۇكەممەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش بولۇپ قىيامەت كۈنىدە مىزانغا قويۇلغاندا، ئەمەل مىزاننى توشقۇزىدۇ. سۇبھانئاللاھ ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ دېگەن بۇ ئىككى كەلىمە ئاللاھ تائالانى بارلىق كەمچىللىكتىن پاكلاش، مۇكەممەل تولۇق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە كاتتىلاش بىلەن بىرگە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى توشقۇزىدۇ. ناماز ھەقىقەتەن بەندە ئۈچۈن دىلىدا، چېرايىدا، قەبرىسىدە ۋە مەھشەر مەيدانىدا نۇر بولىدۇ. سەدىقە ھۆججەتتۇر، مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مۇئمىن سەدىقە قىلىش بىلەن سەدىقە قىلىشتىن باش تارتىدىغان ۋە بۇنىڭغا بېرىلىدىغان ساۋابقا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىققا ئوخشىمايدۇ. سەبرى نۇردۇر، سەبرى دېگەن: ئۆزىنى ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپلىنىشتىن تۇتۇپ تۇرۇشتۇر، سەبرى بىلەن ھاسىل بولىدىغان نۇردىن خۇددى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ھارارەت ۋە قىززىقلىق پەيدا بولىدۇ، چۈنكى سەۋرچانلىق دېگەن: نەپسى بىلەن كۆرەش

قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز خاھىشىدىن كونتىرول قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدىغان قىيىن ئىشتۇر، سەۋىرچان كىشى دائىم يورۇقلۇقتا ھىدايەت تېپىپ توغرا يولدا داۋاملاشقۇچى بولىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىگە سەبرى قىلىش، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتا سەبرى قىلىش، بالا-مۇسىبەتكە سەبرى قىلىش ۋە دۇنيادا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا سەبرى قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش بىلەن سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزگە ھۆججەت بولسا، تىلاۋەت قىلماسلىق ۋە ھۆكمىگە ئەمەل قىلماسلىق بىلەن سىزنىڭ زىيىنىڭىزغا ھۆججەتتۇر. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئۇيقۇدىن تۇرۇپ ئەتىگەندە تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بەزى كىشلەر ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۆزىنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ، بەزى كىشلەر توغرا يولدىن چەتنەپ گۇناھ-مەسىيەت سادىر قىلىپ دوزاخقا كىرىش بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. پاكلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: سىرتقى پاكلىق تاھارەت ۋە غۇسلە بىلەن بولىدۇ، باتىنى پاكلىق: تەۋھىد، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ.
2. نامازنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىنىدۇ، چۈنكى ناماز بەندىگە دۇنيادا ۋە قىيامەت كۈنىدە نۇر بولىدۇ.
3. سەدىقە بولسا ئىماننىڭ راستلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.
4. قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى تەستىقلاشنىڭ ئەھمىيىتى بولسا سىزنىڭ زىيىنىڭىزغا ئەمەس بەلكى مەنپەئەتىڭىزگە ھۆججەت بولۇش ئۈچۈندۇر
5. سىز نەپسىڭىزنى تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل قىلمىسىڭىز سىزنى گۇناھ-مەسىيەت بىلەن مەشغۇل قىلىدۇ.
6. ھەر بىر ئىنسان چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك، ياكى تائەت ئىبادەت بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ ياكى گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ھالاك قىلىدۇ.
7. سەۋىرچانلىق دېگەن: قىيىنچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىش، ساۋاپ ئۈمىت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ بەك قىيىن ئىشتۇر.

(65004)

(304) – عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لَأَنْ أَقُولَ: سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلهِ، وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَاللهُ أَكْبَرُ، أَحَبُّ إِلَيَّ مِمَّا طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشَّمْسُ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(304) – ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر دېيىش، مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكراقتۇر**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا] [(ھەدىس سەھىھ بولىدۇ-[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇشۇ كاتتا كەلىمىلەر بىلەن ئاللاھنى زىكىر قىلىشنى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشى دەپ خەۋەر بەرگەن.

**سۇبھانەللاھ**« ئاللاھنى بارلىق ئەيىب نۇقسانلاردىن پاكلاش».

**جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر**»يەنى :ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ۋە «ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە مۇكەممەل سۈپەتلىرى بىلەن مەدھىيەلەش.

ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق :يەنى ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق.

ئاللاھۇ ئەكبەر يەنى :ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىدىن كاتتا ۋە ئۇلۇغدۇر.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى ئاللاھنى زىكىر قىلىش بولسا ئاللاھ تائالاغا زېمىندىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشىدۇر.
2. زىكىرنى كۆپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، چۈنكى ئۇنىڭدا ئەجىر-ساۋاپ ۋە پەزىلەتلەر باردۇر.
3. دۇنيا مەنپەئەتى ئېتىبارسىزدۇر، ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇشى يوق بولغۇچىدۇر.

(6211)

(305) – عن جابر رضي الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «أَفْضَلُ الذِّكْرِ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ، وَأَفْضَلُ الدُّعَاءِ: الْحَمْدُ لِلهِ». [حسن] - [ رواه الترمذي والنسائي في الكبرى وابن ماجه]

(305) – جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ :مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم :»**زىكرنىڭ ئەۋزىلى :لائىلاھە ئىللەللاھۇ، دۇئانىڭ ئەۋزىلى ئەلھەمدۇ لىللاھ**«. [ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى(شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ-[]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە، زىكرنىڭ ئەۋزىلىنىڭ: لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىكەنلىكىنى يەنى :ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق دېمەكتۇر .دۇئانىڭ ئەۋزىلى بولسا :ئەلھەمدۇ لىللاھ دېمەكتۇر، چۈنكى ئۇ نېمەت بەرگۈچىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇ بولسىمۇ :مۇكەممەل، گۈزەل سۈپەتلەرگە ھەقلىق بولغان ,ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاك بولغان ئاللاھ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىشقا، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن دۇئا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

(3567)

(306) – عن خَوْلَةَ بِنْتَ حَكِيمٍ السُّلَمِيَّةَ قَالتْ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَنْ نَزَلَ مَنْزِلًا ثُمَّ قَالَ: أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ، لَمْ يَضُرَّهُ شَيْءٌ حَتَّى يَرْتَحِلَ مِنْ مَنْزِلِهِ ذَلِكَ». [صحيح] - [رواه مسلم]

(306) – خەۋلە بىنتى ھەكىم سۇلەمىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **»كىمكى سەپەردە بىر ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن »:ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن ئاللاھغا سېغىنىپ يارىلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇ كىشى چۈشكەن ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىپ بولغىچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ«.**
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ]
[مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

## شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى سەپەر قىلغان بولسۇن ياكى كۆكۈل ئېچىش ئۈچۈن بىر يەرگە بارغاندا بولسۇن ياكى ھەر قانداق ئەھۋالدا، بىر يەرگە چۈشكەندە، ھەزەر ،قىلىدىغان ئىشتىن مەنپەئەت بېرىدىغان بىر نەرسىگە چىڭ ئېسىلىشقا يېتەكلىدى، ئۇ بولسىمۇ پەزىلەت، بەرەكەت، مەنپەئەت بېرىشتە ھەر قانداق ئەيىپ-نۇقساندىن پاك، شۇ يەردىكى يارىلىق مەخلۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىدىغان ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىسىگە ئىلتىجا قىلىش ۋە چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرىدى .شۇنداق قىلغاندا، شۇ جايدا تۇرغان مۇددەتتە ئۇ يەردىكى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، پاناھلىق تەلەپ قىلىش ئىبادەتتۇر، ئۇ ئاللاھ بىلەن ياكى ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن بولىدۇ.
2. ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن پاناھلىق تەلەپ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ كالامى دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر، ئەمما باشقا مەخلۇقلار بىلەن پاناھلىق تىلەش بولسا شېرىكتۇر.
3. بۇ دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە بەرىكىتىنى بايان قىلىدۇ.
4. زىكىرلەر بىلەن ساقلىنىش بەندىنىڭ يامانلىقتىن ساقلىنىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

5. ئاللاھتىن باشقا جىنلار، سېھرىگەرلەر، يالغانچى، كەززاپ دەججاللاردىن پاناھلىق تىلەشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

6. سەپەردە بولسۇن ياكى مۇقىم تۇرغاندا بولسۇن بىر ئورۇنغا چۈشكەن كىشى ئۈچۈن بۇ دۇئانى ئوقۇش يولغا قويۇلغاندۇر.

(5932)

(307) – عَنْ أَبِي حُمَيْدٍ أَوْ عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «**إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمُ الْمَسْجِدَ فَلْيَقُلِ: اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ، وَإِذَا خَرَجَ فَلْيَقُلِ: اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(307) – ئەبۇ ھۇمەيد ياكى ئەبۇ ئۇسەيد مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :»**سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرگەندە :ئى ئاللاھ !ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن دېسۇن، مەسچىتتىن چىققىدىغان ۋاقىتتا :ئى ئاللاھ !مەن سەندىن پەزلى-رەھمىتىڭنى سورايمەن دېسۇن**«. [سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] -[ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

## شەرھىسى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە مەسچىتكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان :»**ئى ئاللاھ !ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن**« دېگەن دۇئانى ئوقۇپ، ئاللاھ تائالادىن ئۆزىگە رەھمەتىنىڭ سەۋەپلىرىنى تەييارلاپ بېرىشىنى سوراش، مەسچىتتىن چىققاندا :»**ئى ئاللاھ !مەن سەندىن پەزلى-رەھمىتىڭنى سورايمەن**«دېگەن دۇئانى ئوقۇپ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى ياخشىلىقنى زىيادە قىلىپ بېرىشىنى ۋە ھالالدىن رىزىق قىلىپ بېرىشىنى تىلەشنى تەلىم بەردى.

## ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:

1. بۇ دۇئالارنى مەسچىتكە كىرگەندە ۋە ئۇنىڭدىن چىققاندا ئوقۇش ياخشىدۇر.

2. مەسچىتكە كىرگەندە رەھمەتنى زىكىر قىلىش، چىققاندا پەزلىنى سوراشنى خاسلاشتۇرۇش بولسا، ھەقىقەتەن مەسچىتكە كىرگۈچى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ جەننىتىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى زىكىر قىلىش مۇناسىپتۇر .مەسچىتتىن چىققاندا ھالال رىزىق

تىپىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىپ ماڭىدۇ، بۇ يەردە ئاللاھنىڭ پەزلىنى زىكىر قىلىش مۇناسىپدۇر.

3. بۇ زىكىرلەر مەسچىتكە كىرىشنى مەخسەت قىلغاندا ۋە مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشنى مەخسەت قىلغاندا دېيىلىدۇ.

(65092)

(308) – عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رضي الله عنهما أَنَّهُ سَمِعَ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «**إِذَا دَخَلَ الرَّجُلُ بَيْتَهُ، فَذَكَرَ اللهَ عِنْدَ دُخُولِهِ وَعِنْدَ طَعَامِهِ، قَالَ الشَّيْطَانُ: لَا مَبِيتَ لَكُمْ، وَلَا عَشَاءَ، وَإِذَا دَخَلَ، فَلَمْ يَذْكُرِ اللهَ عِنْدَ دُخُولِهِ، قَالَ الشَّيْطَانُ: أَدْرَكْتُمُ الْمَبِيتَ، وَإِذَا لَمْ يَذْكُرِ اللهَ عِنْدَ طَعَامِهِ، قَالَ: أَدْرَكْتُمُ الْمَبِيتَ وَالْعَشَاءَ**». [صحيح] - [رواه مسلم]

(308) – جابىر بىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: »**ئىنسان ئۆيىگە كىرگەندە ئۆيىگە كىرىدىغان ۋە يېمەك يەيدىغان ۋاقىتتا ئاللاھنى زىكىر قىلسا، شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە: بۇ ئۆيدە سىلەرگە قونالغۇ يوق، كەچلىك يېمەكمۇ يوق دەيدۇ، ئەمما ئۆيىگە كىرىدىغان ۋاقىتتا ئاللاھنى زىكىر قىلمىسا، شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە: سىلەر قونالغۇ تاپتىڭلار دەيدۇ، يېمەك يەيدىغان ۋاقىتتا ئاللاھنى زىكىر قىلمىسا، شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە: سىلەر قونالغۇ ۋە كەچلىك يېمەك تاپتىڭلار دەيدۇ**«. [سەھىھ(بەش)]

[(شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ- ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە] رىۋايەت قىلغان]

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئۆيگە كىرگەندە ۋە يېمەك يېيىشتىن ئىلگىرى ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا بۇيرىدى، ۋە ئۆيگە كىرىدىغان ۋە يېمەك يەيدىغان ۋاقىتتا: بىسمىللاھ "دەپ ئاللاھنى زىكىر قىلسا، شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە :بۇ ئۆيدە سىلەرگە" قونالغۇ يوق ۋە كەچلىك يېمەكمۇ يوق، چۈنكى بۇ ئۆينىڭ ساھىبى ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن سىلەردىن ھىمايە قىلىندى دەيدۇ .ئەمما مۇسۇلمان كىشى ئۆيىگە كىرىدىغان ۋاقىتتا يېمەك يەيدىغان ۋاقىتتا ئاللاھنى زىكىر قىلمىسا شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە :بۇ ئۆيدە ئۆزلىرىگە قونالغۇ ۋە كەچلىك يېمەك تاپقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**ھەدىسنىڭ پايدىلىرىدىن:**

1. ئۆيگە كىرگەندە ۋە يېمەك يېگەندە ئاللانىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىش ياخشى كۆرۈلىدۇ. ئۆيگە كىرگەندە، يېمەك يېگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلمىغان ئائىلىلەردە شەيتان قونالغۇ ۋە كەچلىك يېمەك تاپىدۇ.
2. شەيتان ئادەم ئەۋلادلىرىنى ئىش-ھەرىكىتى ۋە بارلىق تەسەررۇپاتلىرىدا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىشتىن غاپىل قالسا شەيتان مەقسەت مۇرادىغا يېتىدۇ.
3. زىكىر شەيتاننى قوغلاپ چىقىرىدۇ.
4. ھەر بىر شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە يېقىن كىشىلىرى بولىدۇ، ئۇلار شەيتاننىڭ سۆزىدىن خۇرسەنلىك ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

(3037)

**Table of Contents**


**كىرىش سۆز** ....... 1

ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ ....... 2

كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدە يوق بولغان بىر ئىشنى پەيدا قىلىدىكەن ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ ....... 3

ئىسلام دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى بەرپا قىلىشىڭ، زاكاتنى ئادا قىلىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتىشىڭ ۋە يول چىقىملىرىغا قادىر بولالىساڭ ھەج-تاۋاپ قىلىشىڭ ....... 5

ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ....... 9

،ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى: ئۇلار ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىش بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى: ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى ئازابلىماسلىقتۇر ....... 11

ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاخقا سالمايدۇ ....... 13

كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىدە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ مىلى، قېنى ھارام بولىدۇ، (يەنى قوغدىلىنىدۇ) ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقا بولىدۇ ....... 15

ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدى، ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ۋاپات بولغان كىشى دوزاخقا كىرىدى»دېدى ....... 16

كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە تېۋىنغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى دوزاخقا كىرىدۇ ....... 17

سەن ئەھلى كىتاپتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان ۋاقتىڭدا ئۇلارنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ....... 19

قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن ئەڭ بەختلىك بولىدىغان كىشى چىن قەلبىدىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىدۇر» دېدى ....... 21

ئىمان يەتمىش نەچچە ياكى ئاتمىش نەچچە شاخچىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېگەن سۆزدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىسى: يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر ....... 22

،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قايسى گۇناھ كاتتا ؟ دەپ سورىسام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سېنى ياراتقان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ دېدى ....... 24

،مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكىدىن بىھاجەتمەن، كىمكى قىلغان ئەمىلىدە ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىدىكەن مەن ئۇنى ۋە ئەمىلىنى شېرىكىگە تاشلاپ قويىمەن ....... 25

ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، پەقەت باش تارتقانلار بۇنىڭ سىرتىدا ....... 26

خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆككە كۆتۈرگەندەك مېنى كۆككە كۆتۈرمەڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار ....... 27

سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ...........................................................................29

مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار، بەنى ئىسرائىل ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، كىمكى ماڭا قەستەن يالغاننى توقۇيدىكەن، دوزاختىن ئورنىنى تەييارلاپ قويسۇن .....................30

:دىققەت قىلىڭلار! بىر ئادەمگە مەن بايان قىلغان بىر ھەدىس يەتسە، ئۇ كىشى ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى بار دەيدۇ ..........................................31

ئاللاھ تائالا يەھۇدىي، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئىبادەتخانا قىلىۋالدى33

ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەبرەمنى كىشىلەر چوقۇنىدىغان مەئبەد قىلمىسلا .......................................34

ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار، مېنىڭ قەبرەمنى تەكرار تاۋاپ قىلىدىغان جاي قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر قەيەردە بولساڭلار سىلەرنىڭ يوللىغان دۇرۇت-سالاملىرىڭلار ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ.............................................................................35

ئۇلار ئۆز ئىچىدە بىر سالىھ بەندە ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قەبرىسىگە مەسچىت بىنا قىلىپ ............37

مەن سىلەردىن بىرىڭلار بىلەن دوست بولغانلىقىم توغرىسىدا ئاللاھقا ئۆزۈمنى پاكلايمەن،-يەنى مەن سىلەردىن بىرىڭلارنى دوست تۇتمىدىم- ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مېنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك...39

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى مېنى ئەۋەتكەن بىر ئىشقا سېنى ئەۋەتەيمۇ؟ ھەرقانداق ھەيكەل بولسا قويماي يېقىتقىن، ھەرقانداق ئېگىز قەبرىنى تۈزلىۋەتكىن دېدى ...........................................41

،شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر»، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇم پال ئالمايدىغان بىرسى يوق ئېدى، لېكىن ئاللاھ تائالا شۇم پال ئېلىشنى تەۋەككۇل بىلەن كەتكۈزىۋەتتى..........................................................................42

قۇشلارنىڭ ئۇچىشىغا كۆرە ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى بېكىتكەن، رەمبال-پالچىلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىشەنگەن، سېھىر قىلغان ياكى قىلدۇرغان ..............................43

:كېسەلدىن يۇقۇملىنىش، ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىش يوقتۇر، ماڭا خۇش پال يارايدۇ، دېدى. ساھابىلەر خۇش پال دېگەن نېمە؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: چىرايلىق سۆز، دېگەن ............................45

،رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»دېدى، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«بەندىلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئىشىنىپ ۋە ماڭا كاپىر بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدى..........................................................................46

كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ .........................................48

توغرا بولمىغان رۇقىيە ئوقۇش، كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمار ئېسىش ۋە ئەر-ئاياللىنى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن تۇمار پۈتۈش شېرىك ھېسابلىنىدۇ...........................................49

كىمكى رەمبال-پالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ...........................................................................51

كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى كاپىر بولدى ياكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى..........................................................................52

كىمكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلسا، بىزدىن ئەمەس ......................................................53

ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «بىر ئىشقا» قەسەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئىشنى خەيرلىك دەپ قارىسام، قەسىمىمگە كەففارەت بېرىپ، ياخشى دەپ قارىغان شۇ ئىشنى قىلىمەن، دېدى ..........................................................................................54

ئاللاھ تائالا ۋە پالانى خالىسا دېمەڭلار. لېكىن ئاللاھ تائالا خالىسا ئاندىن پالانى خالىسا دەڭلار ........55

مەن سىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەيدىغان نەرسەم كىچىك شېرىك»، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟دېۋىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «رىيا ..........................56

«قەبرىدە ئولتۇرماڭلار ۋە قەبرىستاندا ناماز ئوقۇماڭلار ................................................................57

پەرىشتىلەر ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ ..............................................................................59

پەرىشتىلەر ئىت ۋە قوڭغۇراق بار كارۋانغا ھەمراھ بولمايدۇ .....................................................................61

سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يېنىغا شەيتان كېلىپ: بۇنى كىم ياراتتى؟ بۇنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، مۇشۇ سۆزگە يەتكەندە، ئاللاھدىن پاناھلىق تەلەپ قىلسۇن ۋە تەپەككۇر قىلىشتىن توختىسۇن .....................................................................................................................................62

كىم مېنىڭ يېقىن بەندەمنى دۈشمەن تۇتسا مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن، بەندەم مەن پەرز قىلغان ،ئەمەل-ئىبادەتتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش بىلەن ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ .......................................63

ئاللاھقا تەقۋادار بولۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە بىر قارا قۇل باشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، مەن دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئاجايىپ ئىختىلاپلارنى كۆرىسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ سۈننىتىمگە، شۇنداقلا توغرا يول تۇتقۇچى ئىزباسار خەلىپىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار .................66

ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ ....................................................................................................................68

ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ قويسا، ئۇ كىشى ئۆلگەندە، ئۆزى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشىلەرگە ساختىپەزلىك قىلىپ ئۆلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ ..........................................................................................................................70

يېقىنقى زاماندا سىلەرگە ئەمىر ۋە باشلىقلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىسىلەر، بەزى ئىشلىرىنى شەرىئەتكە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر، ئۇنىڭ چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ دىلى بىلەن بولسىمۇ ئۆچ كۆرسە، ئۆزىنى پاك تۇتقان بولىدۇ، ئىنكار قىلغان كىشى خاتالىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا رازى بولۇپ ئەگەشكەن كىشى ھالاك بولىدۇ .....71

يېقىندا تاللاش ۋە دىندا بولمىغان مۇنكەر ئىشلار بولىدۇ»، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇ ۋاقىتتا بىزنى ،نېمە قىلىشقا بۇيرىيلا؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام :«سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار ..........................................................................73

سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ..............75

ئى ئاللاھ! كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان كىشىنىڭ ئىشىنى سەنمۇ قىيىنلاشتۇرغىن، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلغان كىشىنىڭ ئىشىنى سەنمۇ ئاسان قىلغىن ........ 76

دىن سەممىيەتتۇر ........ 77

قۇرئاندىن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگەشكەنلەرنى كۆرسەڭ ئەنە ئاشۇلار ئاللاھ تائالا دىلىدا ئەگرىلىك بار دەپ ئاتىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن ھەزەر قىلغىن ........ 80

سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبى بىلەن نارازى بولۇش بولسا ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىپادىسىدۇر ........ 83

ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدە تۇرغۇچىلار ۋە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچىلەرنىڭ مىسالى: بىر كېمىگە بارابەر چىققان ئۇنىڭدىن كېيىن كېمىنىڭ ئۈستىدە ياكى ئاستى قەۋىتىدە ئولتۇرۇش توغرىسىدا ئۆزئارا چەك تاشلاشقان، بەزىلىرىگە ئۈستۈن قەۋەت چىققان يەنە بەزىلىرىگە ئاستى قەۋەت چىققان ........ 85

كىمكى توغرا يولغا چاقىرىدىكەن ئۇ كىشىگە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىر-ساۋاپلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ ........ 87

ياخشىلىققا باشلاپ قويغان كىشى ياخشىلىقنى قىلغان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ ........ 88

ئەتە بايراقنى چوقۇم، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىمۇ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى بىلەن پەتھىنى نېسىپ قىلىدۇ ........ 90

كىمكى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ ........ 91

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! مۇشۇ ئۈممەتنىڭ يەھۇدىيسى بولسۇن ياكى نەساراسى بولسۇن، مېنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ ........ 92

ئەي ئىنسانلار! دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتتى ........ 94

بەك چەكتىن ئاشۇرىۋەتكۈچىلەر ھالاك بولىدى ........ 95

يەھۇدىيلار غەزەپ قىلىنغانلار، خىرىستىيانلار ئازغۇنلار ........ 96

ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئەللىك مىڭ يىل بۇرۇن ........ 97

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ھالبۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام راست سۆزلۈگۈچى ۋە سۆزى تەستىقلانغۇچىدۇر:«ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىشى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كېچە-كۈندۈز ........ 98

جەننەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ئايىغىنىڭ بۇغۇچىدىنمۇ يېقىندۇر، دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندۇر .. 100

دوزاخ نەپسى شەھۋەتلەر بىلەن ئورالغان، جەننەت ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغان ........ 101

ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ........ 102

سلەرنىڭ دۇنيادىكى ئوتتۇڭلار جەھەننەم ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر قىسمىدۇر ........................ 105

!ئاللاھ تائالا زېمىننى چاڭگاللايدۇ، ئاسماننى ئوڭ قولى بىلەن قاتلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن:«مانا مەن پادىشاھ زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قىنە؟!» دەيدۇ ........................................................................ 106

قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بەك ئازابلىنىدىغان كىشى ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى شەكىللەندۈرگەن كىشىلەردۇر .............................................................................. 107

مېنىڭ جىنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم! يېقىندا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا ئىسا ىبن مەريەم چۈشۈپ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، كېرىست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، باجنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، مال بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ ھەتتا زاكاتنى قوبۇل قىلىدىغانغا ئادەم تاپالماي قالىدۇ............ 108

ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېگىن، مەن بۇ سۆز بىلەن قىيامەت كۈنى ساڭا گۇۋالىق بېرىمەن .................................................................................................................................. 110

مېنىڭ كۆلۈمنىڭ دائىرسى بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى مىسكىنىڭ پۇرىقىدىن خۇشپۇراقتۇر.................................................................................................................... 111

ئۆلۈم قىيامەت كۈنى سېمىز قوچقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرلىدۇ............................................................. 113

ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقى تەۋەككۇل قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك سىلەرگىمۇ رىزىق بىرەتتى، قۇشلار ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ، كەچتە توق قايتىدۇ .................................................. 115

كۆپ كىشىلەر سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ ............... 116

ئۇلاغ مىنگۈچى پىيادە ماڭغۇچىغا، پىيادە ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، ئاز ئادەملەر كۆپ ئادەملەرگە سالام بېرىدۇ 117 ...................................................................................................................................

ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم،، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم، ئۆز-ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار ............................................................... 119

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت قاراڭغۇلىقىدۇر، بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى .... 122

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ھەتتا ئۇنى تۇتقاندا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ.......... 123

:ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بېكىتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر» ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلغان ياخشىلىقنى قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئوندىن يەتتە يۈزگىچە ھەتتا ئۇنىڭدىن زىيادە ياخشىلىق يازىدۇ، كىمكى بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىر يامانلىق يازىدۇ......................................................................................................................................... 125

كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەممىي سادىق بولىدىكەن، جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلىرىغا جازالانمايدۇ، كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەممىي سادىق بولمايدىكەن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خاتالىقلىرى ئۈچۈن جازالىنىدۇ»دېدى .................................................................................... 126

سىنىڭ ئېيتقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرغىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەن، بىزنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىمىز ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭغا كاپارەت بولىدىغان .......................................................... 128

ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقىڭ بويىۇنچە مۇسۇلمان بولغان بولساڭ ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ» دېدى.......... 130

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىقتا مۇئمىنگە زۇلۇم قىلمايدۇ، دۇنيادا بېرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.................................................................................................. 131

بەندەم بىر گۇناھنى قىلىپ، ئاندىن: ئى ئاللاھ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە........................ 132

بىر كىشى بىر گۇناھنى قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئادا قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ................................................................................................................................... 134

ئاللاھ تائالا ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيانىڭ ئاسمىنىغا چۈشۈپ.......... 135

ھەقىقەتەن ھالالمۇ ئېنىقتۇر، ھاراممۇ ئېنىقتۇر ....................................................................... 137

ئى ئوغۇل! مەن ساڭا بىر قانچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قوياي: سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھ سېنى ياد ،ئېتىدۇ، سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئاللاھنى سەن تەرەپتە تاپىسەن، بىر نەرسە سورىساڭ ئاللاھدىن سورا ياردەم تەلەپ قىلساڭ ئاللاھدىن تەلەپ قىلغىن.......................................................................... 139

ماڭا ئىسلامدا بىر سۆزنى دەپ بەرسىلە، مەن ئۇ سۆز توغرىسىدا سىلىدىن باشقا ھېچ كىشىدىن سورىمايمەن دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«ئاللاھقا ئىشەندىم دەپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆزنىڭ تەقەززاسى بىلەن مۇستەھكەم تۇرغىن .......................................................................... 141

مۇئمىنلارنىڭ ئۆزئارا دوستلىقى، كۆيۈنۈشى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ مىسالى بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتمىغا ئوخشاش بەدەندىن بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا، پۈتۈن بەدەن بىئارەم بولىدۇ ......................... 142

كىمكى تاھارەت ئالغاندا مۇكەممەل ،تولۇق ئالسا، ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ ھەتتا تىرنىقىنىڭ ئاستىدىكى خاتالىقلارمۇ چىقىپ كېتىدۇ ............................................. 143

سىلەر ھاجەتخانىغا كىرسەڭلا، قىبلە تەرەپكە ئالدىڭلارنىمۇ قىلماڭلار، كەينىڭلارنىمۇ قىلماڭلار، لېكىن شەرىق ۋە غەربىپ تەرەپكە قاراڭلار ..................................................................................... 144

سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تاھارىتى بۇزۇلسا تاھارەت ئالمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ .. 145

بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تىرناقچىلىك ئورۇننى چالا قويدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشىگە:« قايتىپ تاھارەتنى چىرايلىق، تولۇق ئالغىن»دېدى، ئۇ كىشى قايتا تاھارەت ئېلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلدى ........................................................................................................... 146

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ناماز .................................................................................... 147

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئەزاسىنى بىر قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالاتتى ................................. 148

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئەزاسىنى ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالاتتى............ 149

كىمكى مەن تاھارەت ئالغاندەك مۇشۇنداق تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىگە باشقا ئىشلارنى كەلتۈرمەي  ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ......................................................................................150

،سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ ئېچىگە تارتىپ بۇرنىنى تازىلاپ سىرتقا چىقىرۋەتسۇن ئىستىنجا قىلغان كىشى تاق قىلسۇن...........................................................152

،بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشى ئەلۋەتتە ئازابلىنىۋاتىدۇ، بۇلار كۆرۈنۈشتە چوڭ بولغان بىر ئىشتا ئازابلانمايۋاتىدۇ :ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى كىچىك تاھارەتتىن پاكلانمايتتى(يەنى سۈيدۈكتىن تولۇق ساقلانمايتتى) يەنە بىرى كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلاتتى .........................................................154

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىغا كىرسە: «ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ ئەركەك-چىشى شەيتانلاردىن پاناھلىق تىلەيمەن»دەيتتى..........................................................................155

مىسۋاك ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەببىنى رازى قىلىدۇ .............................................................156

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىلىك ئۇيقۇسىدىن تۇرغىنىدا مىسۋاك بىلەن ئاغزىنى چوتكىلايتتى .....................................................................................................157

ناۋادا ئۇممىتىمگە ئېغىرچىلىق بولىدۇ دېمىسەم ھەر نامازغا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم................157

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيىنىشى، بېشىنى ۋە  بەدىنىنى يۇيىشى ۋاجىپ بولىدۇ ........158

،ئىسلامى پىترەت(تۇغما تەبىئەت) بەش تۈرلۈكتۇر: خەتنە قىلدۇرۇش، ئەزالارنى تازىلاش (سۈننەت قىلىش) بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش...........................................159

مەندىن مەزى كۆپ كېلەتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە ئايالىم بولغانلىقى ئۈچۈن مەن بۇ ،سوئالنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سوراشتىن ھايا قىلىپ، مىقداد بىن ئەسۋەدنى سوراشقا بۇيرىدىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:«ئەۋرىتىنى يۇيىدۇ ۋە تاھارەت ئالىدۇ ...........................161

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جۇنابەتتىن يۇيۇنغان ۋاقىتتا، ئىككى قولىنى يۇيتتى، نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇناتتى ..........................................................162

سەن مۇنداق قىلساڭلا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئالقىنىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ ئوڭ ئالقىنى ئارقىلىق سول قولىغا، سول ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنى سىلىدى، يەنى قولىنىڭ دۈمبىسى ۋە يۈزىنى سىلىدى...............163

قويۇپ قويغىن، مەن ئۇ ئىككىسىنى تاھارەت بىلەن كىيگەن ئىدىم ..........................................165

ياق، بولمايدۇ، بۇ دېگەن تومۇردىن بولغان كېسەللىك، لېكىن سىز ھەر ئايدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ مىقداريدا ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ قالغان كۈنلەردە ناماز ئوقۇيسىز»دېدى ......................................................................................................166

سىلەرنىڭ بىرىڭلار قورسىقىدا بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلسا، يەل چىقىپ كەتتىمۇ ياكى چىقىپ كەتمىدىمۇ بۇنى بىلەلمىسە، يەلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ياكى پۇرىقىنى پۇرىغانغا قەدەر مەسچىتتىن چىقىپ كەتمىسۇن .........168

قاچاڭلاردىن ئىت بىر نەرسە ئىچىپ قويسا ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار ......................................169

مۇئەززىن: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە ......................................................................................................170

مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتلاردا مۇئەززىن دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىشىنى دەڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار..........172

كىمكى مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالاغا رەب جەھەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلىك جەھەتتە ۋە ئىسلامغا دىن جەھەتتە رازى بولدۇم دېسە، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ..........174

كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندىن كىيىن، ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ، ئادا قىلىنماقچى بولغان نامازنىڭ رەببى! پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋەسىلە ۋە پەزىلەتنى ئاتا قىلغىن، ئۇنى سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان مەدھىيەگە لايىق مەقام بىلەن شەرەپلەندۇرگىن دېسە، قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىشىم ۋاجىپ بولىدۇ. ..........175

نامازغا ئەزان ئوقۇلسا ئاڭلامسەن؟دېدى، ئۇ كىشى: ھەئە دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا مەسچىتكە كەلگىن دېدى ..........177

خەۋەر بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىمدىن يۇيۇنسا ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟..........178

قايسى ئىش ئاللاھ تائالاغا بەك ياخشى كۆرەلگۈچى؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى؟ دېسەم، :« ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى دېسەم، :«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ..........179

ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە تاھارەتنى كامىل ئېلىپ نامازنى خۇشۇ، تەدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلسا، چوڭ خاتالىق سادىر قىلمىغان بولسىلا، ناماز ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى كىچىك خاتالىقلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، بۇ يىل بويى شۇنداق بولىدۇ..........180

چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغاندا؛ بەش ۋاقىت نامازلار، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ ..........181

ئەۋلادلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ نامازنى ئادا قىلمىغىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا ئاساسەن ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار ..........182

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەم ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلدىم، بەندەمگە سورىغانىنى بېرىمەن..........184

ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەھدە نامازدۇر، نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ ..........186

مۇسۇلمان بىلەن شېرىك ۋە كاپىر ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك قىلىشتۇر..........187

ئى بىلال! نامازغا تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىزنى راھەتلەندۈرگىن»دېگەن ..........188

ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، نامازلىرىدا تەكبىر بىلەن قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئارىلىقىدا جىم تۇرغانلىرىدا نېمە دەيلا؟ دېسەم رەسۇلۇللاھ: ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمنى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىلىقىنى يىراق قىلغاندەك يىراق قىلغىن، ئى ئاللاھ! مېنى ئاق كىيىم كىردىن تازىلانغىندەك تازىلىغىن، ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن، دەيمەن، دېدى ..........189

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز باشلىغاندا قولىنى مۆرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرەتتى، رۇكۇغا تەكبىر ئېيتقاندا ۋە رۇكۇدىن يانغاندىمۇ شۇنداق كۆتۈرەتتى........................................190

سۈرە پاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەستۇر.......................................................191

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسچىتكە كىرگەن ئىدى، كەينىدىن بىر ئادەم كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: نامازنى قايتا ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمۇدۇڭ، دېدى. ئۇ كىشى قايتىپ بېرىپ ئاۋالقىدەكلا ناماز ئوقۇپ كېلىپ رەسۇلۇللاھقا سالام قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ: بېرىپ نامازنى قايتا ئوقۇ، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمۇدۇڭ، دېدى. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم: سىلىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى مەن بۇنىڭدىن ياخشىراق ئوقۇيالمايمەن ماڭا ئۆگىتىپ قويسىلا، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: نامازغا تۇرغىنىڭدا تەكبىر ئېيت، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغىنىنى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇغا بېرىپ رۇكۇدا تەمكىن تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس تۇرغىن، ئاندىن سەجدە قىلىپ سەجدىدە تەمكىن تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس ئۆلتۈرغىن، پۈتۈن نامىزىڭدا مۇشۇنداق قىلغىن دېدى.........................................................................................192

مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! مەن سىلەرگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئوخشايدىغان ياكى شۇنىڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە ناماز ئوقۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانغا قەدەر ئوقۇغان نامىزى مۇشۇنداق ئىدى دېدى........................................194

مەن يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم دەپ..........................................................196

سىلەر رەببىڭلارنى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك قىيامەت كۈنىدە ئوچۇق كۆرىسىلەر، رەببىڭلارنى كۆرۈشتە قىستىلىپ قالمايسىلەر..............................................................................................197

كىمكى (سالاتۇل بەردەين) يەنى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا جەننەتكە كىرىدۇ.......................198

كىمكى بامدات نامىزىنى ئادا قىلسا ئاللاھنىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ.............................................200

ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىدى......................201

نامازنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇشى كېرەك، نامازنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا كاپارىتى يوق ............................................................................................................202

مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى ئەجىر-ساۋاپنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ مەسچىتكە كېلەتتى..................203

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە.....................204

!ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا: «رەببىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، رەببىم مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دەيتتى......................................................................205

،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن ماڭا رەھمەت قىلغىن، مېنى ساق-سالامەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە رىزىق ئاتا قىلغىن........206

ناماز ئادا قىلماقچى بولساڭلار، سەپلىرىڭلارنى رۇس قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، ئۇ تەكبىر ئېيتقاندا، تەكبىر ئېيتىڭلار ..........................................................................207

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مېنىڭ ئالقىنىمنى ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قۇرئان كەرىمدىن سۈرە ئۆگەتكەندەك تەشەھھۇتنى ئۆگەتتى ........................................................212

،ئى ئاللاھ! مەن سىلىگە سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھلىق تىلەيمەن ..............................214

تاماق ھازىر بولغاندا ۋە چوڭ-كىچىك تەرەت قىستىغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ ...........................215

ئۇ ھىنزەپ دەپ ئاتىلىدىغان شەيتاندۇر، سەن بۇنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭدا، ئۇنىڭ ئازدۇرىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلىگىن، سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈفلىۋەتكىن ...............................216

كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى نامازىنى ئوغۇرلىغۇچىدۇر»، ئەبۇ ھۇرەيرە: نامىزىنى قانداق ئوغۇرلايدۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ» دېدى..........217

سىلەرنىڭ بىرىڭلار قورقمامدۇ؟! ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بىشىغا ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئايلاندۇرىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟ ........................................218

ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ياكى قۇلىقىغا شەيتان سىيىپ قويغان ئادەم ئىكەن ..........................219

كىمكى جۈمە كۈنى مۇكەممەل غۇسلى قىلىپ نامازنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا «جۈمەگە» بارسا بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، ئىككىنچى سائەتتە بارسا بىر كالا قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ..................220

ئى ئاللاھ! سەن سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى!، سالامەتلىك سېنىڭدىن بولىدۇ، سەن بەرىكەتلىك، سەن كاتتا ئۇلۇغ زاتسەن..............................................................221

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ھەر پەرز نامازدىن كېيىن بۇ كەلىمىلەرنى دەيتتى ..........................222

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ھەر پەرز نامازدىن .....................................224

مەن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامدىن ئون رەكەت نەپلە نامازنى ئېسىمدە تۇتتۇم ..........................226

سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرسە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن..................227

جۈمە كۈندە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يېنىڭدىكى ھەمراھىڭغا: جىم تۇرغىن دېسەڭ، جۈمەنىڭ پەزىلىتىنى بىكار قىلغان بولىسەن ..........................................................228

ئۆرە تۇرۇپ ئوقىغىن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ يېنى يېتىپ ئوقۇغىن.............................................................229

مېنىڭ مۇشۇ مەسچىتىمدە ئوقۇلغان بىر رەكەت ناماز ھەرەم مەسچىتىدىن باشقا مەسچىتلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازدىن ياخشىدۇر .........................................................230

كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن  بىر مەسچىت بىنا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بىنا قىلىدۇ»دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ ...............................................231

ھەققىنى ئادا قىلمايدىغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىگىسىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن لىگەنلەر ياسىلىپ، ئۇنى جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىگىسىنىڭ بىقىن، پېشانە ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ ............233

سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ، ئاللاھ بەندىسىگە ئەپۇچانلىقنى زىيادە قىلىدىكەن ئۇ كىشى ئەزىز بولىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللاھ تائالا يۇقىرى قىلىدۇ .......................... 238

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەم بالىسى! نەپىقە قىلغىن، ساڭىمۇ نەپىقە قىلىنىدۇ ........................ 239

ئىنسان ئۆز ئەھلىگە خەير-ئېھسان قىلىپ ئۇنىڭدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلسا بۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ
240..........................................................................................................................

ئالتۇننى ئالتۇنغا ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ئالماشتۇرغاندا ،نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ، بۇغداينى بۇغدايغا ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ ئارپىنى ئارپىغا ئالماشتۇرغاندا نەخمۇنەخ بولمىسا ئۆسۈم بولىدۇ ........................................... 241

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، خورما ياكى ئارپىدىن بىر سا سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلىپ بىكىتكەن «رامىزاندا دېگەندەك رىۋايەتمۇ بار» بەزى ساھابىلەر ئارپا، خورمىنىڭ ئورنىغا يېرىم سا بۇغداي بەرگەن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن مەيلى چوڭ ئادەم بولسۇن............................................................................................................................. 242

ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرنى نېمىگە ،بۇيرىغان بولسا، مۆمىنلەرنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ئى پەيغەمبەرلەر ھالال نەرسىنى يەڭلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، دېگەن ......................................................................... 243

كىمكى قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى ئۆتتۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ ...... 244

بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ۋە ساتقاندىمۇ ۋە قەرز ئادا قىلغاندىمۇ كەڭ قورساق بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن ....................................................................................................... 245

بىر كىشى ئىنسانلارغا قەرز بېرىدىغان بولۇپ، قەرز سۈيلەيدىغان ۋاقتتا خىزمەتچىلىرىگە: قىيىنچىلىق بار ،كىشى بولسا ئۆتتۈۋەتكىن، ئاللاھ تائالامۇ چوقۇم بىزدىن خاتالىقلىرىمىزنى ئۆتتۈۋېتىدۇ دېدى ........................ 246

بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھنىڭ ماللىرىنى توغرا بولمىغان يوللارغا تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدە ئۇلار دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ........................................................................................................ 247

رامىزان روزىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.................................................................................................. 248

،جەننەتتە رەييان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن روزا تۇتقانلارلا كىرىدۇ باشقىلار كىرەلمەيدۇ، روزا تۇتقۇچىلار قەيەردە؟دېيىلسە، روزا تۇتقۇچىلار ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇ ئىشىكتىن ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ، ئۇلار كىرىپ بولسا ئىشىك تاقىلىپ باشقا بىرسىگە ئېچىلمايدۇ........ 249

،قانداق بىر روزا تۇتقۇچى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ-ئىچكەن بولسا، ئۇ روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر ............................. 250

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاپات تاپقۇزغۇچە قەدەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنلىرىدە ئېتىكاپتا تۇراتتى، پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن ئاياللىرىمۇ ئېتىكاپ قىلىشتى........................ 251

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە كېچىچە ئىبادەت قىلاتتى، ئائىلىسىنى نامازغا ئويغىتاتتى ۋە ھېممەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ ئىبادەتتە تىرىشچانلىق قىلاتتى.........252

كىمكى بىر كۈن ئاللاھ يولىدا خالىس روزا تۇتسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوزاختىن 70 يىللىق مۇساپىدە يىراق قىلىدۇ..........................................................................................252

مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى ..............................................................................................253

سوھۇرلۇق يەڭلار! ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا بەرىكەت باردۇر ..........................................................254

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشتىن توسقان، رامىزان روزىسىدىن ئېغىز ئاچقان كۈندە، يەنە بىر كۈن بولسا، قۇربانلىق قىلغان گۆشنى يەيدىغان كۈندە ...........................................255

كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ..............................................................................256

ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغان كىشى ھەجگە بېرىپ قايتقىچە ناچار گەپ-سۆز ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھدىن پاك بولغان ھالەتتە قايتىدۇ .......................................257

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلبىيەدە مۇنداق دەيتى: مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ-سانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق پەقەت ساڭىلا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر..................................................................................258

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىنمۇ بەكرەك ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل يوقتۇر ...........................................................................................................259

سېنى شەكتە قويغان ئىشنى تاشلاپ، كۆڭلۈڭ ئارام تاپقان ئىشنى قىلغىن.....................................260

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكىللىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ دىلىڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ...............................................................................................261

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كۈنلەيدۇ، مۇئمىنمۇ كۈنلەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۈنلىشى بولسا، مۇئمىننىڭ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشقا يېقىنلىشىشىدىن ئىبارەتتۇر......................................................................262

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار ..................263

سىلەرگە گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ............................................................265

چوڭ گۇناھلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ھەقسىز جاننى ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم قىلىش...........................................................................................................266

قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ قان – قىساس مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ....................................268

غەيرى دىنىدىكى ئەمنلىك بېرىلگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن كىشى گەرچە جەننەتنىڭ ھېدىنى قىرىق يىللىق مۇساپىدىن پۇرىغىلى بولسىمۇ، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ھېدىنى ئالالمايدۇ ....................................269

ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ ...................................................270

كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى بولىشى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشىنى ئارزۇ قىلسا سىلە رەھىم قىلسۇن ...........271

يامانلىققا يامانلىق قىلىنسا مۇكاپات يۈزىسىدىن سىلە رەھىم قىلغۇچىلار ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ،
ھەقىقى سىلە رەھىم قىلغۇچى دېگەن: باشقا تۇغقانلىرى سىلە رەھىم قىلمىسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ
تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگۈچىدۇر ..............................................................................272

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «قېرىنداشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان سۆز بىلەن زىكىر قىلىشىڭ غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى،
...................273

ھەرقانداق مەس قىلىدىغان نەرسە ھاراقتۇر، ھەرقانداق مەس قىلىدىغان نەرسە ھارامدۇر، دۇنيادا ھاراق
ئىچىپ، تەۋبە قىلماي، داۋاملاشتۇرغانچە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئاخىرەتنىڭ شارابىنى ئىچەلمەيدۇ ........274

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام  ھۆكۈم ياكى سوت ئىشلىرىدا پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا لەنەت قىلدى........275

ھەسەد قىلىشماڭلار، يالغان خېرىدار بولىۋالماڭلار، بىربىرىڭلارنى يامان كۆرۈشمەڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار،
سودىنى بۇزۇپ بىر نەرسە ساتماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.........................276

گۇماندىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن گۇمان: سۆزنى يالغانغا چىقىرىدۇ ...................................277

سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ..................................................................................279

مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ گۇناھ-مەسىيەتنى ئاشكارا قىلغانلىرىدىن ...........................................280

ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرى، ئەجدادلىرى..........282

ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغىنى ھەقىسىز جىدەل قىلغۇچىدۇر ..............284

ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراسسا، ئۆلگۈچى ۋە قاتىل ھەر ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ .285

بىرىگە قارشى قورال كۆتۈرگەن كىشى بىزدىن ئەمەس..............................................................286

ۋاپات بولغانلارنى تىللىماڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىگە يېتىپ بولدى...287

بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنى قېرىنداشى بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ، يولدا ئۇچرىشىپ قالسا،
بىرى ئۇ تەرەپكە يەنە بىرى بۇ تەرەپكە قاراپ ئۆتۈپ كېتىشى توغرا بولمايدۇ. ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئەڭ ياخشىسى
دەسلەپتە سالام قىلغىنىدۇر....................................................................................288

ئېغىزى بىلەن ئەۋرىتىگە كېپىل بولغان كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن.........................289

ئايال ئىككى كۈنلۈك مۇساپىدىكى سەپەرگە يالغۇز چىقمىسۇن، ئېرى ياكى باشقا مەھرەملىرى بىلەن بىرگە
چىقسۇن ...................................................................................................290

«مەندىن كېيىن ئاياللاردىنمۇ بەكرەك ئەرلەرگە پىتنە بولىدىغان بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتمىدىم ..........292

ئى ياشلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى نىكاھلىنىشقا قادىر بولغانلار توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ
كۆزى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلايدۇ، كىمكى نىكاھلىنىشقا قادىر بولالمىسا روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنىڭ
ئۈچۈن قالقاندۇر ..........................................................................................293

ھەقىقەتەن دۇنيا تاتلىق ۋە يېشىللىقتۇر، ئاللاھ سىلەرنى زېمىندا ئىز باسار قىلىپ قانداق ئەمەل
قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ، دۇنيادىن ۋە ئاياللاردىن ساقلىنىڭلار، ئېھتىيات قىلىڭلار ........................294

يات ئاياللار بار يەرگە كىرىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى ئى رەسۇلۇللاھ! ئەرلەرنىڭ تۇغقانلىرىچۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبىرىمىز: ئەرلەرنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن يالغۇز قېلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭدۇر دېدى ........................................................................................... 296

نىكاھ پەقەت ۋەلىي بىلەن بولىدۇ». (ۋەلىيسىز نىكاھ باتىلدۇر) ............................................... 297

قايسى بىر ئايال دادا-ئاكىلىرىنىڭ ئىزنىسىز ئەرگە تېگىدىكەن، ئۇ ئايالنىڭ نىكاھى باتىلدۇر................ 298

ئايالنىڭ كەينى تەرىپىگە يېقىنچىلىق قىلغان ئادەم لەنەت قىلىنغۇچىدۇر.................................... 299

سىلەر ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان شەرت ئەۋرەتنى ھالال قىلغاندىكى شەرتلەردۇر....................... 300

دۇنيا مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىدۇر، دۇنيادا مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھە ئايالدۇر . 301

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دانە، (قارا- ئاق) رەڭلىك ۋە مۈڭگۈزلۈك قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى....... 302

سىلەر ھەرخىل يىپەك كىيىمنى كىيمەڭلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا سۇ ئىچمەڭلار، ئۇ ئىككىسىدىن بولغان تەخسىدە تاماق يېمەڭلار! ئۇ نەرسىلەر دۇنيادا كاپىرلارغا ئاخىرەتتە سىلەرگە مەنسۇپتۇر ....................... 303

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىچىك بالىنىڭ ياكى چوڭلارنىڭ بولسۇن بېشىنىڭ چېچىنىڭ بەزى جايلىرىنى ئالدۇرۇپ بەزى جايلىرىنى قويۇپ قويۇشتىن چەكلىگەن.............................................................. 304

بۇرۇتنى قىسقارتىپ ساقالنى تولۇق قويۇڭلار ................................................................................ 305

ئەر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن ............................................................ 306

سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاراڭلاردىكى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىڭلار ........................................ 307

مۇئمىن ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزدە روزا تۇتۇپ، كېچىدە قىيامدا تۇرغاننىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ............................................................................................................... 308

مۇئمىنلەردىن كامالى ئىمانغا ئىگە كىشىلەر ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغان كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر ................................................................ 309

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كۆپ كىرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئەمەللەردىن سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق ................... 310

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل زات ئىدى............................................ 311

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دېدى ........................................................... 312

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياغ كەيگەندە، چاچ تاراپ مايلىغاندا، تاھارەت ئالغاندا ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى.............................................................................. 313

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى ......................................... 314

ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قولى ئوڭدۇر، بەرىكەتلىكتۇر............................................................................ 315

ئۆزىڭىزگە ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، كىمكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، كىمكى كىشىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ .. 316

ئاچچىقلانمىغىن ......................................................................317
چېلىششىتا يېڭىۋالغان كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى ھەقىقى كۈچلۈك دېگەن ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىدۇر.................................................................................................318
ھايا ئىماندىن دېدى ...............................................................................319
ئىنسان ئۆزىنىڭ دىنى قېرىنداشىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن ......................................................................................................320
ھەرقانداق ياخشىلىق سەدىقەدۇر ..............................................................321
ئىنسان بەدىنىدىكى ھەر بىر ئۇگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن كۈندە سەدىقە قىلىپ تۇرىشى لازىم. ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشى سەدىقە بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئۇلىغىغا مىنىشىگە ياردەم بېرىشى ياكى ئۇلاغ ئۈستىدىكى كىشىگە نەرسىسىنى سۇنۇپ بېرىشى قاتارلىقلارمۇ سەدىقە بولىدۇ. ياخشى سۆز سەدىقە بولىدۇ ......................................................................................................322
كىمكى مۆمىندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋەتسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋىتىدۇ، كىمكى بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاسان قىلىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىپىنى ياپىدۇ ......................................................................323
ئىنسان قىيامەت كۈندە ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى نېمىگە سەرىپ قىلدى، ئۆگەنگەن ئىلمىگە قانچىلىك ئەمەل قىلدى، مال-دۇنياسىنى قەيەردىن تاپتى ۋە نېمە ئىشلارغا چىقىم قىلدى، جىسمىنى نېمە ئىشلار بىلەن خورىتتى؟ بۇنىڭدىن سورىلىدۇ؟..................................................................325
تۇل ئايال ۋە پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلار ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققان ياكى كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزدە روزا تۇتقانغا ئوخشاشتۇر ...................................326
ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن ...............327
ياخشىلىقتىن ھېچ قانداق بىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرمىگىن، گەرچە قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن بىقىش بولسىمۇ..............................................................................................328
ئىنسانلارغا رەھىم-شەپقەت قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ تائالامۇ رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ..........329
رەھىمدىل كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، زېمىن ئەھلىگە رەھمەت قىلساڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ ........................................................................330
.مۇسۇلمان دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىل ۋە قولىدىن كىلىدىغان ئەزىيەتلەردىن سالامەت قالغان كىشىدۇر مۇھاجىر دېگەن: ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر ...........................331
مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىكى ھەققى بەشتۇر، سالامغا جاۋاپ بېرىش، كېسەل بولسا يوقلاش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، چاقىرىققا ئىجابەت قىلىش ۋە چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇ لىللاھ دېسە ئۇنىڭغا يەرھەمكەللاھ دەپ جاۋاپ بېرىش ......................................................................................332

سىلەر(ھەقىقى)مۇئمىن بولمىغىچىلىك جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە ئۇنى قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشىدىغان ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۆزئارا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار ........................333

،بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرى قايسى؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: باشقىلارغا تائام بېرىشىڭىز، سىز تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشىڭىز، دەپ جاۋاب بەرگەن ........................334

كىچىكلىك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىدۇر ۋە ئاللاھ تائالاغا ياخشى كۆرەلگۈچىدۇر. ھەممىسىدە ياخشىلىق بار........................336

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دائىم ماڭا خوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىدىن ھەتتا خوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويامدىكىن دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم ........................338

كىمكى ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدۇ ........................339

سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە (كامىل) مۆمىن بولالمايدۇ........................340

ھەرقانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولىدىكەن ئۇ چىرايلىق بولىدۇ، ھەرقانداق نەرسىدە مۇلايىملىق بولمايدىكەن ئۇ قەبىھتۇر ........................341

،دىن ھەقىقەتەن ئاسان، كىم دىننى قىيىنلاشتۇرسا دىن ئۇنى مەغلۇب قىلىدۇ، توغرىلاڭلار، يېقىنلىشىڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلىنىڭلار ........................342

ئاسانلاشتۇرۇڭلار قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇشخەۋەر بېرىڭلار ئۈركىتىۋەتمەڭلار ........................343

بىز ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدۇق ئۇ كىشى:« بىز ئارتۇقچە تەكەللۇپتىن چەكلەندۇق» دېدى .....344

سىلەرنىڭ بىرىڭلار يېمەك يېسە ئوڭ قولىدا يېسۇن، ئىچىملىك ئىچسە ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، ھەقىقەتەن شەيتان سول قولىدا يەيدۇ ۋە سول قولىدا ئىچىدۇ ........................345

ئى ئوغۇل! بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن ئىلىپ يېگىن........................346

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا يېمەكلىك يەپ ياكى ئىچىملىك ئىچىپ ئۆزىگە ھەمدە ئېيتقان بەندىسىدىن ئەلۋەتتە رازى بولىدۇ........................347

،بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سول قولى بىلەن بىر نەرسە يېدى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن» دېدى، ئۇ كىشى: قادىر بولالمايمەن ياكى يېيەلمەيمەن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«قادىر بولالماسەن-يېيەلمەسەن؟ ........................348

كىمكى خام سامساق ياكى پىياز يېسە، بىزدىن يىراق تۇرسۇن ياكى مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن ۋە ئۆيىدە ئولتۇرسۇن ........................349

كىمكى تاماق يەپ بولغاندا: ماڭا تاماق بەرگەن، مېنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىمسىز بۇ تاماقلار بىلەن مېنى رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، دېسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ........................351

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ كەسكىن بۇيرىغان ئىشلارنى ئادا قىلىشىنى ياخشى كۆرگەندەك رۇخسەت قىلغان ئىشلارنى قىلىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ........................................352

ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇ كىشى ياخشىلىقتىن نىسىۋىسىنى ئالىدۇ ..............353

مۇسۇلمانغا ئېغىرچىلىق، كېسەل، غەم-قايغۇ، ئەزىيەت ياكى ھەسرەت، ھەتتا سانجىلغان تىكەنگە قەدەر زىيان يېتىپلا قالسا، ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ ........................................354

مۆمىننىڭ ئىشلىرىدىن ئەجەبلىنىمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر. بۇ ئىش مۆمىندىن باشقىغا» مەنسۇپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك يەتسە ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر .«ئۇنىڭغا بىرەر خاپىلىق يەتسە بۇنىڭغا سەبرى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر ........................355

ئىنسان سەپەر قىلسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەپەر قىلمىغان ۋە ساق ۋاقتىدا قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئوخشىشىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ ........................................356

ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇ كىشىنى دىنى ئەھكاملارنى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ............357

ئىلمنى ئۆلىمالار بىلەن بەسلىشىش ۋە پەخىر قىلىش، نادانلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ........................358

سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر ........................359

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئون ئايەت ئۆگەنسە مۇشۇ ئون ئايەتنى ياد قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلمنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە يەنە بىر ئون ئايەتنى ئۆگىنىشكە ئۆتمەيتتى ........................360

كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بولىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىگە كۆپەيتىلىدۇ........................................................................361

قۇرئان ياد قىلغۇچى ئۈچۈن: ئوقۇغىن، يۇقىرى ئۆرلىگىن، دۇنيادا قۇرئان كەرىمنى تەرتىل بىلەن تىلاۋەت قىلغاندەك تىلاۋەت قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ ئورنۇڭ سەن تىلاۋەت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتكىچە بولىدۇ، دېيىلىدۇ ........................................................362

سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئائىلىسىگە قايتقاندا ئائىلىسىدە سېمىز ھامىلدار ئۈچ تۆگە بولۇشىنى ياقتۇرامدۇ؟ ........363

قۇرئان كەرىمنى تەكرار قىلىپ تۇرۇڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسان قەلبىدىن قېچىشى باغلاقتىن قاچقان تۆگىنىڭ قېچىشىدىنمۇ تېزدۇر .364

ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيدىن ئۈركۈپ قاچىدۇ........................................................................365

ئى مۇنزىرنىڭ ئاتىسى! ئاللاھنىڭ كىتابىدىن سەن بىلەن بولغان ئەڭ كاتتا ئايەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟دېدى، مەن: بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھنىڭ ھاياتلىقى ئەبەدىيدۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر»دېدىم. [سۈرە بەقەرە 255-ئايەت]. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مېنىڭ مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ :«ئاللاھ بىلەن قەسەم! ئى ئابا مۇنزىر! ئىلىم ساڭا ئاسان بوپتۇ» دېدى ........................366

كىمكى كېچىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئىككى ئايەتنى ئوقۇسا بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا كۇپايە قىلىدۇ ........................................................................367

كىمكى سۈرە كەھپنىڭ بېشىدىن ئون ئايەت ياد ئالسا دەججالدىن ساقلىنىدۇ ........................368

دۇئا ئىبادەتتۇر ........................................................................................ 369

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلاتتى ...................................... 370

ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا دۇئادىنمۇ ئېسىل بىر نەرسە يوق .................................................. 371

ئى قەلبلەرنى ئۆزگەركۈچى زات! مېنىڭ قەلبىمنى ئۆزەڭنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن ................... 372

ئى ئاللاھ بارلىق ئىشلىرىمنىڭ تۇتقىسى بولغان دىنىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، ياشاش ئاساسىم بولغان دۇنيارىمنى
ياخشىلاپ بەرگىن، قايتىدىغان جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، بارلىق ياخشىلىقتا ماڭا ھاياتلىقنى
زىيادە قىلىپ بەرگىن، بارلىق يامانلىقتىن ماڭا ئۆلۈمنى راھەت قىلىپ بەرگىن.............................. 373

ئى ئاللاھ، دىنىم ۋە دۇنيالىقىمدا، ئائىلەم ۋە مال-مۈلكۈمدە سالامەتلىك تىلەيمەن، نوقسانلىرىمنى ياپقىن،
قورقۇنچلىرىمدىن خاتىرجەم قىلغىن، مېنى ئالدى-ئارقامدىن، ئوڭ-سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستۈمدىن قوغدىغىن،
بۈيۈكلۈكۈڭ بىلەن ماڭا ئاستى تەرىپىمدىن سۈيىقەست قىلىنىشتىن پاناھ تىلەيمەن........................... 374

كىيىم تولا كېيىش بىلەن كونىرىغاندەك سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئىمانمۇ كونىرايدۇ، ئاللاھ تائالادىن
دىلىڭلاردىكى ئىماننى يېڭىلاپ بېرىشنى سوراڭلار ......................................................... 375

بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر، سەجدىدە دۇئانى كۆپ
قىلىڭلار ................................................................................................. 376

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئەي ئاللاھ! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا
قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.................................................................. 377

مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى ۋە رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكراقىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ............... 378

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى ياتىدىغان ئورنىغا كەلگەندە، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا سۈپلەپ
ئىخلاس سۈرىسى، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل پەلەق، قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىن ناس ..................................... 379

ئىستىغپارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ............................................................................. 380

بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە: "نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن زېمىندا ۋە ئاسماندا ھېچ شەيئى زىيان
يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ
تۇرغۇچىدۇر"،- دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دېسە، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ................ 382

ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئىخلاس سۈرىسى ۋە مۇئەۋۋەزەتەيىنى ئوقۇساڭ، بۇ سېنىڭ ھەممە
ئىشلىرىڭغا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى..................................................................... 383

ئى ئاللاھ، رازىلىقىڭ بىلەن غەزىپىڭدىن، سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭ بىلەن ئازابىڭدىن ساقلاپ قىلىشىڭنى
سورايمەن ۋە سەندىن ئۆزۈڭ بىلەن پاناھلىنىمەن، سېنى قانچىلىك مەدھىيىلىسەممۇ سەن ئۆزۈڭنى
مەدھىيىلىگەندەك مەدھىيىلىيەلمەيمەن ................................................................ 384

ئاللاھقا ياقتۇرۇلىدىغان سۆزلەر تۆتتۇر: سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ
ئەكبەر، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسىسى بىلەن باشلىسىڭىز خاتا بولمايدۇ ............................................ 385

كىمكى ئون قېتىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق،
ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېگەن سۆزنى ئون قېتىم دېسە ...... 386

ئېيتىشتا تىلغا يەڭگىل، مىيزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆلچەيدىغان تارازا) دا ئېغىر، ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىككى سۆز بار ........................................................................................387

كىمكى كۈنىگە يۈز قېتىم: (سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى) يەنى ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن ئۇنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن دېسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپىكىدەك كۆپ بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ ........................................................................................388

پاكلىق ئىماننىڭ بىر قىسمىدۇر، ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى توشقۇزىدۇ، سۇبھانە ئاللاھ ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ بۇ ئىككى كەلىمە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى توشقۇزىدۇ ........................389

ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر دېيىش، مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكراقتۇر ....................391

زىكىرنىڭ ئەۋزىلى: لائىلاھە ئىللەللاھۇ، دۇئانىڭ ئەۋزىلى: ئەلھەمدۇ لىللاھ ..............................392

كىمكى سەپەردە بىر ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن :«ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل كەلىمىسى بىلەن ئاللاھقا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇ كىشى چۈشكەن ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىپ بولغىچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ..........................................................393

سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە كىرگەندە: ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئېچىۋەتكىن دېسۇن، مەسچىتتىن چىقىدىغان ۋاقىتتا: ئى ئاللاھ! مەن سەندىن پەزلى-رەھمىتىڭنى سورايمەن دېسۇن.............394

ئىنسان ئۆيىگە كىرگەندە، ئۆيىگە كىرىدىغان ۋە يېمەك يەيدىغان ۋاقىتتا ئاللاھنى زىكىر قىلسا، شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە: بۇ ئۆيدە سىلەرگە قونالغۇ يوق، كەچلىك يېمەكمۇ يوق ....................................395

## قىسقىچە ئىنىقلىما

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بولسا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ» «پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ».

[سۈرە نەجم 3-4-ئايەتلەر].

ھەدىس ئىنىسكلوپېدىيەسىدىن تاللانغان بۇ ھەدىسلەر توپلىمى مۇسۇلمانلىنىڭ دىنى ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان ھەدىسلەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەدىس توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش، مەنىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىش، ، ئەھمىيىتى ۋە پايدىلىرىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنى دۇنيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ھەر قايسى تىللاردا يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

Ug380